# شنجاڭ ئجتمائى پەنلەر تەتقاتى

# 新疆社会科学

3—85





ئۈرۈمچىدىكى زامانىۋى ئۇيغۇر مىللىي [illegible] تاشقى كۆرۈنۈشى

## مۇندەرىجە


مىللەت تەتقىقاتى خىزمىتىنىڭ ئۆتمۈشى ۋە ئۇنىڭ كەلگۈسىگە نەزەر ........................................ گوڭ يۇڭخۇا لى زې 1
ئېزىز يۈسۈپ تەرجىمىسى

شىنجاڭنىڭ مىللى ئەدەبىيات تەتقىقاتىغا ئومۇمى نەزەر ............ لىۇ بىڭ 21
جۇمەخۇن تەرجىمىسى

باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزىنىڭ يېتىشمەسلىكىنى تولۇقلاش يولىدا ........................................ لياڭ گويىڭ 39
ئابلەت نۇردۇن تەرجىمىسى

ئېچىۋېتىش، جانلاندۇرۇش ........................................ لى شۈپىڭ 40
ئابلەت نۇردۇن تەرجىمىسى

ئۇيغۇر خاندانلىقى ھەققىدە ........................................ لىۇ جىشياۋ 43

كىدانلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ۋە ئۇلار قۇرغان خانلىقلار توغرىسىدا. ........................................ ئابلەت نۇردۇن 68

ئاپپاق خوجا مازىرى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى توغرىسىدا ........................................ مۇھەممەد سالىھ 82

ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخى توغرىسىدا ........................ غەيرەتجان ئوسمان 94

ئاتاقلىق ئالىم مەھمۇت قەشقەرى ۋە مىللەتشۇناسلىق توغرىسىدا ........................................ ئابدۇرېھىم ھەبىبۇللا 109

ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇت قەشقىرىنىڭ نادىر ئەسىرى «تۈركى تىللار دىۋانى» ............................ تاھىر جان مۇھەممەت 124

شىلىڭ شىمەيىنىڭ جياڭ جېيشىغا بېقىنىشىدىكى ئىچكى سىر ...... جىڭ مىڭ 129
ئېزىز يۈسۈپ تەرجىمىسى

ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمقى ئەسەر ۋە مەدەنى مىراسلىرىنى يىغىش، رەتلەش، نەشر قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ۋەتىنىمىزنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلايلى ......... ھاجى نۇراھاجى 156

جۇڭگو قازاق ئەدەبىياتى تارىخىنى يېزىش توغرىسىدا مۇلا ھىزە بولانتاي دوسجانىن ........................................ 164
ئىمىنجان ئەخمىدى تەرجىمىسى

# مىللەت تەتقىقاتى خىزمىتىنىڭ ئۆتمۈشى ۋە ئۇنىڭ كەلگۈسىگە نەزەر

## — شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن

گويۈنخۇا لى زې

يېڭى جۇڭگو ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئىلگىرى - كېيىن قۇرۇلغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ مىللەت تەتقىقاتى خىزمىتىدە، مەيلى كەڭلىك ياكى چوڭقۇرلۇق جەھەتتىن بولسۇن، مىسلىسىز يۈكسىلىش بولدى. ئۆتمۈشنى ئەسلەپ، نەتىجە ۋە تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلەش بۈگۈندىن كېيىنكى مىللەت تەتقىقاتى خىزمىتىنى ياخشىلاش ۋە كۈچەيتىشتە ئىنتايىن زۆرۈر.

شىنجاڭ قەدىمدىن تارتىپلا ئېلىمىزنىڭ كۆپ مىللەتلىك رايونى بولۇپ، ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيان بۇ يەردە ئولتۇراقلاشقان 13 مىللەت تارىختا ۋەتىنىمىزنىڭ چېگرا زېمىنىنى ئېچىش ۋە قوغداشتا، ۋەتىنىمىزنىڭ پارلاق مەدەنىيىتىنى گۈللەندۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتا، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئالغا سۈرۈشتە ئۆزلىرىنىڭ كۆرۈنەرلىك تۆھپىلىرىنى قوشقان. ئازاتلىقتىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، كۆپ قېتىملىق زور ئىجتىمائىي ئىسلاھاتلار ئارقىلىق، ھەممە مىللەت راۋاجلىنىپ سوتسىيالىستىك مىللەتكە ئايلاندى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق ۋە ھەمكارلىق ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەت شەكىللەندى. تىرىشچان ۋە ئەقىل - پاراسەتلىك ھەر مىللەت خەلقى جەمئىيەتنىڭ ھەقىقىي خوجايىنىغا ئايلىنىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلىشتا يېڭى تۆھپىلەرنى قوشماقتا. شۇڭا، شىنجاڭنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىدە، مەيلى ئۆتمۈشتە، ھازىرقى كۈندە ۋە كەلگۈسىدە بولسۇن، مىللەت تەتقىقاتى خىزمىتى ئىنتايىن مول مەزمۇن ۋە ئىنتايىن مۇھىم ئورۇنغا ئىگە. بۇ ماقالىمىزدا پەقەت ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 30 يىلدىن بۇيانقى مىللەت نەزەرىيىسى ۋە مىللىي سىياسەت، مىللەتشۇناسلىق، مىل-

لەتلەر تارىخىدىن ئىبارەت 3 جەھەتتىكى تەتقىقات خىزمىتىنىڭ ئۆتمۈشىنى ئەسلەپ كەلگۈسىگە نەزەر سېلىپ ئۆتمەكچىمىز.

## 1

## مىللەت نەزەرىيىسى ۋە مىللىي سىياسەت جەھەتتىكى تەتقىقات

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىللەت نەزەرىيىسى ۋە مىللىي سىياسەت جەھەتتىكى تەتقىقات خىزمىتى ئالىي مەكتەپلەردە ماركسىزم-لېنىنىزملىق مىللەت نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى دەرسى تەسىس قىلىنىش بىلەن باشلانغان. 50-يىللاردا شىنجاڭ داشۆنىڭ ھەرقايسى فاكۇلتېتلىرىدا بۇ دەرس ئومۇمىي يۈزلۈك تەسىس قىلىندى، 1962-يىلى بۇ دەرس سىياسىي فاكۇلتېتنىڭ ئاساسىي دەرسى قىلىنىپ، دەرس سائىتى كۆپەيتىلىپ، سىستېمىلىق ئۆتۈلىدىغان بولدى. ئوقۇتۇش ئېھتىياجىنى قامداش ئۈچۈن، مەزكۇر مەكتەپنىڭ ماركسىزم-لېنىنىزم كافېدراسىدىكى مۇناسىۋەتلىك مۇئەللىملەر بۇ دەرسنىڭ ئوقۇتۇش پروگراممىسىنى تۈزۈپ چىقتى، يەنە ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىن ۋە يولداش ماۋزېدۇڭ، جۇئېنلەيلەرنىڭ مىللىي مەسىلە ھەققىدىكى بايانلىرى، نۇتۇقلىرى، دوكلاتلىرى قاتارلىق كىلاسسىك ئەسەرلەردىن تاللاپ 400 مىڭ خەتلىك بىر يۈرۈش توپلام ۋە قوشۇمچە ماتېرىيالى تۈزۈپ كىتابچە قىلىپ مەتبەدە باستۇردى. شىنجاڭ داشۆدىن يولداش جاڭ دۇڭيۆ يەنە «ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى» دېگەن تېمىدا ئىلمىي ماقالا يېزىپ چىقتى. بۇلار ئەينى چاغدىكى ئوقۇتۇش ئىشلىرىدا ئوبدان رول ئوينىدى.

1966-يىلدىن ئىلگىرى، شىنجاڭ گېزىتىدە مىللەت نەزەرىيىسى ۋە مىللىي سىياسەتكە دائىر مەخسۇس تېمىلار بويىچە كۆپلىگەن ئىلمىي ماقالا، ئاممىباپ لېكسىيە ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا دائىر ماقالىلار ئېلان قىلىندى. بۇ ماقالىلاردا ئەينى چاغدا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە ئىشلەۋاتقان يولداشلارنىڭ مىللەت نەزەرىيىسى ۋە مىللىي سىياسەت جەھەتتىكى تەتقىقات خىزمىتىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى بىر قەدەر تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، مىللەت تەتقىقاتى خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئاكتىپ رول ئوينىغان ئىدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى» جەريانىدا، مىللەت نەزەرىيىسى «چەكلەنگەن رايون» قىلىپ قويۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ماركسىزم-لېنىنىزملىق مىللەت نەزەرىيىسىگە سادىق بولغان ئىلمىي تەتقىقات خادىملىرى ئىنتايىن قىيىن شارائىت ئىچىدە، مىللەت تەتقىقاتى خىزمىتى ئۈچۈن كۈچىنىڭ يېتىشىچە بەزى ئاساسىي قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى داۋاملىق ئىشلەپ تۇردى. 1972-يىلى، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەت تەتقىقات ئىنستىتۇتىدىكى بىر تۈركۈم تەتقىقات خادىملىرى ماركسىزم-لېنىنىزم كلاسسىك ئەسەرلىرىدىن مىللى مەسىلىگە دائىر بايانلارنى بىر قەدەر سىستېمىلىق تۈردە 550 مىڭ خەتلىك ئۈزۈندە قىلىپ تۈزۈپ چىقىپ، مىللى مەسىلە، مىللى ئازاتلىق ھەركەت، مىللەت ۋە دىن قاتارلىق بىر نەچچە قىسىمغا ئايرىپ، ئىچكى قىسىمدا پايدىلىنىش ماتېرىيالى سۈپىتىدە شاپىگراپتا بېسىپ، كىتاب قىلىپ تۈپلەپ، رايونىمىزنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى مۇشۇ ساھەدە ئىشلەۋاتقان يولداشلار ئۈچۈن ئوڭايلىق شارائىت يارىتىپ بەردى.

1978-يىلى پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، مەملىكىتىمىز ۋە ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە چوڭ ياخشى ۋەزىيەتنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئەگىشىپ، رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك كادىرلار ۋە ئامما ماركسىزم-لېنىنىزملىق مىللەت نەزەرىيىسىنى ئىگىلەش ۋە پارتىيىنىڭ مىللى سىياسىتىنى چۈشىنىشنىڭ تەخىرسىزلىكى ۋە مۇھىملىقىنى بارغانسېرى ھېس قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، 1979-يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ھەر قايسى ئالىي مەكتەپلەردە مىللەت نەزەرىيىسى ۋە مىللى سىياسەت دەرسلىكى ئومۇمىي يۈزلۈك ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، ياكى يېڭىدىن كىرگۈزۈلۈپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇشى زۆرۈر بولغان دەرسلەرنىڭ بىرسى قىلىندى. 1980-يىلى، مىللەت تەتقىقات ئىنستىتۇتىدا مىللەت نەزەرىيىسى ۋە مىللى سىياسەت تەتقىقات ئىشخانىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. ئوقۇتۇش ۋە تەشۋىقات خىزمىتىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، 1982-يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ غەمخورلۇقىدا، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى بىر قىسىم ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، «ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ مىللى سىياسىتى» دېگەن سەرلەۋھىدە بىر تۇتاش دەرسلىك تۈزۈپ چىقتى. بۇ دەرسلىك ماركسىزم-لېنىنىزملىق مىللەت قارىشىنى يېتەكچى قىلىپ، رايونىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ يېزىپ چىقىلغان. بۇ، رايونىمىزنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا ئېلىپ بېرىلغان مىللى مەسىلىگە دائىر ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرى كىرگۈزۈلگەن بىر قەدەر ياخشى دەرسلىك بولۇپ، ھەر قايسى ئالىي مەكتەپلەر ئۇنى ئومۇمىي يۈزلۈك قوللانماقتا.

1982 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1983 - يىلىنىڭ كۈز پەسلىگىچە، شىنجاڭ داشۆنىڭ سىياسى فاكۇلتېتى مىللەت نەزەرىيىسى ۋە مىللى سىياسەت ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيلەش ئۈچۈن بىر قارار بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسى ئاچتى، كۇرستا بىر مىللى سىنىپ، بىر خەنزۇ سىنىپ بولۇپ، ھەر بىر سىنىپتا 30 دىن ئوقۇغۇچى ئوقۇدى. بۇ بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسى ئاپتونوم رايونىمىز ئۈچۈن بىر قىسىم ئوقۇتۇش ۋە ئىلمىي تەتقىقات تايانچىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ بېرىش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى پۈتۈن مەملىكىتىمىز دائىرىسىدىمۇ ئاكتىپ تەسىر قوزغىدى.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمى يىغىنىدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىللەت نەزەرىيىسى جەھەتتىكى تەتقىقات خىزمىتىدە مىسلىسىز تەرەققىيات بارلىققا كېلىپ، ناھايىتى زور نەتىجىلەر ھاسىل قىلىندى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى نەزەرىيە خىزمەتچىلىرى رايونىمىزنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئوچۇق ياكى ئىچكى ژۇرناللاردا مىللەت نەزەرىيىسى، مىللى سىياسەت، مىللەتلەر مۇناسىۋىتى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى قاتارلىق جەھەتلەرگە دائىر نۇرغۇنلىغان ئىلمىي ماقالىلارنى ئېلان قىلدى. بۇلاردىن «پارتىيىنىڭ مىللى سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتەيلى»، «ماركسىزىملىق مىللەت قارىشى ۋە ئېلىمىزدىكى سوتسىيالىستىك مىللى مۇناسىۋەت»، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش — بارلىق خىزمەتلىرىمىزنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئاساسىي كاپالىتى»، «پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىنى توغرا تونۇش ۋە ئەتراپلىق ئىزچىللاشتۇرۇش كېرەك»، «سوتسىيالىستىك مىللى مۇناسىۋەت توغرىسىدا»، «پارتىيىمىزنىڭ مىللى مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى ماركسىزىم - لېنىنىزىملىق لۇشيەنىنى ئېغىشماستىن ئىزچىل ئىجرا قىلىش لازىم»، «مىللەتلەرنى ئورتاق گۈللەندۈرۈش — سوتسىيالىزىمنىڭ مىللى سىياسەت جەھەتتىكى تۈپ مەيدانى»، «ماركسىزىملىق مىللەت قارىشىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشى»، «مىللەتنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى نەزەرىيە مەسىلىسىنى تەتقىق قىلىشنىڭ قىممىتى» قاتارلىق ماقالىلار ئىلمىي تەتقىقاتتىن ھاسىل قىلىنغان بىر تۈركۈم يېڭى نەتىجە ھېساپلىنىدۇ. بۇ ماقالىلارنىڭ ئاساسلىرى ئېنىق بولۇپ، مۇئەييەن ئىلمىي نۇقتىئىنەزىرى روشەن، ئوتتۇرىغا قويغان ئاساسلىرى ئېنىق بولۇپ، مۇئەييەن ئىلمىي سەۋىيىگە ئىگە بولغاچقا، رايونىمىزدىكى مىللى خىزمەت، مىللەت نەزەرىيىسى ۋە مىللى سىياسەت تەتقىقاتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مەلۇم رول ئوينىدى.

يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مىللەت نەزەرىيىسى بىلەن شۇغۇللانغۇچى بىر مۇنچە خادىملار مىللى تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە-

نىڭ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇش خىزمىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، مىللىي تېرىتورىيىلىك ئاپتونومىيىگە دائىر قانۇن چىقىرىش ئۈستىدە نەزەرىيە جەھەتتىن مۇھاكىمە ۋە تەتقىقاتلار ئېلىپ باردى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مىللەتلەر كومىتېتى بىر تۈركۈم خادىملارنى رايونىمىزنىڭ مىللىي ئاپتونومىيە نىزامى لايىھەسىنى يېزىپ چىقىشقا ئۇيۇشتۇردى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، گېزىت-ژۇرناللاردىمۇ شۇنىڭغا دائىر ئىلمىي ماقالىلار ئېلان قىلىندى، مەسىلەن، «مىللىي تېرىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ ئۇلۇغ تارىخىي ئەھمىيىتى»، «مىللىي تېرىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىغا دائىر بىر قانچە مەسىلە»، «مىللىي تېرىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ خاراكتېرى ۋە ۋەزىپىسى» قاتارلىقلار. مەخسۇس تېمىدىكى بۇ ئىلمىي ماقالىلار مىللىي تېرىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى تەشۋىق قىلىش ۋە ئاپتونومىيە نىزامى لايىھەسىنى تەييارلاش خىزمىتىگە ماسلىشىپلا قالماستىن، بەلكى پارتىيىمىزنىڭ ماركسىزم-لېنىنىزمنىڭ مىللىي مەسىلىگە دائىر ئاساسىي نەزەرىيىسىنى جۇڭگودىكى مىللەتلەرنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرگەن سىياسەتلىرىنىمۇ تەشۋىق قىلدى.

بۇ مەزگىلدە، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىكى تەتقىقات خادىملىرى تەرىپىدىن شىنجاڭ خەلق رادىيو ئىستانسىسى ۋە «شىنجاڭ گېزىتى» گە «ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىگە دائىر سوئال جاۋابلار» دېگەن تېمىدىكى بىر يۈرۈش ماقالا يېزىلىپ، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە، قازاقچە، موڭغۇلچە تىللاردا رادىيودا ئوقۇلدى، خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە يېزىقتا گېزىتتە ئېلان قىلىندى. بۇ ئاممىباب تەشۋىقات ئەسەرلىرى كەڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

1984-يىلى 12-ئاينىڭ 10-كۈنىدىن 14-كۈنىگىچە، ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئاپتونوم رايونلۇق مىللەت تەتقىقاتى ئىلمىي جەمئىيىتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق مىللىي تېرىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى تەتقىق قىلىش جەمئىيىتىنى تەسىس قىلىش يىغىنى ھەمدە تۇنجى قېتىملىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. ئالدىنقىسى ئاپتونوم رايونىمىز تارىخىدا مىللەتنى تەتقىقاتى بويىچە تۇنجى قېتىم قۇرۇلغان ئۈنۈپېرسال خاراكتېرلىق ئاممىۋى ئىلمىي تەشكىلات، كېيىنكىسى بولسا مەملىكىتىمىزدە مىللىي تېرىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى تەتقىق قىلىش بويىچە تۇنجى قېتىم قۇرۇلغان ئاممىۋى ئىلمىي تەشكىلات. بۇ تەشكىلاتلار ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 30 نەچچە يىلدىن بۇيانقى مىللەت تەتقىقاتى خىزمىتى تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر مەھسۇلى بولۇپ، يىغىنغا تەتقىقات، ئوقۇتۇش، مىللىي خىزمەت، قانۇن خىزمىتى بىلەن

شۇغۇللانغۇچى خادىملاردىن 150 نەچچە كىشى قاتناشتى، يىغىنغا 53 پارچە ئىلمىي ماقالا تاپشۇرۇلدى. يىغىندا مىللەت نەزەرىيىسى، مىللى سىياسەت، مىللى تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى ۋە مىللەتلەر مۇناسىۋىتى قاتارلىق جەھەتلەرگە دائىر نەزەرىيە مەسىلىرى ۋە ئەمەلىي مەسىلىلەر ئۈستىدە تەتقىق ۋە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى. بۇ يىغىن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىللەت تەتقىقاتى جەھەتتىكى كۈچىنى كۆزدىن كەچۈرۈش ۋە سەپەرۋەر قىلىش يىغىنى بولدى. خۇددى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم شۇجىسى يولداش تۆمۈر داۋامەت يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا سۆزلىگەن سۆزىدە كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك، بۇ ئىككى ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ تەسىس قىلىنىشى بىلەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بۇندىن كېيىنكى مىللەت تەتقىقاتى ۋە مىللى قانۇن چىقىرىش خىزمىتى چوقۇم ئالغا سۈرۈلىدۇ.

## مىللەتشۇناسلىق جەھەتتىكى تەتقىقات

شىنجاڭ تېچلىق بىلەن ئازات بولغاندىن كېيىن، پارتىيىمىز شىنجاڭ رايونىدىكى مىللەت تەتقىقاتى خىزمىتىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭ شۆبە بيۇروسى تەشۋىقات بۆلۈمىدە تەتقىقات ئىشخانىسى قۇرۇپ، بىر تۈركۈم ئىختىساسلىق زىيالىلارنى يىغىپ، شىنجاڭ رايونىدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى، ئىجتىمائى، سىياسى، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئەھۋاللىرى ئۈستىدە سىستېمىلىق، كەڭ ھەم چوڭقۇر ئىجتىمائى تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقات ئېلىپ باردى. 1951-يىلى، تەتقىقات ئىشخانىسىدىكى يولداشلار شۇ چاغدىكى شىنجاڭ شۆبە بيۇرو تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى يولداش دېڭ لىچۈننىڭ رەھبەرلىكىدە، ئالدى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىلىرىدا 8 ئاي تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. ئۇلار جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ 4 ۋىلايىتىدىكى 12 ناھىيىگە بېرىپ، 13 يېزىنى تىپىك ھالدا تەكشۈردى ۋە نۇسخا تاللاپ تەكشۈردى. بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشنىڭ مەقسىدى ئازاتلىقتىن ئىلگىرىكى جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىلىرىنىڭ ئىجتىمائى-ئىقتىسادىي ئەھۋالى ۋە سىنىپىي مۇناسىۋىتىنى بىلىپ چىقىش ھەمدە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ تەكشى بولماسلىق ھادىسىلىرى ئۈستىدە سېلىشتۇرما تەھلىل يۈرگۈزۈپ، جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىلىرىدىكى فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى سىنىپلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇلارنىڭ تەرەققىيات ئىزلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش ۋە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش، شۇ ئارقىلىق شىنجاڭ رايونىنىڭ

يېزىلىرىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان دېموكراتىك ئىسلاھاتنىڭ سىياسەتلىرىنى بەلگىلەش
ئۈچۈن ئوبيېكتىپ ئاساس ھازىرلاش ئىدى. بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش نەتىجە
سىدە، كۆزلەنگەن بۇ مۇھىم مەقسەت ئەمەلگە ئاشتى، شۇنداقلا بۇ تەكشۈرۈش
مىللەتشۇناسلىقنى ئىنقىلاپ ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ رېيال ئېھتىياجى ئۈچۈن
بىۋاستە خىزمەت قىلدۇرۇشنىڭ مۇھىم ئەمەلىيىتى بولۇپ قالدى، ئۇنىڭدىن ھاسىل
قىلىنغان نەتىجىلەرمۇ مول بولدى. مەسىلەن، ئەمەلىي ئىشلىتىش قىممىتىگە ۋە
ئىلمىي قىممەتكە ئىگە بىر تۈركۈم تەكشۈرۈش ماتېرىيالى يېزىپ چىقىلدى، ئۇنىڭ
ئىچىدە تىپىك يېزىلارنى تەكشۈرۈش دوكلادى 12 پارچە، مەخسۇس تېمىلار بويىچە
ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈش دوكلادى 13 پارچە. بۇ تەكشۈرۈش دوكلاتلىرى ئازاتـ
لىقتىن ئىلگىرىكى جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىلىرىنىڭ سىياسى تۈزۈمى، ئىقتىسادىي قۇرۇلـ
مىسى، سىنىپىي مۇناسىۋەتلىرى، سۇ ئىشلىرى، قول ھۈنەرۋەنچىلىكى، بازارلىرى،
يېزىلارنىڭ چارۋىچىلىقى، مائارىپ ئىشلىرى قاتارلىق جەھەتلەردىكى مەزمۇنلارنى
ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يولداش دېڭ لىچۈن بىلەن يولداش گۇباۋ يازغان «جەنۇبىي
شىنجاڭدىكى ۋەخپە يەرلەر» دېگەن ماقالىدا، كۆپلىگەن تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرى
ئاساس قىلىنىپ، شۇ چاغدىكى جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىلىرىدا ئومۇمىي يۈزلۈك مەۋجۇت
بولۇپ تۇرغان ۋەخپە يەرلەرنىڭ كېلىش مەنبەسى، تۈرلىرى ئىگىدارلىق ھوقۇقى
ۋە تەسەررۇپ قىلىنىشى ھەمدە بۇ يەرلەرنىڭ تارىخىي ئۆزگىرىش ئەھۋالى ۋە ئۇ
ۋەكىللىك قىلغان تۈرلۈك سىنىپىي مۇناسىۋەتلەر ماركسىزمنىڭ تارىخىي ماتېرىيالـ
ىزملىق نۇقتىنەزىرى بويىچە بايان قىلىنغان، شۇنداقلا ۋەخپە يەر تۈزۈمىنىڭ
يېزىلاردىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا قانداق توسقۇنلۇق قىلغانـ
لىقى قاتارلىق مەسىلىلەر ئېچىپ بېرىلگەن. يولداش گۇباۋ «جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىـ
لىرىدىكى ئىقتىسادىي قۇرۇلما ۋە سىنىپىي مۇناسىۋەت» دېگەن ماقالىسىدا، يۇقۇرقى
12 يېزىنىڭ تىپىك تەكشۈرۈش ماتېرىيالىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تەھلىل قىلىپ، جەنۇبىي
شىنجاڭ يېزىلىرىدىكى فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ بىر نەچچە خىل فورماتسىيىسى ۋە
ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكىنى، ھەر قايسى ئىقتىسادىي فورماتسىيىنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيە
مۇناسىۋىتى ۋە سىنىپىي زۇلۇمنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئېچىپ كۆرسەتكەن. مەخـ
سۇس تېمىدىكى بۇ ئىككى دوكلات ئەينى چاغدا دېموكراتىك ئىسلاھات سىياسە-
تىنى بەلگىلەشتە ئېگىشلىك رول ئويناپلا قالماستىن، بەلكى بۈگۈنكى كۈندىمۇ يەنىلا
ئىلمىي قىممەتكە ۋە تارىخىي ماتېرىيال قىممىتىگە ئىگە بولۇپ كەلمەكتە. بۇ بىر تۈركۈم
تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرى «جەنۇبىي شىنجاڭ يېزا جەمئىيىتى» دېگەن نام بىلەن

تۇپلام قىلىنىپ، 1953 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، 1979 - يىلى ئۇ كىتاپنى يەنە ئاپتونوم رايونلۇق مىللى ئىشلار كومىتېتىنىڭ «بەش خىل كىتاپ» ئىشخانىسى «جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ جەمئىيەت تارىخىنى تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرى توپلىمى» نىڭ 1 - سى قىلىپ، قايتا تەھرىرلەپ نەشر قىلدى.

يېقىنقى يىللاردا ئىجتىمائى تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىمۇ ئىجتىمائى تەكشۈرۈش باشلاندى. 50 - يىللارنىڭ باشلىرىدا، جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ شۆبە بيۇروسىنىڭ تەتقىقات ئىشخانىسى ئۇيۇشتۇرغان جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭنىڭ چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئىجتىمائى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىلىرى چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائى ئەھۋالى ھەمدە قازاق، موڭغۇل مىللەتلىرىنىڭ قەبىلە تەشكىلى قاتارلىق جەھەتلەرگە دائىر 24 پارچە تەكشۈرۈش دوكلادى يېزىپ چىقتى. بۇ تەكشۈرۈش دوكلاتلىرىدا ئەينى چاغدىكى چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ جەمئىيەت تارىخى، چارۋىچىلىق ئىقتىسادى ئەھۋالى ھەمدە كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائى تەشكىلى ئەھۋالى خاتىرىلەنگەن ۋە بايان قىلىنغان بولۇپ، ئۇلار مەلۇم ئىلمىي قىممەتكە ئىگە. 1981 - يىلى شىنجاڭ ئىجتىمائى پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئىقتىسات تەتقىقات ئىنستىتۇتى ئىچكى ماتېرىيال قىلىپ مەتبەدە باستۇرغان «شىنجاڭ چارۋىچىلىق رايونلىرى جەمئىيىتى» دېگەن كىتاپ ئەنە شۇ تەكشۈرۈش دوكلاتلىرىنىڭ مەركەزلىك ئىنكاسى.

ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى تۈرلۈك ئىشلارنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، دۆلەت مىللى ئىشلار كومىتېتى 1956 - يىلى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە دائىر «ئۈچ يۈرۈش كىتاپ» يېزىپ چىقىش ۋەزىپىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە ئاز سانلىق مىللەتلەر بىر قەدەر مەركەزلەشكەن ئۆلكە، رايونلاردا «ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ جەمئىيەت تارىخىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى» دىن 8 نى تەسىس قىلدى. بۇ تەكشۈرۈش گۇرۇپپىلىرىنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىسى: پۈتۈن مەملىكەتمىز ئازات بولۇش ھارپىسىدا ھەر قايسى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا تېخى قالدۇق سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان باشلانغۇچ جەمئىيەت، قۇللۇق جەمئىيەت، فېئوداللىق جۇاڭيۈەن (جاگىرى) نى ئاساس قىلغان قۇللۇق تۈزۈمىدىكى جەمئىيەتتىن ئىبارەت ئۈچ خىل ئىجتىمائى فورماتسىيىنى تەكشۈرۈش ھەمدە بۇ جەھەتتە مەخسۇس تېمىلار بويىچە دوكلات يېزىپ چىقىش ئىدى. شىنجاڭدىكى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىغا شۇ چاغدىكى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى

مىللەت تەتقىقات ئىنستىتۇتىدىن پىروفېسسور فېڭ جىياشېڭ، ئاپتونوم رايونىمى-
زدىن گۇباۋ، ئۇيغۇر سايرانى قاتارلىق يولداشلار (جۇملىدىن ئىچكىرىدىن كەلگەن
بىر مۇنچە يولداشلار) قاتناشتى. شىنجاڭدا ئېلىپ بېرىلغان شۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشتە
ئاساسەن ئازاتلىق ھارپىسىدا خوتەن ۋىلايىتى قارىقاش ناھىيىسىنىڭ شاھلىق
يېزىسىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا قالدۇق سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان فېئوداللىق
جۇاڭيۇەن ئىگىلىكى ۋە يانچىلىق تۈزۈمى ئېلگىرىلەپ تەكشۈرۈلدى ھەمدە «شىن-
جاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ شاھلىق يېزىسىدا دېموكراتىك ئىسلاھاتتىن ئىلگىرى مەۋ-
جۇت بولۇپ كەلگەن فېئوداللىق جۇاڭيۇەن ئىگىلىكى» دىگەن ماقالا يېزىپ چىقىل-
دى. ماقالىدا شاھلىق يېزىسىدا قالدۇق سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان فېودال-
لىق جۇاڭيۇەن ئىگىلىكىنىڭ ئالاھىدىلىكى، ھۆكۈمرانلىق قورالى فېئوداللىق ئىمتى-
يازى ۋە ئۇنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيە شەكلى، يانچىلارنىڭ ئىجتىمائى ئورنى ۋە ئىقتى-
سادىي ئەھۋالى ئۈستىدە ئىلمىي ئىزدىنىش ۋە تەتقىقات ئېلىپ بېرىلغان. بۇ
كېيىنكى چاغلاردا ئازاتلىقتىن ئىلگىرىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائى ئەھۋالىنى ئىل-
گىرىلەپ تەتقىق قىلىشتا بىرىنچى قول ماتىريىال بولۇپ، تەتقىقات ئىشلىرىنى قىم-
مەتلىك ئىگە ئاساسلار بىلەن تەمىن ئەتتى. بۇ ماقالا 1958 - يىلى جۇڭگو پەنلەر
ئاكادېمىيىسى مىللەت تەتقىقات ئىنستىتۇتى تەھرىرلەپ تۈزگەن «مىللەت تەتقى-
قاتى خىزمىتىدىكى چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» دىگەن كىتاپقا كىرگۈزۈلۈپ، ئىلىم-
پەن نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. 1958 - يىل يازدا، مەركەز «ئۈچ يۈرۈش
كىتاپ» يېزىپ چىقىشنى تېزلىتىشنى قارار قىلدى، ئىلگىرى مەملىكەت بويىچە ئاز
سانلىق مىللەتلەرنىڭ جەمىيەت تارىخىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن قۇرۇلغان 8 گۇرۇپپا
16 قىلىپ كۆپەيتىلدى، خادىملارمۇ زور دەرىجىدە كۆپەيدى. شىنجاڭدىكى تەكشۈ-
رۈش گۇرۇپپىسىنىڭ خادىملىرىمۇ ئەڭ كۆپ بولغاندا 100 چىگە يەتتى. 1958 -
يىلى 8 - ئايدىن 1960 - يىل 8 - ئايغىچە، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 10 كىچىك گۇرۇپپا
تەشكىللەپ، جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭنىڭ دېخانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق رايونلى-
رىغا ئەۋەتىلىپ، ئەسىرلەردىن بۇيان شىنجاڭدا ئولتۇراقلىشىپ كەلگەن 12 ئاز سان-
لىق مىللەتنىڭ جەمىيەت تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى ئۈستىدە ئەتراپلىق تەك-
شۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى. بۇ قېتىمقى زور كۆلەملىك تەكشۈرۈش ئارقىلىق نۇرغۇن-
لىغان ماتىريىال توپلىنىپ، بىر تۈركۈم تەكشۈرۈش دوكلادى يېزىپ چىقىلدى، بۇ-
نىڭ بىلەن «ئۈچ يۈرۈش كىتاپ» نى يېزىپ چىقىش ئۈچۈن شەرت - شارائىت
يارىتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شاھلىق يېزىسىدىكى فېئودال يانچىلىق

تۈزۈمىدىكى جەمىيەت ئەھۋالىنىڭ قالدۇق كۆرۈنۈشلىرى ھۆججەتلىك فىلىم قىلىپ
لىنتىغا ئېلىندى، بۇ بىزنىڭ بۈگۈنكى كۈندە يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەتقىق قىلىشىمىز
ئۈچۈن قىممەتلىك سۈرەتلىك ماتېرىيالدۇر. شۇ قېتىم ئېلىپ بېرىلغان زور كۆلەملىك
ئىجتىمائى تەكشۈرۈشتە، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ جەمىيەت تارىخىغا دائىر نۇرغۇن-
لىغان ماتېرىيال ئىگەللىنىپ، بىر تۈركۈم مەخسۇس تېمىدىكى ماقالا ۋە تەكشۈرۈش
دوكلاتلىرى يېزىپ چىقىلىش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى ئۇ تەكشۈرۈش مىللەت
تەتقىقاتىغا دائىر ھەر قايسى پەن تارماقلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغىمۇ چوڭقۇر تەسىر
كۆرسەتتى. شۇنداقلا بۈگۈنكى كۈندە يېزىلىۋاتقان «بەش خىل كىتاپ» ② قىسمۇ
ئاساس سېلىپ بەردى، شۇنىڭدەك، شىنجاڭ رايونىنىڭ مىللەتشۇناسلىق، مىللەتلەر
تارىخى جەھەتتىكى تەتقىقاتى ئۈچۈنمۇ يول ئېچىپ بەردى ۋە ئوبدان شەرت-
شارائىت يارىتىپ بەردى. بولۇپمۇ كىشىنى خوشال قىلىدىغىنى شۇكى، شۇ قېتىمقى
زور كۆلەملىك ئىجتىمائى تەكشۈرۈشنىڭ ئېلىپ بېرىلىشى ۋە «ئۈچ يۈرۈش كى-
تاپ» نىڭ يېزىپ چىقىلىشى شىنجاڭ رايونى ئۈچۈن مىللەت تەتقىقاتى بىلەن
شۇغۇللانغۇچى زور بىر تۈركۈم خادىملارنى يېتىشتۈرۈپ بەردى. شۇ يىللاردا بۇ خىز-
مەتكە قاتناشقان بىر مۇنچە يولداشلار بۈگۈنكى كۈندە رايونىمىزدا مىللەت تەتق-
قاتى ۋە مىللى خىزمەت بىلەن شۇغۇللانغۇچى تايانچ كۈچ بولۇپ يېتىلدى.

ئىلگىرىكى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ تارىخ تەتقىقات
ئىشخانىسى 1961 - يىلى مىللەت تەتقىقات ئىنستىتۇتى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. بۇ،
شىنجاڭ رايونىنىڭ تارىخىدا ئىجتىمائى پەن تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تۇن-
جى كەسپىي ئورگان ئىدى. مىللەت تەتقىقات ئىنستىتۇتى قۇرۇلغاندىن كېيىن،
شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىنى تەتقىق قىلىشقا ماسلىشىش ئۈچۈن، روسىيە
ئوكتەبىر ئىنقىلاۋىنىڭ تارباغاتاي رايونىغا بولغان تەسىرىنى تەكشۈرۈش، ئۈرۈم-
چى ناھىيىسى دۇڭخېڭ گۇڭشېسىنىڭ چارۋىچىلىق رايونىنى تەكشۈرۈش ھەمدە
قازاقلارنىڭ قەبىلە تەشكىلى «ئاۋۇل» ⊙ نى تەكشۈرۈش ئىشلىرى ئېلىپ بېرىل-
دى. بۇ تەكشۈرۈشلەر ئارقىلىق، زور بىر تۈركۈم ماتېرىيال توپلىنىپ، قىممەت-
كە ئىگە تەكشۈرۈش دوكلاتلىرى يېزىپ چىقىلدى.

1976 - يىلى «4 كىشىلىك گۇرۇھ» تار مار قىلىنغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ پارتىيە 11-
نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمى يىغىنىدىن بۇيان، مەملىكىتىمىزنىڭ ھەر
ساھەدىكى ئىشلىرىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ۋە راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئاپتونوم رايون-
مىزنىڭ مىللەت تەتقىقاتى خىزمىتىمۇ جانلىنىشقا باشلىدى. 1981 - يىلى ئاپتونوم

رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئەسلىدىكى ئاپتونوم
رايونلۇق مىللەت تەتقىقات ئىنستىتۇتى ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ رەھبەر-
لىكىگە ئۆتكەندىن باشقا، بۇ ئىنستىتۇت قارىمىقىدا يەنە مىللەتلەر تارىخى تەتقى-
قات ئىشخانىسى، مىللەت نەزەرىيىسى ۋە مىللىي سىياسەت تەتقىقات ئىشخانىسى قۇرۇل-
دى، بۇ ئىشخانىدا مەخسۇس مىللەتشۇناسلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تەتقىقات خادىم-
لىرى كۆپەيتىلدى، شۇنداق قىلىپ شىنجاڭ رايونىدىكى مىللەت تەتقىقات خىزمىتىدە
يېڭى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى قارىمىقى-
دىكى مىللەت تەتقىقات ئىنستىتۇتى، دىن تەتقىقات ئىنستىتۇتى يېقىنقى بىر نەچ-
چە يىلدىن بۇيان، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ قەشقەر، ئىلى رايونلىرىدا مۇناسىۋەتلىك
ئىجتىمائىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، بىر مىليون خەتلىك چامىسىدا ماتېرىيال توپ-
لاپ، 10 نەچچە پارچە تەكشۈرۈش دوكلادى يېزىپ چىقتى، بۇ تەكشۈرۈشلەر
ئارقىلىق رايونىمىزدىكى سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەت، مىللەتشۇناسلىق، دىنشۇ-
ناسلىق، مىللەت ئىجتىمائىيىتى جەھەتتىكى تەتقىقاتلار ئۈچۈن ماتېرىيال توپلاندى
ۋە بۇ ساھەدە يېڭى قەدەم تاشلاندى.

1982-يىلى، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مىللەت تەتقىقات
ئىنستىتۇتى بىلەن جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مىللەت ئىنستىتۇتى
بىرلىكتە شىنجاڭدىكى موڭغۇللار رايونىنىڭ جەمىيەت تارىخى، دىنى ۋە ئىقتىسادىي
ئەھۋالى ئۈستىدە ئومۇمىي يۈزلۈك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، مىللىي يېزىقتىكى 15
خىل قىممەتلىك ھۆججەت ماتېرىياللارنى توپلىدى، 45 پارچە (150 مىڭ خەتلىك)
زىيارەت-تەكشۈرۈش ماتېرىيالىنى رەتلەپ چىقتى، قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجە
ئاز ئەمەس. ئۇنىڭدىن باشقا، مىللەت تەتقىقات ئىنستىتۇتىدىكى ياش تەتقىقات
خادىملىرى بىلەن شىنجاڭ داشۆ تارىخ فاكۇلتېتىدىكى مۇناسىۋەتلىك يولداشلار
1583-يىلى ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئالتاي رايونىغا بېرىپ ئىجتىمائىي تەكشۈرۈش
ئېلىپ باردى. ئۇلار ئايرىم-ئايرىم ھالدا «ئالتاي رايونىدا ئېلىپ بېرىلغان مىللەت-
شۇناسلىققا دائىر تەكشۈرۈش دوكلادى» ۋە «ئالتايدىكى تۇۋا مىللىتىنىڭ كېلىش
مەنبەسى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى» دېگەن ئىلمىي ماقالىنى ئېلان قىلدى. ئالدىنقى
ماقالىدا، ئالتاي رايونىدىكى تۇۋالار يەككە بىر مىللەت بولۇپ تەركىپلەنگەن دەپ
قارىلىپ، ھۆكۈمەتنىڭ ئۇلارنى ئېتنىك جەھەتتىن پەرق ئېتىپ بېكىتىشىگە تەك-
لىپ بەرگەن. بۇ ياش يولداشنىڭ كۆز قارىشى ۋە تەكلىپىگە يولداش گۇباۋ ئەھمى-
يەت بىلەن قاراپ، ئۇ دوكلاتنى تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن ئاپتونوم رايون-

مىزنىڭ پارتىيە-ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىگە تونۇشتۇرغان، ئۇنىڭغا پارتىيە-ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىمۇ ئەھمىيەت بىلەن قارىغان. كېيىنكى ماقالىدىمۇ تۇۋالارنىڭ ئېتنىك تەركىۋىنى پەرق ئېتىپ بېكىتىشكە پايدىلىق ماتېرىيال ۋە كۆز قاراش ئوتتۇرىغا قويۇلغان. 1984-يىلى 10-ئايدا، ئۇلۇغ ئىنقىلاۋىي ئۇستاز ئېنگېلسنىڭ «ئائىلە، خۇسۇسى مۈلۈكچىلىك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى» دېگەن شانلىق ئەسىرى ئېلان قىلىنغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن، جۇڭگو مىللەتشۇناسلىق ئىلمى جەمئىيىتى نەننىڭ شەھرىدە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزگەن ئىدى. ئاپتونوم رايونىمىزدىن بارغان ئاز سانلىق مىللەت تەتقىقات خادىمى بۇ يىغىنغا «ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك نامى توغرىسىدا ئىزدىنىش» دېگەن تېمىدىكى ئىلمىي ماقالىنى تاپشۇردى، بۇ ماقالىمۇ يىغىن قاتناشچىلىرىنىڭ دىققەت-ئېتىۋارىغا سازاۋەر بولدى.

## مىللەتلەر تارىخى جەھەتتىكى تەتقىقات

شىنجاڭنىڭ مىللەتلەر تارىخى جەھەتتىكى تەتقىقات خىزمىتى «ئۈچ يۈرۈش كىتاب» ۋە «بەش خىل كىتاب» نىڭ يېزىلىشىغا ئەگىشىپ قانات يايغان. 1958-يىل ياز پەسلىدىن باشلاپ، «ئۈچ يۈرۈش كىتاب» نى يېزىپ چىقىش ئۈچۈن، ئىلگىرىدىكى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ تارىخ تەتقىقات ئىشخانىسى ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەر قايسى تارماقلىرىدىكى يېزىش ۋە تەرجىمە قىلىش ئىختىدارى بار، ئەھۋالنى پىششىق بىلىدىغان زور بىر تۈركۈم خادىملار تەكشۈرۈش ۋە يېزىش ئىشىغا ئۇيۇشتۇرۇلدى. 1960-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 12 ئاز سانلىق مىللەتنىڭ تارىخ تەزكىرىسى، 5 ئاپتونوم ئوبلاست، 6 ئاپتونوم ناھىيە ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئومۇمى ئەھۋالى بولۇپ جەمى 24 كىتابنىڭ دەسلەپكى 4 مىليوندىن كۆپرەك خەتلىك دەسلەپكى ئورگىنالى يېزىپ چىقىلدى. كېيىنكى چاغلاردا، «سول» چىل ئىدىيىنىڭ تەسىرى ۋە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى» نىڭ بۇزغۇنچىلىقى تۈپەيلىدىن، بۇ كىتابلارنى تۈزىتىش، تەكشۈرۈپ بېكىتىش ۋە نەشر قىلىش ئىشلىرى توختاپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن بۇلار ماتېرىيال توپلاش ھەمدە كېيىنكى چاغلاردا مىللەتلەر تارىخىنى، جايلار تەزكىرىسىنى تەتقىق قىلىش ۋە يېزىپ چىقىش ئۈچۈن قىممەتلىك تەييارلىق بولۇپ قالدى.

1979-يىلدىن بۇيان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ غەمخورلۇقىدا، دۆلەت مىللى ئىشلار كومىتېتىنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكى بىلەن، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ

تارىخىنى يېزىش خىزمىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، «ئۈچ يۈرۈش كىتاپ» كېڭەيتىـ
لىپ «بەش خىل كىتاپ» قىلىندى. بۇنداق پايدىلىق شارائىت ئاستىدا، ئاپتونوم
رايونلۇق مىللىي ئىشلار كومىتېتى قارىمىقىدا «بەش خىل كىتاپ» نى تەھرىرلەش
ئىشخانىسى قۇرۇلۇپ، «بەش خىل كىتاپ» نى يېزىشنى تەشكىللەش، تەكشۈرۈپ
بېكىتىش، نەشر قىلىش ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلىندى. يېزىش ئىشلىرىغا قاتناشقان
بارلىق خادىملارنىڭ بىر نەچچە يىل ئورتاق تىرىشىشى ئارقىلىق، «تاجىك مىلـ
لىتىنىڭ تارىخ تەزكىرىسى» يېزىلىپ نەشر قىلىندى؛ «قىرغىز مىللىتىنىڭ تارىخ تەز-
كىرىسى»، «شىۋە مىللىتىنىڭ تارىخ تەزكىرىسى»، «قازاق مىللىتىنىڭ قىسقىچە تارىخى»
نىڭ ئورگىنالى بېكىتىلىپ، نەشرىيات ئورۇنلىرىنىڭ نەشر قىلىشىغا تاپشۇرۇلدى،
بەلكىم مۇشۇ يىل ئىچىدە كىتاپخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشۈشى مۇمكىن. ئۇنىڭدىن
باشقا، ئۇيغۇر، ئۆزبېك، تاتار، رۇس قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ تارىخىغا دائىر كىتاپ-
لارمۇ يېزىلىۋاتىدۇ.

ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى توغرىسىدىكى كىتاپلارنى يېزىش
ۋە نەشر قىلىش جەھەتتە، ھازىرغا قەدەر «مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ
ئومۇمىي ئەھۋالى» ۋە «بارىكۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى»
دېگەن 2 كىتاپ نەشردىن چىقتى، قالغان 5 ئاپتونوم ئوبلاست ۋە 4 ئاپتونوم
ناھىيە ھەمدە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» دېگەن كىتاپ-
لارنىڭ ئورگىنالىرىمۇ بېكىتىلىپ نەشرىيات ئورۇنلىرىنىڭ نەشر قىلىشىغا تاپشۇرۇل-
دى، مۇشۇ يىل ئىچىدە نەشردىن چىقىشى مۆلچەرلەنمەكتە. ئاپتونوم رايونلۇق مىل-
لىي ئىشلار كومىتېتى قارىمىقىدىكى «بەش خىل كىتاپ» ئىشخانىسى مەسئۇللىقىدا
نەشر قىلىنماقچى بولغان «ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ جەمئىيەت تارىخىنى تەكشۈرۈش
ماتېرىياللىرى توپلىمى» دىن «جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ يېزا جەمئىيىتى» دېگەن كىتاپ
نەشردىن چىقتى، «قىرغىز مىللىتىنىڭ جەمئىيەت تارىخىنى تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرى
توپلىمى»، «قىرغىزلارنىڭ ئىجتىمائىي ئۆرپ- ئادەت، قائىدە-يوسۇنلىرى»، «قازاق
مىللىتىنىڭ جەمئىيەت تارىخىنى تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرى توپلىمى»، «بارىكۆل قازاق-
لىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئۆرپ-ئادەت، قائىدە-يوسۇنلىرى» دېگەن كىتاپلارمۇ مەتبەئە-
گە بېرىلدى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەت
تەتقىقات ئىنستىتۇتى بىلەن شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەت تەت-
قىقات ئىنستىتۇتى بىرلىكتە يېزىپ چىققان «جۇڭغارلارنىڭ تارىخىي ئوچېركى»

دىگەن كىتاپمۇ بۇ يىل نەشىردىن چىقىشى مۇمكىن. شىنجاڭ ئىجتىمائى پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئىنىستىتۇتىدىكى 2 نەپەر ئوتتۇرا ياشلىق تەتقىقاتچى خادىم يازغان «ئۇيسۇنلار ھەققىدە تەتقىقات» دىگەن كىتاپ ئازاتلىقتىن بۇيان شىنجاڭنىڭ قەدىمقى زامان مىللەتلىرى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغان تۇنجى ئەسەردۇر. يەنە ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچە يېزىقتا يېزىلغان «ئۇيغۇر تارىخى» مۇ نەشىردىن چىقىش ئالدىدا تۇرىۋاتىدۇ. بۇ كىتاپنىڭ ئاپتورى شىنجاڭدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن خەنزۇ مىللىتىدىن بولغان ئوتتۇرا ياشلىق تەتقىقاتچى خادىم بولۇپ، ئۇ بۇ ئەسەرنى بىۋاستە ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچە ئىككى خىل يېزىقتا يېزىپ چىقتى، بۇنىسى قەدىرلەشكە ئەرزىيدۇ.

«4 كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى بىر نەچچە يىل مابەينىدە، شىنجاڭ مىللەتلىرى ئۈستىدىكى تەتقىقات بىر قەدەر جانلىنىپ، مەخسۇس تېمىلار بويىچە تەتقىق قىلىش داۋامىدا، ئەسەر يېزىش بىلەن ماقالا يېزىش تەڭ قانات يېيىشتەك ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. تەتقىقاتچى خادىملار كىتاپ يېزىشقا پائال كىرىشىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، رايونىمىزنىڭ ئىچكى ۋە سىرتىدىكى ژورناللاردا مەخسۇس تېمىلار بويىچە يېزىلغان بىر تۈركۈم قىممىتى بار ئىلمىي ماقالىلارنى ئېلان قىلدى. «شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى توغرىسىدا يېڭى ئىزدىنىش»، «15 — 18 - ئەسىرلەردىكى قىرغىزلار»، «ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغدىغۇچى مۇسەيىن جەمەتى»، «شىۋە مىللىتىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللەردىكى جەمىيەت تەشكىلى ۋە ئىقتىسادىي تۇرمۇشى»، «غەربىي رايوندا ئۆتكەن قەدىمقى چاڭلار»، «تۇركلەرنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى تارىخى ئۈستىدە ئىزدىنىش» دىگەن ماقالىلار ئەنە شۇنىڭ مىسالى. مەخسۇس تېمىلار بويىچە يېزىلغان بۇ ئىلمىي ماقالىلار شىنجاڭ مىللەتلىرى ئۈستىدىكى تەتقىقاتىنىڭ چوڭقۇرلۇق دەرىجىسىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مىللەت تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى خادىملار تەتقىقات خىزمىتى داۋامىدا يەنە ئىجتىمائىيەت (سوتسىئولوگىيە) نۇقتىسىدىن شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ ئائىلە، نىكاھ قاتارلىق مەسىلىلىرى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، بىر مۇنچە نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. بۇ جەھەتتىكى ماقالىلار «مەملىكىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئائىلە ۋە نىكاھ ئىشلىرى» دىگەن كىتاپقا كىرگۈزۈلۈپ، ئايالللار نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى.

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئىجتىمائى پەن تەتقىقات خادىملىرى مىللەت تەتقى-

قاتىنى چوڭقۇر ۋە داۋاملىق ئېلىپ بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە مىللىي مەسى-
لىگە دائىر ئىجتىمائىي پەننى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتى-گىمۇ ئەھمىيەت بەردى ۋە
بۇ جەھەتتە خۇشاللىنارلىق ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. يولداش گۇباۋ قاتارلىقلار تۈز-
گەن ھەم نەشردىن چىققان «شىنجاڭ تارىخى ۋە جۇغراپىيىسى ھەققىدە مۇلاھىزە»،
«شىنجاڭدا ئۆتكەن تارىخىي شەخسلەر» دېگەن ئىككى كىتاپتا شىنجاڭدىكى مىللەت-
لەردىن چىققان تارىخىي شەخسلەر، شىنجاڭنىڭ ئىچكى رايونلار بىلەن بولغان
ئۇزاق مۇددەتلىك ئىقتىسادىي، مەدىنىي ئالاقىلىرى قاتارلىق ئەھۋاللار ئاممىباپ
قىلىپ تونۇشتۇرۇلغان. بۇ كىتاپلار ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بولۇپمۇ ياشلار ۋە
ئۆسمۈرلەرنىڭ شىنجاڭنى چۈشىنىشىگە ياردەم بېرىش ھەمدە ئۇلارغا ۋەتەنپەرۋەرلىك
تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشتا ئوبدان رول ئوينىدى. يولداش گۇباۋ يەنە شىنجاڭدىكى
12 مىللەتنىڭ ھەر تەرەپلىمە ئەھۋالىنى تونۇشتۇرىدىغان بىر تۈركۈم ماقالىنى يېزىش
ئىشىنى ئويۇشتۇردى ۋە ئۇنى تەكشۈرۈپ بېكىتتى. بۇ ماقالىلارنى «شىنجاڭ ئىجتى-
مائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدىكى يولداشلار توپلاپ، «شىنجاڭ-
دىكى قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرى ھەققىدە قىسقىچە تونۇشتۇرۇش»
دېگەن تېمىدا «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» (ئىچكى ژورنال) دا ئېلان
قىلدى. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى، شىنجاڭ داشۆنىڭ تارىخ فاكۇلتېتىدىكى مۇئەللىملەر
يازغان «شىنجاڭدىكى قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرى» دېگەن كىتاپمۇ
نەشر قىلىندى. بۇ كىتاپ-ماقالىلار قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئارا چۈشىنىشىنى
ئالغا سۈرۈشتە پايدىلىق رول ئوينىدى. بۇ ئاممىباپ ئوقۇشلۇقلار ھەر مىللەت
ئاممىسىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىپ، كەڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈم بەردى، بولۇپمۇ «شىنجاڭدا
ئۆتكەن تارىخىي شەخسلەر» ۋە «شىنجاڭدىكى قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ-
ئادەتلىرى ھەققىدە قىسقىچە تونۇشتۇرۇش» دېگەن ماقالىلار توپلىمىنى ھەر ساھەدى-
كىلەر كۆپلەپ تەلەپ قىلغانلىقى ئۈچۈن، قايتا-قايتا بېسىلدى. 1965-يىلى شىنجاڭ
ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەت تەتقىقات ئىنستىتۇتى يېزىپ چىققان «شىنجاڭنىڭ
قىسقىچە تارىخى» (1-قىسمى) شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى.
بۇ گەرچە شىنجاڭنىڭ رايون تارىخى بولسىمۇ، لېكىن شىنجاڭدا ئۆتكەن قەدىمقى
مىللەتلەرنىڭ تارىخىمۇ كىتاپتا خېلى چوڭ سالماقنى ئىگىلەيدۇ، شۇڭا ئۇ شىن-
جاڭدا ئۆتكەن قەدىمقى مىللەتلەرنىڭ تارىخى جەھەتتىكى تەتقىقات نەتىجىسى بولۇپمۇ
ھېساپلىنىدۇ. بۇ كىتاپنى تۈزۈتىش ۋە ئۇنىڭ داۋامىنى يېزىش ئىشى «مەدىنىيەت

زور ئىنقىلاۋى» نىڭ كاساپەتىدىن توختاپ قالغان ئىدى. «4 كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» نى تۈزۈتىش ۋە ئۇنىڭ داۋامىنى يېزىش ئىشى قايتىدىن باشلىنىپ، 1979 - يىلى 1 - ۋە 2 - قىسمى يېزىلىپ پۈتتى ۋە نەشردىن چىقتى، 3 - قىسمى (يېقىنقى زامان قىسمى) مۇشۇ يىلىنىڭ ئاخىرلىرى نەشردىن چىقىشى مۇمكىن. «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» شىنجاڭ ئازات بولغاندىن كېيىن ماركسىزىم - لېنىنىزىمنى يېتەكچى قىلغان ھالدا يېزىپ چىقىلغان تۇنجى رايون تارىخى بولۇپلا قالماي، بەلكى مەملىكىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى بويىچىمۇ تۇنجى رايون تارىخى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. كىتاپ گەرچە رايون تارىخىنىڭ ئومۇمى جەريانىنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان بولسىمۇ، لېكىن شىنجاڭ رايونىنىڭ ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەردە ئۆتكەن مىللەتلەرنىڭ پائالىيەتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئىقتىسات، مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئۆز ئارا ئالا قىلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان. شۇڭا ئۇ شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىمۇ ناھايىتى زور قىممەتكە ئىگە.

1977 - ۋە 1978 - يىللىرى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەھرىرلىگەندە بېسىلغان 500 مىڭ خەتلىك «شىنجاڭ تارىخىغا دائىر ماقالىلار توپلىمى» ۋە «شىنجاڭ تارىخىغا دائىر ماقالىلار توپلىمىنىڭ داۋامى» ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تارىخچىلارنىڭ رايون تارىخى، مىللەتلەر تارىخى، تارىخىي شەخسلەر قاتارلىق مەخسۇس تېمىلار بويىچە ئېلىپ بارغان تەتقىقات خىزمىتىنىڭ يەنە بىر نەتىجىسى ھىساپلىنىدۇ.

ئاپتونوم رايونىمىزدا 30 نەچچە يىلدىن بۇيان مىللەت تەتقىقاتى جەھەتتە قولغا كەلتۈرۈلگەن مول نەتىجىلەرگە نەزەر سالغىنىمىزدا، خوشاللىق بىلەن شۇنداق ئېيتالايمىزكى، بۇ نەتىجىلەر — مىللەت تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى ھەر مىللەت خادىملىرىنىڭ پارتىيە رەھبەرلىگى ۋە غەمخورلۇغىدا ئورتاق تىرىشقانلىغىنىڭ مەھسۇلى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ھەر مىللەت خەلقىغە، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزگە تەقدىم قىلغان يۈرەك قېنىنىڭ جەۋھىرى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بىز يەنە دەم ئېلىشقا چىققان پىشقەدەم مىللەتشۇناس، پىشقەدەم مۇتەخەسسىس يولداش گۇباۋنىڭ شىنجاڭدىكى مىللەت تەتقىقاتى گۈلزارىدا 30 نەچچە يىل يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ، بۇ تەتقىقات گۈلزارىنى ئېچىش، پەرۋىش قىلىش، راۋاجلاندۇرۇش، ھەر مىللەتتىن بولغان ئىجتىمائى پەن تەتقىقاتچى خادىملىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش، يېڭى كۆچەتلەرنى يۆلەپ ئۆستۈرۈش جەھەتلەردە قوشقان قىممەتلىك تۆھپىسىنى ھەمدە ئۇنىڭ پۇختا ئىلمىي ئىستىلى ۋە ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلەيدىغان ئىلمىي روھىنى ئېسىمىزدە

مەھكەم ساقلىماقتىمىز. بۈگۈنكى كۈندە ئۇ ئۆز يۇرتىغا قايتقان بولسىمۇ، لېكىن شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائى پەن تەتقىقات ئىشلىرىغا يەنىلا كۆڭۈل بۆلۈپ، ئەمەل كۆرسىتىپ كېلىۋاتىدۇ ھەمدە شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان تەتقىقات ئىشىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتىدۇ، بىر ئۇيغۇر ئىلىم ئەھلى يولداش گۇباۋنى «گۇباۋ ئاقساقال شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائى پەن ساھەسىدىكى بىر بايراق» دەپ تەرىپلىدى. بىزنىڭچە، بۇ بەھۇدە ماختاش بولمىسا كېرەك.

## II

يۇقۇرىدىكى تارىخىي ئەسلىمىدىن شۇنى ئېنىق كۆرىمىزكى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 30 نەچچە يىلدىن بۇيانقى مىللەت تەتقىقاتى خىزمىتى گەرچە «سول» چىللىق خاتالىقى، بولۇپمۇ 10 يىللىق ئىچكى مالىمانچىلىقنىڭ كاشىلىسى ۋە بۇزغۇنچىلىقى تۈپەيلىدىن زىيانغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا زور نەتىجىگە ئېرىشتى. بۇنىڭ تۈپ سەۋەبى شۇكى، سوتسىيالىستىك تۈزۈم مىللەت تەتقىقاتى ئۈچۈن چەكسىز كەڭ يول ئېچىپ، ماھارەت كۆرسىتىدىغان كەڭ زېمىن تەييارلاپ بەردى. بۇنىڭدىن كېيىن، شەھەر-يېزىلاردا بولىدىغان ئومۇمىي يۈزلۈك زور ئۆزگىرىشلەرگە ئەگىشىپ كېلىدىغان يېڭى ۋەزىيەت مىللەت تەتقىقاتى خىزمىتى ئۈچۈن تېخىمۇ پايدىلىق شارائىتلارنى يارىتىپ بېرىدۇ ۋە شۇنىڭ بىلەن بىللە تېخىمۇ مۇشەققەتلىك ھەم شەرەپلىك ۋەزىپىنى ئالدىمىزغا قويىدۇ. ئەمدى، قانداق قىلغاندا مىللەت تەتقىقاتى خىزمىتىنى دەۋرنىڭ ئىلگىرىلەش قەدىمىگە يېتىشتۇرۇپ، ئۆزلۈكسىز يېڭى ۋەزىيەت ياراتقىلى بولىدۇ؟ بىزنىڭچە، رايونىمىزنىڭ مىللەت تەتقىقاتى خىزمىتىدە، پارتىيىمىزنىڭ نەزەرىيىسىنى ئەمەلىيەت بىلەن باغلاش، تەتقىقاتنى رىياللىق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشتەك شانلىق ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇش، تەتقىقاتنى 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا، كەلگۈسىگە، دۇنياغا يۈزلەندۈرۈش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇش، مىللەت تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كەسپىي ئاپارات قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، مىللەت تەتقىقاتى ساھەسىدىكى بارلىق ئاكتىپ ئامىللارنى ئىشقا سېلىپ، رايون ئىچىدىكىلەر بىلەن سىرتىدىكىلەرنى ماسلاشتۇرۇش، كەسپىي تەتقىقات خادىملىرى بىلەن ئىشتىن سىرتقى تەتقىقات خادىملىرىنى ماسلاشتۇرۇش، ئوقۇتۇش بىلەن تەتقىقاتنى ماسلاشتۇرۇش، ئۇزاق مۇددەتلىك پىلان بىلەن قىسقا مۇددەتلىك ئورۇنلاشتۇرۇشنى ماسلاشتۇرۇش، شۇ ئارقىلىق مەملىكەتلىك ۋە خەلقارالىق سەۋىيىگە ئىگە تەتقىقات

نەتىجىلىرى ۋە ئىختىساس ئىگىلىرىنى كۆپلەپ مەيدانغا چىقىرىشنى قولغا كەلتۈرۈش لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن، مىللەت تەتقىقاتى خىزمىتىنىڭ 7 - بەشيىللىق پىلانىنى تۈزۈشتە پايدىلىنىشنى كۆزدە تۇتۇپ، تۆۋەندىكى بىر نەچچە تەسەۋۋۇرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمىز:

1 . شىنجاڭ رايونىنىڭ شەھەر ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىشنى مەركەز قىلغان ئىسلاھات ئىشلىرىغا ماسلىشىش ۋە ئۇنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭ مىللى مەسىلىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان جەھەتلىرى ئۈستىدە ئىجتىمائى تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئىسلاھات سىياسىتىنى تۈزۈشتە پايدىلىنىشى ئۈچۈن ئىلمىي ئاساسلارنى ئوتتۇرىغا قويۇش ھەمدە ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ مىللى باراۋەرلىك، مىللى ئىتتىپاقلىق، مىللى تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە ۋە مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىپ راۋاجلىنىشى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئۈستىدە نەزەرىيە جەھەتتىن ئىزدىنىش ۋە تەتقىق قىلىش؛ باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ يۇقۇرى سىنىپى ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەر ئۈچۈن «ماركسىزىملىق مىللەت نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ مىللى سىياسىتى» دىگەن دەرسلىك كىتاپنى يېزىپ چىقىش.

2 . «شىنجاڭ رايونىنىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتى تارىخى» ۋە «شىنجاڭ رايونىدا سوتسىيالىستىك مىللى مۇناسىۋەتنىڭ شەكىللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشى» دىگەن تېمىدا مەخسۇس ئەسەر يېزىپ چىقىش.

3 . شىنجاڭدىكى ئەسلىدە بار بولغان ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، تاجىك، موڭغۇل، شىۋە قاتارلىق بىر نەچچە ئاساسلىق ئازسانلىق مىللەتنىڭ ئۆرپ - ئادەت، قائىدە - يوسۇنلىرى، دىنىي ئېتىقادى ئۈستىدە ئىجتىمائى تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، بۇ جەھەتكە دائىر مەخسۇس ئەسەرلەرنى يېزىپ چىقىش ھەمدە ئېتنوگرافىيە نۇقتىسىدىن بۇ مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتىكى ئالاھىدىلىكلىرىنى سىنئالغۇغا ئېلىپ، سۈرەتلىك ماتېرىيال قىلىپ ساقلاش.

4 . ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، تاجىك، موڭغۇل، شىۋە قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ مەخسۇس تارىخىنى يېزىپ چىقىش.

5 . ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئازاتلىقتىن ئىلگىرى ۋە كېيىنكى ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسى ۋە سىنىپىي مۇناسىۋەتلىرىدىكى ئۆزگىرىشلەر ئۈستىدە ئىجتىمائى تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، بۇ جەھەتتە مەخسۇس ئەسەر يېزىپ چىقىش (شاھلىق يېزىسىنى تەكشۈرۈش ئاساس قىلىپ) ھەمدە «بۈگۈنكى شاھلىق يېزىسى» دىگەن تېمىدا يېڭى ئىلمىي ماتېرىيال فىلىمى ئىشلەپ چىقىش.

6. قازاق قاتارلىق كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ ئازاتلىقتىن ئىلگىرى ۋە كېيىنكى ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي ھەمدە تەبىئە تەشكىللىرىنىڭ ئۆزگىرىشى ئۈستىدە ئىجتىمائىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش ۋە بۇ جەھەتتە مەخسۇس ئەسەر يېزىپ چىقىش.

7. ئازاتلىقتىن كېيىن شىنجاڭغا كۆچۈپ كەلگەن، نوپۇسى مىڭدىن ئاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۈستىدە ئىجتىمائىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ كۆچۈپ كېلىشىدىكى سەۋەبلەرنى ھەمدە شىنجاڭدا ئولتۇراقلىشىپ قالغاندىن كېيىنكى ئەھۋالىنى ئېنىقلاپ چىقىش ۋە بۇ جەھەتتە مەخسۇس ئەسەر يېزىپ چىقىش.

8. مىللەت ئىجتىمائىيىتى جەھەتتىكى تەكشۈرۈش - تەتقىق قىلىش ئىشىنى قانات يايدۇرۇش، مەسىلەن، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى، نىكاھ - ئائىلە ئەھۋالى، مىللىي ماھارىتى، ئەخلاق - پەزىلىتى قاتارلىق جەھەتلەردە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ئۇنىڭغا دائىر مەخسۇس تېمىلار بويىچە ئىلمىي ماقالىلار يېزىپ چىقىش.

9. شىنجاڭغا چېگرىداش ئاساسلىق ئەللەرنىڭ مىللەتلىرى ئۈستىدىكى تەتقىقاتنى قانات يايدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ شىنجاڭدىكى مىللەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، شىنجاڭ رايونىنىڭ مىللەت تەتقىقاتى خىزمىتىنى خەلقارا ئىلىم ساھەسىگە كىرگۈزۈش.

10. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى ۋە باشقا مىللىي قانۇن - نىزاملار ئۈستىدىكى تەتقىقاتنى قانات يايدۇرۇپ، «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە»، «مىللىي قانۇن ئۈستىدە سېلىشتۇرما تەتقىقات» قاتارلىق مەخسۇس ئەسەرلەرنى يېزىپ چىقىش.

يۇقۇرقى مۇشەققەتلىك ھەم شەرەپلىك ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلاشتا، ئىختىساسلىق خادىملار ھەل قىلغۇچ ئامىللارنىڭ بىرسى، ئەلۋەتتە. ھالبۇكى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھازىرقى مىللەت تەتقىقاتى جەھەتتىكى كۈچى تېخى بىر قەدەر ئاجىز، بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەتلەردىن بۇ خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان خادىملار تېخىمۇ ئاز. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز شىنجاڭ داشۆدە مىللەت نەزەرىيىسى ۋە مىللەتشۇناسلىق فاكۇلتېتى تەسىس قىلىشنى ھەمدە تارىخ فاكۇلتېتىدا ھەر قايسى مىللەت تارىخىنى ئۆگىتىدىغان مەخسۇس دەرس كىرگۈزۈشنى، قانۇن فاكۇلتېتىدا مىللىي قانۇن دەرسى تەسىس قىلىشنى تەكلىپ قىلىمىز. ئاپتونوم رايونىمىز ئۆز كۈچىگە تايىنىپ، پىلانلىق تۈردە ھەر قايسى مىللەتتىن مىللەت تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كەسپىي خادىملارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، دۆلەت-

نىڭ نۆۋەتلىك داشۆلىرىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىز ئۈچۈن ئاسپىرانتلارنى ۋاكالىتەن تەربىيىلەپ بېرىشىنى تەكلىپ قىلىمىز. ئاپتونوم رايونىمىز ئالاھىدە ئېتىۋار بېرىش سىياسىتى ئارقىلىق رايونىمىز سىرتىدىكى تەتقىقات كۈچلىرىنى جەلپ قىلىپ، رايونىمىزنىڭ مىللەت تەتقىقاتى خىزمىتىگە قاتناشتۇرۇشى لازىم.

قىسقىسى، شىنجاڭ رايونى مىللەت تەتقىقاتىدىن ئىبارەت بۇ پەندە مەملىكىتىمىز بويىچە مۇنبەت زېمىن بولۇپ، مەزمۇنى ئىنتايىن مول، يولى ئىنتايىن كەڭ، ئىستىقبالى چەكسىز پارلاق، ۋەزىپە مۇشەققەتلىك ھەم شەرەپلىك. ھەر قايسى مىللەت تەتقىقاتچى خادىملىرىنىڭ ئىجادى ئەمگىكى ئارقىلىق بۇ پەننىڭ راۋاجلىنىپ گۈللىنىشى ئۈچۈن ئۆز كۈچىنى تەقدىم قىلىشىنى تىلەكداشمىز.

## ئىزاھلار:

① «ئۈچ يۈرۈش كىتاپ» دىگىنىمىز 1958-يىلدىن باشلاپ پۈتۈن مەملىكىتىمىز مىقياسىدا يېزىشقا كىرىشىلگەن ئاز سانلىق مىللەتلەر تارىخى، قىسقىچە تەزكىرىسى ۋە ناھىيىدىن يۇقۇرى ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئومۇمى ئەھۋالىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل كىتاپدۇر.

② «بەش خىل كىتاپ» دىگىنىمىز 1978-يىلى دۆلەت مىللى ئىشلار كومىتېتى باشچىلىقىدا يېزىلغان مىللەتلەر تارىخى، مىللەتلەر تەزكىرىسى، ناھىيىدىن يۇقۇرى ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئومۇمى ئەھۋالى، جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ جەمىيەت تارىخىنى تەكشۈرۈش ماتىرىياللىرى توپلىمى ۋە جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر دىگەن كىتاپلاردۇر.

③ «ئاۋۇل» — قازاق مىللىتىنىڭ قانداشلىقنى ئاساس قىلىپ تەركىپ تاپقان قەبىلىلىرىنىڭ ئاساسى قاتلام تەشكىلى.

ئېزىز يۈسۈپ تەرجىمىسى

# شىنجاڭنىڭ مىللىي ئەدەبىيات تەتقىقاتىغا ئومۇمىي نەزەر

—— شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ 30 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن

ليۇ بىڭ

شىنجاڭنىڭ مىللىي ئەدەبىيات تەتقىقاتى ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىشى ۋە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىشىغا ئەگىشىپ تەرەققىي قىلىپ، ئۆزگىرىپ كەلدى. شۇڭا 1976-يىلى شىنجاڭنىڭ مىللىي ئەدەبىيات تەتقىقاتىدا بولغۇسى بۇرۇلۇشتىن دېرەك بېرىدىغان يىل ئىدى، لېكىن ھەقىقىي بۇرۇلۇش 1979-يىلى باشلاندى. ھەممىگە مەلۇم، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش تارىخىدا بۇرۇلۇش ئەھمىيىتىگە ئىگە 3-ئومۇمىي يىغىنى شىنجاڭ مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيىتى ۋە ئىلىم-مەرىپىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن ئون يىللىق مالىمانچىلىقنىڭ مەھسۇلى بولغان تەلۋىلىك، نادانلىق، تارىخىي ئىنكارچىلىق، مىللىي ئىنكارچىلىق، مەدەنىيەت مۇستەبىتلىكى ۋە خېلى ئۇزاق ھۆكۈم سۈرگەن خىلمۇ-خىل «سول» ئىدىيىلەرنى تاشلاپ، مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى ۋە ئىلىم-مەرىپىتىنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردۇق. «4 كىشىلىك گۇرۇھ»نىڭ ئىڭىكى قېتىلغىنىغا ھەش-پەش دېگىچە 8 يىل ئۆتتى، لېكىن بۈگۈنكى كۈنگە تارىخنىڭ ھېچقانداق بىر قەرەنىسىنى تەڭلەشتۈرگىلى بولمايدۇ. مەزمۇن ۋە سۈپەت جەھەتتىكى پەرقنى قويۇپ تۇرۇپ، ئەھمىيەت جەھەتتىنلا ئۆلچەيدىغان بولساق، ئېھتىمال، بىزنىڭ بۈگۈن ياۋروپادىكى ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ گۈللىنىشىنى ئوتتۇرا ئەسىر تارىخىدىكى ئۇلۇغ مەدەنىيەت ئىنقىلابى دەپ باھالىغىنىمىزدەك، كەلگۈسىدىكى تارىخشۇناسلارمۇ بىزنىڭ بۈگۈنكى كۈنىمىزنى تەكشۈرگەندە، بىز بۈگۈن ئېلىپ بېرىۋاتقان مەدەنىيەت ۋە پەننى باشلامچى قىلغان ئىسلاھاتنى تارىخنىڭ چاقىنى چوڭ قەدەملەر بىلەن ئىلگىرىلەتكەن ھەقىقىي مەنىدىكى ئىنقىلاب دېيىشى مۇمكىن.

شىنجاڭنىڭ 30 يىلدىن بۇيانقى مىللىي ئەدەبىيات تەتقىقاتىنى ئەسكە ئالساق،
گويا سەھنىدە ئوينالغان ئويۇنغا ئوخشاش بىرىنچى پەردىسىدىن ئىككىنچى پەردى-
سى كۆركەم، ئۆركەشسىمان، لېكىن، ئەپسۇسكى، ئىككى پەردە رەسمىي ئويۇن ئارىلى-
قىغا بىر پەردە قاملاشمىغان ھەيۋالىق قىستۇرۇلغان بولۇپ، ئۇ كىشىنىڭ پەيزىنى
قاچۇرۇپلا قالماستىن، ئون يىللىق ئوبدان ۋاقتىنى زايا قىلدى.

ماركسىزىمنىڭ ئۇستازى، سوتسىيالىزىم بىر ئەلدە غەلىبە قىلغاندىن كېيىن ئۇ
ئەلدىكى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى ئورتاق گۈللىنىدىغان ۋە تەرەققىي قىلىدىغان يېڭى
باسقۇچقا قەدەم قويىدۇ، دەپ ھۆكۈم قىلغان ئىدى. دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن
بۇيانقى 17 يىلدا بۇ ھۆكۈم دەسلەپكى قەدەمدە ئىسپاتلاندى ۋە خېلى نەتىجىلەر
قولغا كەلتۈرۈلدى. ئېلىمىز مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ ۋە ئىلمىي تەتقىقاتىنىڭ مۇھىم
تەركىبىي قىسمى بولغان شىنجاڭ مىللەتلىرىنىڭ ئەدەبىيات تەتقىقاتى بۇ مەزگىلدە
خەلق ئەدەبىياتىنى قېزىش، رەتلەش، ھازىرقى زامان مىللىي ئەدەبىياتىنى باھالاش
ۋە قەدىمقى زامان مىللىي ئەدەبىياتىنى تونۇشتۇرۇش جەھەتلەردە خۇشاللىنارلىق
نەتىجىگە ئېرىشتى. 1952-يىلى، 1958-يىلى ۋە 1961-يىلى مىللىي ئەدەبىيات
بويىچە شىنجاڭ ئەدەبىيات سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى بىلەن يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ
ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن ئېلىپ بېرىلغان ئومۇمىي يۈزلۈك تەكشۈرۈش، ئۇقتىملىق تەك-
شۈرۈش ۋە لىنتىغا ئېلىش خىزمىتى مول نەتىجىگە ئېرىشتى. تۆۋەندىكى پاكىتلار
شىنجاڭنىڭ مىللىي ئەدەبىيات تەتقىقاتىدا 17 يىلدا قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەرنى
ناھايىتى ياخشى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ: شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئەدەبىيات تەتقىقاتچى-
لىرى، تەرجىمانلىرى، ئوبزورچىلىرىنىڭ بىرلىكتە تىرىشىشى ئارقىسىدا، ھۆرمەتلىك،
پەم-پاراسەتلىك «ئەپەندى» پۈتۈن مەملىكىتىمىزدە ھەممە كىشىگە تونۇشلۇق
تىپىك ئوبراز بولۇپ قالدى؛ زۇنۇن قادىر، تېيىپجان، ئابدۇكېرىم غوجا، ئەلقەم
ئەختەم، قاۋۇسلىقان قاتارلىق شائىر، يازغۇچىلار دۆلىتىمىزنىڭ ئەدەبىيات ئەھلىگە
تونۇلدى؛ ل. مۇتەللىپنىڭ پۈتۈن مەملىكەتكە داڭ كەتكەن نادىر شېئىرلىرى شىنجاڭ-
نىڭ يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاپ دەۋرىدىكى ئىنقىلاۋىي ئەدەبىياتىنىڭ كۆزى بولۇپ
قالدى. شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ قەدىمقى مەدەنىي مىراسلىرى ئۈستىگە قونغان
توپىنى قېقىۋەتكەن مەرۋايىتتەك باشقىدىن نۇر چاقنىتىپ، دۇنيانى ھەيران قالدۇر-
دى. 1956-يىلى مەشھۇر يازغۇچى لاۋشې جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى ئىجرائىيە
ھەيئىتىنىڭ 2-قېتىملىق كېڭەيتىلگەن يىغىنىدا بەرگەن دوكلاتىدا، شىنجاڭدىكى
ئۇيغۇر، قازاق، ئۆزبەكلەر مەدەنىي مىراس جەھەتتە باشقا مىللەتلەردىن قېلىش-

مايدۇ، 6-، 7 - ئەسىرلەردىكى «چىمستانى ئەلىك بەك» (بۇددا دىنىنىڭ تەكتى، تەمسىللىرى توغرىسىدىكى ھېكايە)، 11 - ئەسىردىكى «قۇتادغۇ بىلىك» لەر
— ئۇيغۇرلارنىڭ قىممەتلىك مىراسلىرى؛ ئۇنىڭدىن باشقا ئۇيغۇر ۋە ئۆزبەك ئەدەبىيا-
تىنىڭ تارىخىي دەۋرىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ناۋايى داستانى، قازاق ئەدەبىياتىنىڭ
بوۋىسى ئابايىنىڭ ئەسەرلىرىمۇ ۋەتىنىمىزنىڭ مەدەنىيىتى ۋە تارىخىنى تەشكىل قىلى-
دىغان قىممەتلىك بايلىقلاردۇر. 50 - يىللارنىڭ ئاخىرى، 60 - يىللارنىڭ باشلىرى ئىچكىرىدە
«شىنجاڭ ھەۋىسى» قوزغىلىپ، چېگرا قۇرۇلۇشىغا ياردەم بەرگۈچى تۈمەن - مىڭ ياشلار
شىنجاڭغا كەلدى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ، شۇ چاغدىكى كىشىلەرقەلبىدىكى ئوتتەك سىيا-
سى قىزغىنلىق سەۋەپ بولدى، لېكىن ئۇنى شىنجاڭنىڭ ۋە شىنجاڭ ھەققىدىكى
ئەدەبىيات، سەنئەت، كىنو، ھەتتا ئىلمىي تەتقىقاتتا ئىپادىلەنگەن ئالاھىدىلىكلەر-
نىڭ مەپتۇن قىلىش كۈچى بىلەن مۇناسىۋەتسىز دېگىلى بولمايدۇ. توپ - توغرا
بىر ئەۋلات كىشىلەر ئۈچۈن ئۇلار ناھايىتى چوڭ تەسىرلەندۈرۈش ۋە جەلىپ
قىلىش رولىنى ئوينىغان.

ئەگەر شىنجاڭنىڭ ئازاتلىقتىن كېيىنكى 17 يىللىق مىللى ئەدەبىيات تەتقىقا-
تىنى ئەسكە ئالغاندا سۆيۈنگەن بولساق، ئۇنىڭدىن كېيىنكى 8 يىلدىن بۇيانقى
گەۋدىلىك نەتىجىلەردىن تېخىمۇ خۇرسەن بولىمىز، يايراپ كېتىمىز. لېكىن ئەپسۇس-
كى، بۇ ماقالا 8 يىلدىن بۇيانقى تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭ ئاساسىي تەرەپلىرىنى
قىسقىچە ئەسلىتىپ ۋە باھالاپ ئۆتۈشلا مۇمكىن، ئۇ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى تولۇق
ئۆز ئىچىگە ئالالمايدۇ.

شىنجاڭدىكى مىللەتلەر مول ئىجادىي قابىلىيەتكە ۋە مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەت-
لىرىگە ئىگە. شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرى ئۈستىدىكى تەتقىقات
بىر ئەسىر بۇرۇنلا باشلانغان ئىدى. لېكىن جاھانگىرلار ۋە مۇستەملىكىچىلەرنىڭ مەدە-
نىيەت جەھەتتىكى بۇلاڭچىلىقى ۋە بۇلاپ كەتكەن ھۆججەتلەرنى مانىپولىيە
قىلىۋېلىشى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېلىمىزنىڭ كونا دەۋردە ئۆتكەن ئەكسىيەتچى ھۆكۈم-
رانلىرىنىڭ نادان، چىرىك، قابىلىيەتسىزلىكى نەتىجىسىدە، بۇ تەتقىقات ئازاتلىقتىن
بۇرۇن ئۇزاققىچە چەتئەلدىلا بولۇپ كەلدى. يەنە كېلىپ ئۇلار بۇ ئىشنى پۈتۈن
جۇڭخۇا مىللىتىدىن ئايرىپ چىقىپ، تارىختىن، مىللەتتىن، دۆلەتتىن ھالقىغان
ئاتالمىش «مەدەنىيەت چەمبىرىكى» ياكى «مەدەنىيەت ئورتاق گەۋدىسى» نىڭ
تەتقىقات دائىرىسىگە كىرگۈزۈپ ئالدى. شۇنىڭدەك بۇ تەتقىقات پارچە - پۇرات،
ئېلىشمان، سىستېمىسىز ھالەتتە تۇرۇپ كەلدى. ئەگەر بۇ تەتقىقاتلارنى كېرەكلىك

يېرى بار دىسەك، بۇ كېرەكلىك يېرى بەزى تەتقىقاتچىلارنىڭ بەزى يازغۇچىلار، ئەسەرلەر، سىيوژېتلار، تېمىلار ئۈستىدىكى كونكرېت تەتقىقاتلىرىدۇر.

ئېلىمىزدە شىنجاڭنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتىنى مەملىكەت مىقياسىدا، سىستېمىلىق، پىلانلىق تەتقىق قىلىش 1958 - يىلى باشلانغان ھەم دەسلەپكى نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن ھەممىگە مەلۇم بولغان سەۋەبلەر بىلەن كېيىن ئاساسەن توختاپ قالدى. 1979 - يىلى مەملىكەت بويىچە ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات تارىخىنى يېزىش توغرىسىدا سۆھبەت يىغىنى ئېچىلدى، جۇڭگو ئازسانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى ئىلمىي جەمئىيىتى رەسمىي قۇرۇلدى، «جۇڭگو ئازسانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى» دىگەن كىتاپ نەشر قىلىندى، ئېلىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتىنى «مىللەتنى ئاساس قىلغان ئەدەبىيات» بويىچە تەتقىق قىلىش پىرىنسىپى بەلگىلەندى. بۇلار جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم بىر تارمىغى بولغان ئېلىمىز ئاز سانلىق مىللەتلىرى ئەدەبىياتىنىڭ ئىلمىي تارماق بولۇپ رەسمىي تىكلەنگەنلىگىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ئېلىمىزدە ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتىنى رەسمىي يەڭگە ئايلاندى دىيىشكە تامامەن ھەقلىقمىز. سىستېمىلىق، ئىلمىي تەتقىقات سىستېمىسى تېخى يېقىنقى 8 يىلدىن بىرى شەكىللەندى. بۇ ئازسانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقاتىنى چوڭ قۇرۇلاشتۇرۇش ۋە يۇقۇرى دەرىجىگە قاراپ تەرەققى قىلدۇرۇشنىڭ ئېھتىياجى، شۇنداقلا ئاز سانلىق مىللەت خەلقىنىڭ تەرەققى قىلىش جەريانىدا «مىللى مەدەنىيەتنىڭ ئالاھىدىلىگىنى ساقلاش»، مىللى مەدەنىيەتنىڭ گۈزەل ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ ئۆز مىللىتىنىڭ ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنى گۈللەندۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇش يولىدىكى كۈچلۈك ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بۇ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىش، ئۇنىڭ ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىش، يېڭىلىق يارىتىشنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرىدۇ.

8 يىلدىن بۇيان شىنجاڭدا مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقاتىدا مىللەتنى ئاساس قىلغان تەتقىقات سىستېمىسى ۋە ئۇسۇلى بويىچە نۇرغۇن خىزمەت ئىشلەنىپ، بۇ خىزمەت ناھايىتى كۆپ تەرەققى قىلدى، مىسلى كۆرۈلمىگەن گەۋدىلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. بۇ ئاساسەن مۇنۇ تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ:

ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ يازغۇچىلار ئەدەبىياتى ۋە خەلق ئەدەبىياتى (ئەپسانە، قىسسە، داستان، قوشاق، چۆچەك، مەسەللەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) بۇ جەھەتتە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر

قىلغان «بولاق» (ئۇيغۇرچە)، «شالغىن» (قازاقچە)، «خان تەڭرى» (موڭغۇلچە)، «شىنجاڭ خۇيزۇلىرى ئەدەبىياتى» (خەنزۇچە) دىن ئىبارەت 4 خىل قەرەلسىز ئەدەبى ئەسەر ۋە تەتقىقات ژورنىلى چىقىرىلىپ، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ كۆپلىگەن خەلق ئەدەبى ئەسەرلىرى ۋە قەدىمقى يازغۇچىلارنىڭ ئەدەبى ئەسەرلىرى بېسىلىپ، شىنجاڭنىڭ مىللى ئەدەبىيات تەتقىقاتى ساھەسىدىكى گۈلزار بولۇپ قالدى. بۇ نەشرىيات يەنە «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىن تاللانما» (ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە ئىككى خىل)، «ئا. نازارنىڭ مۇھەببەت داستانلىرىدىن تاللانما» (خەنزۇچە)، «پەرھات - شىرىن» (ئۇيغۇرچە)، «ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى» (ئۇيغۇرچە)، «نەسىردىن ئەپەندى ھىكايىلىرى» (ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە) نىڭ ئەڭ يېڭى نەشرىنى، شۇنىڭدەك قازاق ۋە قىرغىز خەلق چۆچەكلىرىدىن تاللانما قاتارلىقلارنى سىستېمىلىق توپلاپ نەشر قىلدى. جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسى چىقارغان ئايلىق ژورنال «شىنجاڭ ئەدەبىياتى» (خەنزۇچە)، «تارىم» (ئۇيغۇرچە)، «شوغىلا» (قازاقچە)، «ۋېنىرا» (موڭغۇلچە)، پەسىللىك ژورنال «شىنجاڭ قىرغىز ئەدەبىياتى» (قىرغىزچە)، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتى چىقارغان «مىراس» (ئۇيغۇرچە)، «شىنجاڭ خەلق ئەدەبىياتى تەتقىقات خەۋەرلىرى» (ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە)؛ ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىلىرى ياكى مەدەنىيەت ئىدارىلىرى چىقارغان «قەشقەر ئەدەبىياتى» (ئۇيغۇرچە)، «يىپەك يولى» (خەنزۇچە)، «ئىلى دەرياسى» (ئۇيغۇرچە، قازاقچە)، «يېڭى قاش تېشى» (ئۇيغۇرچە)، «بوستان» (ئۇيغۇرچە)، «بۇغدا»، (خەنزۇچە)، «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» (ئۇيغۇرچە)، «قۇمۇل ئەدەبىياتى» (ئۇيغۇرچە)، «تۇرپان ئەدەبىياتى» (ئۇيغۇرچە)، «ئالتاي ئاياسى» (قازاقچە)، «باينىغۇلىن» (موڭغۇلچە) قاتارلىق پەسىللىك ژورناللار كىلاسسىك مىللى ئەدەبىيات مىراسلىرىغا مەلۇم سەھىپە بەردى ھەم ئۇنىڭغا قوشۇپ تەقرىز، تەتقىقات ماقالىلىرىنى باستى.

دۆلىتىمىز بويىچە 3 چوڭ داستاندىن ئىككىسى شىنجاڭدىن چىققان. 8 يىلدىن بۇيان موڭغۇل داستانى «جاڭغىر»، قىرغىز داستانى «ماناس» ۋە باشقا داستانلارنى يىغىش، رەتلەش ۋە نەشر قىلىشتا خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. 1980-، 1981-يىلى ئىككى يىلدىلا مىللى ئەدەبىيات تەتقىقات جەمئىيىتى «جاڭغىر» خىزمەت گۇرۇپپىسى 60 نەچچە «جاڭغىر» نى زىيارەت قىلىپ، 120 نەچچە قاپ لىنتىغا ئاۋاز ئالدى، 10 نەچچە خىل ئەسەرنىڭ 100 گە يېقىن

نۇسخىسىنى، 70-80 مىڭ مىسرا شېئىرنى توپلىدى. ھازىر ئۇنىڭدىن 17 پارچە ماتېرىيال رەتلەندى. ئۇنىڭدىن بۇرۇن «جاڭغىر» (15 قىسىملىق) ئوچۇق نەشر قىلىنغان ئىدى. 1981-يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى موڭغۇل داستانى «زۇل ئالدارخان» نىڭ ئەسلى تېكىستىنى چىقاردى؛ «شىنجاڭ مىللەتلەر ئەدەبىياتى» قىرغىز داستانى «ماماك-شاپۇر» نىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسىنى چىقاردى. 1982-يىلى موڭغۇل داستانلىرىدىن «نارىنخان»، «باتۇر دۆش باليت» (ئىككىلىسى موڭغۇلچە)، قازاق داستانى «ئارقالىق باتۇر»، «بۇلان باتۇر» لار نەشر قىلىندى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە «نارىنخان» ئويرات موڭغۇللىرىنىڭ 3 قىسىملىق داستانىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، مۇھىم ئەدەبىي قىممەتكە ئىگە. 1982-يىلى نەشر قىلىنغان قازاقلارنىڭ «جاساغا ئاگىزلىرى» قازاق مىللىتىنىڭ مەنبەئەسىنى تەتقىق قىلىشتىلا ئەمەس، شىنجاڭدىكى باشقا مىللەتلەرنىڭ قەدىمقى ئىپتىدائى ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىشتىمۇ مۇھىم قىممەتكە ئىگە.

شىنجاڭ مىللەتلىرىنىڭ ئەدەبىي مىراسلىرىنى يىغىش، رەتلەش، نەشر قىلىش، تونۇشتۇرۇش جەھەتتە، ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات مىراسلىرىنى رەتلەش، تونۇشتۇرۇشتا قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجە ئەڭ گەۋدىلىك بولدى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئۇيغۇرقەدىمقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ ھەر قايسى دەۋردىكى ئەسەرلەرىن ھازىر بىزگە مەلۇم بولغان دەۋر بۆلگۈچ ئەسەرلەر ۋە مۇھىم يازغۇچىلارنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرىغا ئىگە ئەسەرلىرى (ياكى بىر قىسمى) ئۇدۇللۇق نەشر قىلىنىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرمۇنچىسى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىندى ياكى تەرجىمە قىلىنىۋاتىدۇ.

«ئوغۇزنامە» قەدىمقى زامان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەڭ مۇھىم قەھرىمانلىق داستانى. بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى ئەسلى نۇسخىسىغا ترانسكرىپسىيە بېرىپ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمىسىگە سېلىشتۇرما قىلىنغان نۇسخىسىنى چىقارغاندىن كېيىن، 1982-يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى خەنزۇچە تەرجىمىسىنى چىقاردى. ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرى ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمقى مەدەنىيىتى يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققى قىلغان دەۋرلەرنىڭ بىرىدۇر. بۇ مەدەنىيەتنىڭ ماكانى بولغان تۇرپاندىن قېزىۋېلىنغان بىر قىسىم گۈزەل شېئىر، كۈي، لېرىكا، دەۋەتنامە، ھىكمەتنامە، مەرسىيەلەر ۋە ئۇنىڭدىنمۇ بۇرۇنقى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان، ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان مانى دىنىنىڭ بىر قىسىم تەسۋىرى شېئىرلىرى، كۈي، لېرىكا، دەۋەتنامە، ھىكمەتنامە، مەرسىيەلىرى، بۇددا

دىنىنىڭ شاھادەتنامە، ئىستىقپارنامە، تىلاۋەتنامىلىرى، بۇنىڭدىن باشقا بۇددادىنى، نىستۇرى دىنى ھىكايىلىرى خەنزۇچىغا تاللاپ تەرجىمە قىلىندى ۋە ئېلان قىلىندى.

بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ قاراخانىلار دەۋرىدىكى (10 - ئەسىردىن 13 - ئەسىرگىچە) ئىككى چوڭ ئەدەبى ئەسىرى «قۇتادغۇ بىلىك» بىلەن «تۈركى تىللار دىۋانى» نى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ. مەھمۇت قەشقىرى 1072 - يىلدىن 1077 - يىلغىچە باغداتتا يازغان «تۈركى تىللار دىۋانى» نىڭ ئەدەبى قىممىتى شۇ يەردىكى، ئۇ قېلىپلاشقان ئەدەبى تىل بىلەن 200 كۇپلېتتەك قەدىمقى خەلق قوشىقىنى نەقىل ئېلىپ، شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ قەدىمقى ئىجتىمائى تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. شىنجاڭ ئىجتىمائى پەنلەر ئاكادېمىيىسى تىل تەتقىقات ئىنستىتۇتى 1980 - يىلدىن باشلاپ بۇ ئەسەرنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە ۋە نەشر قىلدى (3 توم). خەنزۇچە تەرجىمىسىمۇ نەشردىن چىقىش ئالدىدا تۇرىدۇ. «قۇتادغۇ بىلىك» مۇ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىنىڭ يېڭى دەۋرنى باشلىغانلىقىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان. ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يول ئاچىدىغان ئەسەر. بالاساغۇنلۇق يۈسۈپ خاس ھاجىپ 1069 — 1070 - يىللىرى يازغان بۇ ئەسەردە قاراخانىلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائى ئىدېئولوگىيىسى ۋە مەنىۋى مەدەنىيىتى بىر قەدەر مەركەزلىك ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇ — شۇ دەۋردە دۆلەتىمىزدىكى يازغۇچىلارنىڭ ئەدەبى ئەسەرلىرى ئىچىدە ئەڭ چوڭ ئەسەرلەردىن ھېساپلىنىدىغان. ئارۇز ۋەزنىدە يېزىلغان 13 مىڭ 290 مىسرالىق، 85 پارچىغا بۆلۈنگەن (ئۇنىڭدىن سىرت قوشۇمچە 3 پارچە بار) ئەسەر. ھازىر دۇنيادا بۇ كىتاپنىڭ 3 خىل نۇسخىسى بار (ۋېنا نۇسخىسى، قاھىرە نۇسخىسى ۋە نەمەنگان نۇسخىسى)، تەتقىقاتتىن قارىغاندا، ھەممىسى كېيىن كۆچۈرۈلگەن. بۇ كىتاپ دۇنيانىڭ دىققىتىنى كەڭ تۈردە قوزغىغان، بىر ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، ئوتتۇرا ئاسىيا، شەرقىي ياۋروپا، غەربىي ياۋروپا، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە ئامېرىكىدا فوتو نۇسخىسى، قولدا كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى ۋە بىر نەچچە خىل يېزىقتىكى تەرجىمە نۇسخىلىرى نەشر قىلىنغان. ئېلىمىزدە يېقىنقى 8 يىلدىن بۇيان شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ۋە بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن بۇ كىتاپنىڭ گېڭ شىمىن تەرجىمە قىلغان ئۆزۈندە تەرجىمىسى، شىنجاڭ ئىجتىمائى پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئىنستىتۇتى ئىشلىگەن لاتىنچە ترانسكرىپسىيىسى ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى نەزمى يەشمىسى نەشر قىلىندى. ئۇنىڭ خەنزۇچە تولۇق تەرجىمىسى

بىلەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى نەسرى يەشمىسىمۇ پات ئارىدا دۇنياغا كۆز ئاچىدۇ. قولىدا كۆچۈرۈلگەن قەدىمقى ئۇيغۇرىيېزىقىدىكى ۋېنا فوتو نۇسخىسى نەشر قىلىش ئالدىدا تۇرىدۇ. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى يەشمىسىنىڭ ئىندىكسلىق لۇغىتىمۇ تۈزۈلىۋاتىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدەبىيات تارىخىدا «قۇتادغۇ بىلىك» تىن كېيىنكى يەنە بىر مۇھىم ئەسەر — ئەخمەت يۈكنەكىنىڭ «ئەتەبەتولھەقايىق». ئۇنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى يەشمىسى بىلەن خەنزۇچە ئۆزۈندە تەرجىمىسى نەشر قىلىندى. شۇزاماندىكى يەنە مۇھىم شائىر — ئەخمەت يەسەۋىنىڭ «دىۋان ھىكمەت» نىڭ قىسمەن باپلىرىنىڭ تەرجىمىسىمۇ كىتاپخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشتى.

14 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان دەۋر ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدا شانلىق «چاغاتاي ئەدەبىياتى دەۋرى» دۇر. بۇ دەۋردە يازما ئەدەبىيات ئىجادىيىتى قالتىس گۈللەنگەن. 15 - ئەسىرنىڭ بېشىدا ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدىكى رومانتىزىمنىڭ پېشۋالىرى لۇتفى، ئاتايى، ەككاكىلار ئەدەبىيات ژانىرىدا چوڭ ئۆزگىرىشنى باشلاپ، كىلاسسىك لىرىكىلىق شېئىر «غەزەل» نىڭ ئۇزاق ۋاقىت گۈللىنىشىگە ۋەزىيەت يارىتىپ بېرىپلا قالماي، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇلار بارا - بارا ۋەز - نەسىھەت ئىجادىيىتىنىڭ ئەنئەنىۋى ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ، كىشىلىك تۇرمۇش، مۇھەببەت ۋە گۈزەل پەزىلەتنى كۆپرەك مەدھىيىلەپ، كېيىنكى چاغلاردا رېئالىزىملىق ئەدەبىياتنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئۈچۈن ئىدىيىۋى، بەدىئى ئاساس سالغان. بۇ 3 نەپەر مۇھىم يازغۇچىنىڭ ئەسەرلىرى تەرجىمە قىلىندى. 17 - ئەسىردىن باشلاپ ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى رېئالىزىم يەنە تەرەققى قىلدى. بۇ دەۋردىكى ۋەكىللىك خاراكتىرىغا ئىگە يازغۇچىلاردىن خىرقىتى، زەلىلى، نەۋبىتى، ئابدۇرېھىم نازارى، قەلەندەر، سەبۇرى، گومنام، موللا بىلال، تەجەللىلەرنىڭ مەشھۇر ئەسەرلىرىمۇ تەرجىمە قىلىندى. مەسىلەن، خىرقىتىنىڭ «مۇھەببەتنامە ۋە مىھنەتكامە»، زەلىلىنىڭ «سەپەرنامە» ، ئا. نازارىنىڭ يۈرەك تارىنى چېكىدىغان مۇھەببەت داستانى «رابىيە - سەئىدىن »، «لەيلى - مەجنۇن »، «پەرھات - شىرىن »، «مەسئۇت - دىلئارا» ۋە باشقىلار.

1983 - يىلى ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمقى ئەسەرلىرىنى رەتلەيدىغان مەخسۇس ئاپارات قۇرۇلدى، بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ قەدىمقى مەدەنىيەت مىراسلىرى تېخىمۇ پىلانلىق، سىستېمىلىق رەتلىنىدۇ، نەشر قىلىنىدۇ، تەرجىمە

قىلىپ تونۇشتۇرۇلىدۇ. بۇ ئورۇنغا ھەر مىللەت قەدىمقى كىتاپ مۇتەخەسسىسلىرى، ئالىملىرى، كەسپىي خادىملىرىدىن ئاتمىش نەچچە كىشى توپلاندى. ئۇلار ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل، قىرغىز، شىۋەلەرنىڭ ئون نەچچە خىل قەدىمقى مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىنى رەتلىمەكتە. مەسىلەن، مىلادى 6-ئەسىردىكى قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان بۇددا ئەدەبىياتىغا تەۋە مۇنەۋۋەر ئەسەر «مائىترى سىمىت»، قازاقلارنىڭ مەشھۇر چاتما شېئىرى «بەختىيارنىڭ 40 بۇتاغى»، قىرغىزلارنىڭ مەشھۇر داستانى «ماناس» قاتارلىق ئەسەرلەردىن ئالدىنقى ئىككىسى ۋە ئاز سانلىق مىللەت كلاسسىك يازغۇچىلىرىدىن 17 كىشىنىڭ مۇھىم ئەسەرلىرى نەشىردىن چىقىش ئالدىدا تۇرىدۇ.

ئەدەبىياتنىڭ ئاساسىي نەزەرىيەسىنى تەتقىق قىلىش جەھەتتىمۇ دەسلەپكى ئۇتۇق ھاسىل قىلىندى، بۇ ھەقتە ئېلان قىلىنغان ماقالىلار مىللى ئەدەبىيات قۇرۇلۇشىغا دائىر مۇھىم مەسىلىلەرگە تاقىلىدۇ. مەسىلەن، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان رايونىمىزدىكى تەتقىقاتچىلار «مىللى ئەدەبىيات تەتقىقاتى» (بېيجىڭ)، «مىللەتلەر شۆيۈەنى ئىلمىي ژورنىلى» (بېيجىڭ) دا ۋە «شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژورنىلى» دا ئېلان قىلىنغان ئىلمىي ماقالىلاردا مىللى ئەدەبىياتنىڭ چېگرا دائىرىسى، ئېلىمىزدە كۆپ مىللەتلىك ئەدەبىياتنىڭ شەكىللىنىش ۋە تەرەققى قىلىش قانۇنىيىتى ھەم ئۇلارنىڭ خەنزۇ ئەدەبىياتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قاتارلىق مۇھىم مەسىلىلەر مۇھاكىمە قىلىندى. «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، «تارىم» لارغا بېسىلغان ئىلمىي ماقالىلاردا ئەدەبىي مىراسلارغا قانداق توغرا مۇئامىلە قىلىش توغرىسىدىكى پرىنسىپال پىكىرلەر مۇھاكىمە قىلىندى.

ئەدەبىيات تارىخى ۋە ئەدەبىياتنىڭ ئومۇمى ئەھۋالى ئۈستىدىكى تەتقىقات بىر نەچچە يىلدىن بېرى بىر قەدەر تېز تەرەققى قىلدى. 1981-يىلدىن باشلاپ رايونىمىزدىكى مىللى ئەدەبىيات خىزمەتچىلىرى ئۇيغۇر، قازاق، ئۆزبەك، تاجىك، تاتار، شىۋە، قىرغىز، رۇس، ئويرات موڭغۇللىرى، خۇيزۇ، داغۇر ئەدەبىياتلىرىنىڭ ئومۇمى ئەھۋالىنى يېزىپ چىقتى. 1984-يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى ئەدەبىيات تارىخىغا ياتىدىغان مەخسۇس ئەسەر «تاجىك خەلق ئەدەبىياتى» نى نەشر قىلدى. ھازىرغا قەدەر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئومۇمى ئەھۋالى توغرىسىدىكى بايان، ماقالا تىپىدىكى ئەسەرلەر 5 خىلغا يېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئەدەبىيات تارىخىنى ۋە ئەسەرلەرنى دەۋرگە ئايرىشقا ئائىت ئىلمىي ماقالىلار ئېلان قىلىندى. ئەدەبىيات تارىخى ئۈستىدىكى تەتقىقات دەۋرگە بۆلۈپ تەتقىق قىلىش، مەخسۇس تېمىلار بويىچە تەتقىق قىلىش ۋە دەلىللەش ئىلمى، كاتا-

لوگىزاتسىيە، تېكىستالوگىيىگە ئوخشاش ئەدەبىياتقا ياندىشىپ كەلگەن ياردەمچى
پەنلەر ئۈستىدىكى تەتقىقاتلارنىڭ يېڭى تەرەققىياتى ئاساسىدا خېلى تېز تەرەقـ
قىي قىلدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمقى ئەدەبىيات تارىخىنى دەۋرگە بۆلۈپ تەتقىق قىلىش
ئومۇمىي يۈزلۈك باشلاندى. جۇڭگونىڭ ئەدەبىيات تارىخىغا يېزىلغان «شىمالىي
سۇلالە ناخشا - مۇزىكا مەھكىمىسىنىڭ ناخشا توپلىمى» دىكى سىيانپى خەلق
ناخشىسى، «سالا ناخشىسى» نىڭ ھەقىقىي مىللىي تەۋەلىكى يېقىنقى يىللاردىن
بۇيان دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى تەتقىقاتچىلارنىڭ مۇنازىرىسىنى قوزغىدى.
رايونىمىزدىكى تەتقىقاتچىلار «شىنجاڭ مائارىپى»، «شىنجاڭ مىللەتلەر ئەدەبىياتى»
ۋە «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» دا بۇ ئەسەرنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجـ
داتى يازغان ئەسەر ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ ئىلمىي ماقالا ئېلان قىلدى.
بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ يازما ئەدەبىياتىنىڭ قاچاندىن باشلانغانلىقى ئۈستىدە يەنىمۇ ئىلـ
گىرىلەپ ئىزدىنىش ئۈچۈن ئىجابىي ئەھمىيەتكە ئىگە. موڭغۇل دالىسىنىڭ شىمالـ
ىكى ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگە دائىر مەڭگۈ تاش ئەدەبىياتىنى بۇرۇن كىشىلەر
ـەمدىن - كەم تەتقىق قىلغان. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بۇ ھەقتىمۇ تەتقىقات
نەتىجىلىرى ئېلان قىلىندى. ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى شېئىر - قوشاقلار
ۋە بۇددا ئەدەبىياتى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى بارغانسېرى قوزغىماقتا، ئۇنى تونۇشـ
تۇرىدىغان ماقالىلار ئۈزلۈكسىز يېزىلىپ تۇرماقتا. قاراخانىلار دەۋرىدىكى ئىككى
چوڭ ئەسەر تەتقىقاتچىلارنىڭ دىققەت مەركىزى بولۇپ كەلدى، بولۇپمۇ «قۇتادغۇ
بىلىك» كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئەڭ كۆپ تارتماقتا. 1980 - يىلدىن بۇيان بۇ
ئەسەرنىڭ ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئورنى ۋە كېيىنكى ئەدەبىياتلارغا كۆرسەتكەن
تەسىرىنى ئوخشاش بولمىغان نۇقتىدىن تەتقىق قىلىدىغان مەخسۇس ئەسەردىن 30
نەچچىسى ئېلان قىلىندى. ئۇيغۇرلارنىڭ چاغاتاي ئەدەبىياتى دەۋرى تەتقىقاتچىلار
ئەڭ كۆپ توپلانغان ساھە «چاغاتاي ئەدەبىياتى توغرىسىدا قىسقىچە بايان» بىلەن
«چاغاتاي دەۋرىدىكى ئەدەبىيات توغرىسىدا ئومۇمىي بايان»، شۆبھىسىزكى، دەۋرگە
بۆلۈپ تەتقىق قىلىشتىكى ۋەكىللىك خاراكتېرىغا ئىگە ئىككى ئىلمىي ماقالا. تەتـ
قىقاتچىلار بۇ دەۋردىكى بارلىق مۇھىم يازغۇچىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى توغـ
رىلىق مەخسۇس ماقالىلارنى يېزىپ قالماستىن، بۇرۇن كىشىلەرگە ئانچە مەلۇم
بولمىغان مەھەممەت سىدىق بەرشىدى، موللا مۇسا سايرامىغا ئوخشاش يازغۇچىلار
نىمۇ نەزەردىن قالدۇرمىدى.

مەخسۇس تەتقىقاتنىڭ دائىرىسى مىللى ئەدەبىياتنىڭ ئەنئەنىسى، ژانىرى، ئوبرازى، تىلى قاتارلىق جەھەتلەرگىچە يېتىپ باردى. ئەنئەنىۋى ژانىر ئۈستىدىكى تەتقىقاتتا بىر قەدەر مەركەزلىك ئەكس ئەتتى. ئۇيغۇرلارنىڭ كلاسسىك لىرىكىسى بىلەن رۇبائىيسى كۆپرەك تەتقىق قىلىنغان تېمىدۇر. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى رېئالىزىم ئەنئەنىسى ۋە تەنقىدىي رېئالىزمنىڭ ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدىكى ئىپادىسى، تەسۋىرى شېئىر ئىجادىيىتىنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى ئورنى ۋە تەرەققىيات يولى، يەسەۋىنىڭ شېئىرلىرىدىكى ئىسلام تىلسىمچىلىغىنىڭ تەسىرى، دىن ۋە كلاسسىك ئەدەبىيات، چاغاتاي تىلى، تۈركى تىل لېكسىكىسى ۋە تۈركى تىل سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق ئەدەبى تىلى قاتارلىق تېمىلارمۇ تەتقىق قىلىندى.

سېلىشتۇرما ئەدەبىيات، كاتالوگىزاتسىيە، دەلىللەش ئىلمى ۋە تارىخ ماتېرىياللىرى ئىلمى ئۈستىدىكى تەتقىقات بۇرۇن شىنجاڭدا بولمىغان، بەزىلىرى يېڭىدىن باشلانغان ئىدى، لېكىن يېقىنقى يىللاردىن بېرى بۇ پەنلەر ئۈستىدىكى تەتقىقات جانلىنىپ كەتتى. پروفېسسور جى شيەنلىن «شىنجاڭ ۋە سېلىشتۇرما ئەدەبىيات تەتقىقاتى» دېگەن ماقالىنى ئېلان قىلغاندىن كېيىن، بۇ جەھەتتىكى تەتقىقاتقا كىشىلەرنىڭ دىققىتى قوزغىلىپ، «شىنجاڭ مىللى ئەدەبىياتى ئۈستىدە سېلىشتۇرما تەتقىقات توغرىسىدا»، «‹شىۋاڭمۇ› توغرىسىدا يېڭى ئىزدىنىش»، «شېئىرىيەت ۋە ئاقىن»، «ئەنئەنىۋى ھېكايىلاردىن تۇتۇمغا نەزەر»، «لۇشۈن ئەسەرلىرى شىنجاڭدا» دېگەنگە ئوخشاش ئىلمىي ماقالىلار مەيدانغا كەلدى. مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتىنى ئۆز ئارا سېلىشتۇرۇش، جۇڭگو ئەدەبىياتى بىلەن چەتئەل ئەدەبىياتىنى سېلىشتۇرۇش، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بىلەن يازغۇچىلار ئەدەبىياتىنى سېلىشتۇرۇش، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بىلەن فولكلورنى سېلىشتۇرۇش، يازغۇچىلارنىڭ تەسىرىنى تەتقىق قىلىشقا ئوخشاش ناھايىتى كەڭ دائىرىلىك سېلىشتۇرما ئەدەبىيات تەتقىقاتى شىنجاڭدا قىزىپ كەتتى. كاتالوگىزاتسىيە تەتقىقاتى جەھەتتە شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983-يىلى نەشر قىلغان «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمقى مەدەنىيىتى ۋە ھۆججەتلىرى توغرىسىدا قىسقىچە بايان» بۇ جەھەتتىكى ئاساسلىق نەتىجىدۇر. ئۇنىڭدىن باشقا، «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئەسەرلىرى توغرىسىدا قىسقىچە بايان» ۋە «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەسەرلىرىنىڭ كاتالوگى» قاتارلىقلارمۇ كىشىنى خوش قىلىدىغان نەتىجىدۇر. دەلىللەش ئىلمى ۋە تارىخ ماتېرىياللىرى ئىلمى جەھەتتىكى تەتقىقات ئاساسەن «تۈركى تىللار دىۋانى» ۋە «قۇتادغۇبىلىك»

ئاپتورلىرىنىڭ ھاياتى پائالىيىتىنى دەۋر قىلىپ ئېلىپ بېرىلدى. «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تىل تەتقىقات ئىنىستىتۇتىدىكى ۋە قەشقەردىكى تەتقىقاتچىلار مەھمۇت قەشقىرىنىڭ قەۋرىسىنىڭ ئورنىنى بېكىتىش يولىدا نۇرغۇن خىزمەت ئىشلىدى، 1983 - يىلى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلدى، 6 پارچە دەلىللىماماقالا ئېلان قىلىندى. شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ۋە ئەدەبىيات تەتقىقات ئىنىستىتۇتىدىكى تەتقىقات خادىملىرىمۇ يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ھاياتى ۋە «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ يەكەن قولىيازمىسىنى تېپىش ئۈچۈن تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

شىنجاڭدا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقاتى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. «خەلق ئېغىز داستانلىرى توغرىسىدا»، «تەسۋىرى داستان ‹غېرىپ - سەنەم›»، «قازاق خەلق داستانى ‹بەختىيار› ۋە ئۇنىڭ قىرىق پۈتىغى توغرىسىدا»، «ئۇيغۇرلارنىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرى توغرىسىدا»، «قازاق ماقاللىرى توغرىسىدا قىسقىچە مۇھاكىمە»، «قازاق خەلقىنىڭ ‹قىرىق پۈتاغى› توغرىسىدا قىسقىچە بايان»، «شىنجاڭ خۇيزۇلىرىنىڭ ‹گۈل› نى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش» قا ئوخشاش بىر تۈركۈم تەتقىقات ماقالىلىرى يېزىلدى. شىنجاڭنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى نەسرىدىن ئەپەندىنى مەركەز قىلغان پاراسەتلىك شەخس ئوبرازلىرى شىنجاڭنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقات ساھەسىدىكى «خېرىدارلىق تېما» بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىز ئىچى - سىرتىدىكى كۆپلىگەن تەتقىقاتچىلار ئۇنى ھارماي تەتقىق قىلماقتا. بۇ جەھەتتە يېقىنقى يىللاردىن بۇيان كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتقان ئىلمىي ماقالىلار «شەيتاننىڭ يۈزى — ئەپەندىنىڭ ھېكايىسىنى ئوقۇغاندىن كېيىن»، «خەلق ئىچىدىكى چاقچاقلارنىڭ ئىستېتىك ئەھمىيىتى ئۈستىدە يېڭى ئىزدىنىش — نەسرىدىن ئەپەندى تەتقىقاتى (1)»، «نەسرىدىن ئەپەندى ھېكايىلىرىدىكى لوگىكىلىق كۈچ»، «ھىسام قۇربان ۋە ئۇنىڭ لەتىپىلىرى»، «موللا زەيدىن ۋە ئۇنىڭ لەتىپىلىرى»، «خەلق يۇمۇرچىسى ھىسام ۋە ئۇنىڭ يۇمۇرلىرى»، قاتارلىقلاردۇر. يېقىنقى يىللاردىن بېرىقى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقاتىدىكى ياخشى نەتىجىلەر «شىنجاڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقاتىدىكى ئىلمىي ماقالىلار» قىلىپ توپلاندى، پات ئارىدا نەشر قىلىنىدۇ.

شىنجاڭنىڭ ھازىرقى زامان مىللى ئەدەبىياتى تەتقىقاتى جەھەتتە 8 يىلدىن بۇيان قولغا كەلگەن نەتىجىلەرمۇ خېلى كۆپ. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمى يىغىنىدىن كېيىن، مىللەتلەر نەشرىياتى بىلەن شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى زامان شائىرلىرىنىڭ شېئىرىنى توپلام قىلىپ

ياكى ئايرىم - ئايرىم چىقارغاندىن باشقا، مىللەتلەر نەشرىياتى مەرھۇم مەشھۇر قازاق شائىرى قاۋسىلقاننىڭ ئەسەرلىرىنى توپلام قىلىپ چىقاردى، تاڭجارىقنىڭ «ئانار بىلەن سەۋلە» دېگەن ئەسىرىنى چىقاردى. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى «ل. مۇتەللىپ شېئىرلىرىدىن تاللانما» نىڭ يېڭى نەشرىنى ۋە خەنزۇچە تەرجىمىسىنى چىقاردى. بولۇپمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، «شىنجاڭ مىللەتلەر ئەدەبىياتى» يېقىندا توپلاپ ئېلان قىلغان مۇتەللىپنىڭ 12 كۇبلېت شېئىرى ۋە «ماركس - ئېنگېلس ئەدەبىيات توغرىسىدا»، «سەنئەتكە مۇھەببەت» دېگەن ئىككى پارچە ئىلمىي ماقالىسىنىڭ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنىشى، مۇتەللىپنىڭ «ئىلى دەرياسى» دا ئېلان قىلىنغان «تىياتىرنىڭ پەيدا بولۇشى» دېگەن يەنە بىر ئىلمىي ماقالىسى، «شىنجاڭ ئەدەبىياتى» دا ئېلان قىلىنغان ماۋدۇن ئەپەندىنىڭ شىنجاڭدا ئەدەبىيات - سەنئەت جەمئىيىتىنىڭ خىزمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلغانلىقى توغرىسىدىكى ئەسلىمىسى شىنجاڭنىڭ ھازىرقى زامان مىللىي ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىشتا ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، پۈتۈن جۇڭگونىڭ ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدىكى بەزى تېمىلارنى مەزمۇن جەھەتتە تولۇقلايدۇ. ھازىرقى زامان يازغۇچىلىرىنى تەتقىق قىلىشتا، مۇتەللىپ، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، تاڭجارىق، نىمشېھىت، زۇنۇن قادىر، قاۋسىلقانلار تەتقىقاتچىلارنىڭ مۇھىم تېمىسى بولۇپ كەلدى. 1979 - يىلدىن باشلاپ، كىشىلەرگە تونۇشلۇق بولغان ھازىرقى زامان شىنجاڭ مىللىي يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرى ۋە رايونىمىزدىكى تەتقىقاتچىلارنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرى دۆلىتىمىزدىكى ئالىي مەكتەپلەردە تاللاپ ئۆتۈلىدىغان ئىجتىمائىي پەن دەرسلىكلىرىگە كىرگۈزۈلدى. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى بۈگۈنكى زامان مىللىي ئەدەبىيات ئوبزورىنى مەزمۇن قىلغان «شىنجاڭ مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىن ماقالىلار توپلىمى» چىقاردى. بۈگۈنكى زامان ئەدەبىيات تەتقىقاتىدا كۆپ تىلغا ئېلىنمايدىغان مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتىدا يېقىنقى يىللاردىن بۇيان كەينى - كەينىدىن تەتقىقات نەتىجىلىرى ئېلان قىلىندى. مەسىلەن، «ئازاتلىقتىن كېيىنكى شىنجاڭ شىۋە ئەدەبىياتى»، «بۈگۈنكى زامان قىرغىز ئەدەبىياتى»، «جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقان ئۇيرات موڭغۇل ئەدەبىياتى» قاتارلىقلار. بۈگۈنكى زامان مىللىي ئەدەبىياتىغا دائىر ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيىسى ۋە ئەدەبىي تەنقىت بۇرۇنقىدىن كۆپ جانلاندى. بىر نەچچە يىلدىن بۇيان مىللىي ئەدەبىيات تەتقىقاتچىلىرى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئەدەبىيات ۋەزىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا بىرلەشتۈرۈپ، مىللەتلەر ئەدەبىيات ئىجادىيىتىنىڭ ئەمەلىيىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىلەرنى كۆزدە تۇتۇپ، مىللىي ئەدەبىيات ئىجادىيىتىدىكى چىنلىق

بىلەن تېندېنسىيىلىك مەسىلىسى، بەدىئى ئوبراز مەسىلىسى، بەدىئى لەززەت مەسىلىسى، ئوبرازلىق تەپەككۇر مەسىلىسى، ئىجات قىلىش بىلەن دوراش مەسىلىسى، تىل مەسىلىسى، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان تېما مەسىلىسى، دىخان، چارۋىچىلار ئىچىدىكى يېڭى ئادەملەرنىڭ ئوبرازىنى يارىتىش مەسىلىسى، ئەدەبىياتتىكى ئىشقى - مۇھەببەت مەسىلىسى، ئەدەبىي تەنقىت مەسىلىسى ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزدى. مىللى ئەدەبىيات تەنقىتچىلىرى يەنە «چوڭ تېما ۋە ئوچۇق ۋاستە»، «دەۋر ئالاھىدىلىكى بىلەن مىللى تۈسنىڭ بىرلىشىپ كېتىشى»، «دەۋر ئېقىمى بىلەن شەخسنىڭ تەقدىرىنى چەمبەر - چەس باغلاش» دېگەنگە ئوخشاش بىر قاتار مۇھىم تەشەببۇسلارنى ئوتتۇرىغا قويدى. يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، بۈگۈنكى زامان ئەدەبىيات ئىجادىيىتىدە، ئەدەبىي ئوچېرىك ۋە باللار ئەدەبىياتىنىمۇ تەتقىقاتچىلار ئالاھىدە تەشەببۇس قىلدى.

ئىلمىي تەتقىقاتنىڭ جانلىنىشى رايونىمىزدىكى مىللى ئەدەبىيات تەتقىقاتچىلىرىدا ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە، پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسىدە ۋە خەلقارا دائىرىدە ئىلىم ئالماشتۇرۇش پائالىيىتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇش ئېھتىياجىنى پەيدا قىلدى ۋە ئۇنىڭغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى.

1982 - يىل 8 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق «جاڭگىر» رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى بىرىنچى قېتىملىق «جاڭگىر» ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئاچتى. مۇھاكىمە يىغىنىغا ئاپتونوم رايوننىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىن بولۇپ 37 پارچە ئىلمىي ماقالا ۋە تەكشۈرۈش دوكلادى كەلدى. بۇ ماقالا ۋە دوكلاتلاردا «جاڭگىر» نىڭ زامانى، پەيدا بولغان جايى، تارقىلىشى، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى تەتقىقات ئەھۋالى، ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئورنى، ئەسەرنىڭ ئاساسى ئىدىيىسى، بەدىئى ئالاھىدىلىكى، پەلسەپۋى ئىدىيىسى، ئىستېتىك قىممىتى، تىل بايلىقى ۋە «جاڭگىر» غا دائىر مەسىلىلەر بايان قىلىندى ۋە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلدى، بىر مۇنچە يېڭى قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ ئېلىمىزدىكى «جاڭگىر» تەتقىقاتى ئۈچۈن كۈچلۈك تۈرتكە.

1983 - يىل 2 - ئايدا شىنجاڭ ئىجتىمائى پەنلەر ئاكادېمىيىسى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى بىرلىشىپ ئاپتونوم رايونلۇق تۇنجى قېتىملىق ئاز سانلىق مىللەتلەر كلاسسىك ئەدەبىياتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئاچتى. يىغىنغا 11 مىللەتنىڭ ۋەكىلى قاتناشتى، ئازسانلىق مىللەت ۋەكىللىرى 90 پىرسەنتتىن كۆپرەكنى تەشكىل قىلدى. يىغىن 88 پارچە ئىلمىي ماقالا

تاپشۇرۇۋالدى، بۇ ماقالىلاردا شىنجاڭدىكى ھەممە ئاز سانلىق مىللەتنىڭ ئەدەبىياتى توغرىلىق مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلگەن. بۇ ماقالىلار مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات تارىخى توغرىسىدىكى ئومۇمىي بايان، ئومۇمىي ئەھۋال، مۇھىم يازغۇچىلار، ئەسەرلەر توغرىسىدىكى تونۇشتۇرۇش، ئەدەبىيات تارىخىنى دەۋرگە بۆلۈش توغرىسىدىكى تەتقىقات، ئەدەبىياتنىڭ ئەنئەنىۋى ژانىرى توغرىسىدىكى تەتقىقاتنى ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ كىلاسسىك ئەدەبىياتىنى تەرجىمە قىلىش - تونۇشتۇرۇشقا دائىر مۇھاكىمىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مۇھاكىمە يىغىنى شىنجاڭ مىللەتلىرىنىڭ كىلاسسىك ئەدەبىياتى ئۈستىدىكى تەتقىقاتتا قولغا كەلتۈرۈلگەن ئۇتۇقلار تولۇق نامايەن قىلدى.

1983 - يىلى قىشتا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئالىي مەكتەپلەر بىرلىشىپ شىنجاڭ بويىچە كىلاسسىك ئەدەبىيات مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىپ، جۇڭگو ئەدەبىيات تارىخى دەرسىگە ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى توغرىسىدىكى مەزمۇنلارنى كىرگۈزۈش مەسىلىسىنى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىجتىمائىي پەن ئوقۇتۇش نۇقتىسىدىن مۇزاكىرە قىلدى. 1984 - يىلى يازدا شىنجاڭ داشۆ «قۇتادغۇ بىلىك» ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئاچتى. بۇ شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ يازما ئەدەبىيات تەتقىقاتى بويىچە بىرىنچى قېتىملىق مەخسۇس ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدۇر. مۇندىن باشقا، ئۇيغۇرلارنىڭ مەشھۇر ھازىرقى زامان شائىرى ل. مۇتەللىپنىڭ تۇغۇلغانلىقىغا 60 يىل، قازاقلارنىڭ مەشھۇر ھازىرقى زامان شائىرى تاڭجارىقنىڭ تۇغۇلغانلىقىغا 80 يىل بولغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسى ئىلمىي دوكلات يىغىنى ئاچتى.

1979 - يىلدىن بۇيان، شىنجاڭدىكى مىللىي ئەدەبىيات تەتقىقاتچىلىرى مەملىكەت خاراكتېرلىق ئىلمىي ئالماشتۇرۇش پائالىيىتىگە ئاكتىپ قاتناشتى. جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى ئىلمىي جەمئىيىتى شىنجاڭدا 40 ئەزا قوبۇل قىلدى، بۇ ئەزالار مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن بىرىنچى نۆۋەتلىك يىللىق يىغىنىغا، گۇاڭشىدا ئۆتكۈزۈلگەن 2 - نۆۋەتلىك يىللىق يىغىنىغا، يەنىيەندە ئۆتكۈزۈلگەن ئاز سانلىق مىللەتلەر ھازىرقى زامان يازغۇچىلار ئەدەبىياتى مۇھاكىمە يىغىنىغا، شىنىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن تارىخىي داستانلار مۇھاكىمە يىغىنىغا، گۈيجۇدا ئۆتكۈزۈلگەن ئەپسانە مۇھاكىمە يىغىنىغا ئوخشاش مۇھىم ئىلمىي يىغىنلارغا قاتنىشىپ، ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئالماشتۇردى. گۈيجۇدىكى ئەپسانە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا شىنجاڭنىڭ ياش تەتقىقات خادىمى تاپشۇرغان «جۇڭگونىڭ قەدىمكى ئەپسانىلىرى —

ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئەدەبىياتى ۋە غەربىي يۇرت ئەدەبىياتىنىڭ ئورتاق تۈپ-ىغى
ۋە ئەجدادى» دېگەن ئىلمىي ماقالىدا جۇڭگونىڭ قەدىمى ئەپسانىلىرىنىڭ ئىككى
چوڭ سىستېمىسى ئىچىدە كۇئېنلۇن ئەپسانىسى فىڭلەي ئەپسانىسىدىن بۇرۇن ئېلىـ
مىزنىڭ غەربىي شىمال رايونىدا بارلىققا كەلگەن، جۇ قەبىلىسىنىڭ ئىككى قېتىم
شەرققە كۆچۈشى بىلەن بارا - بارا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارىلىپ، شۇ يەرنىڭ
تەبىئى مۇھىتى بىلەن بىرلىشىپ فىڭلەي ئەپسانىسىنى ھاسىل قىلغان، دېگەن
قاراش ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، جۇڭگونىڭ قەدىمقى ئەپسانىلىرى مەنبەسىنىڭ يىپ
ئۇچىنى ئېنىقلاشتا مۇھىم تەپەككۇر يولىنى ئېچىپ بېرىش بىلەن دۆلەت ئىچى ۋە
سىرتىدىكى ئەپسانە ساھەسىدىكىلەرنىڭ دىققەت-ئېتىبارىنى قوزغىدى. جۇڭگو
شىمالىي رايونلار بويىچە ئازسانلىق مىللەتلەر پەلسەپە ۋە جەمىيەت تەرەققىيات
تارىخى ئىلمىي جەمىيىتى ئۈرۈمچى، خەيلار ۋە يەنجىدە 3 قېتىم چوڭ ئىلمىي
مۇھاكىمە يىغىنى ئاچتى، شىنجاڭدىكى مىللى ئەدەبىيات تەتقىقاتچىلىرى «قۇتادغۇ
بىلىك» نى مەركىزىي تېما قىلىپ ئىلمىي ماقالا يازدى. شىنجاڭ ۋەكىللىرى يەنجى-
ە ئېچىلغان مۇھاكىمە يىغىنىدىلا «قۇتادغۇ بىلىك» توغرىسىدىكى ئىلمىي ماقالىدىن
2 نى تاپشۇرۇپ، «قۇتادغۇ بىلىك» ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان كۆپ نۇقتا، كۆپ
تەرەپلىمە تەتقىقاتنىڭ نەتىجىلىرىنى نامايەن قىلدى.

يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، شىنجاڭدىكى مىللى ئەدەبىيات تەتقىقاتـ
چىلىرى غەربىي گېرمانىيە، ياپونىيە، تۈركىيە، كانادا قاتارلىق دۆلەتلەردىن كەلـ
گەن ئالىملارنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلار بىلەن ئىلىم ئالماشتۇرۇپ، ئۆز ئارا چۈشە-
نىشنى كۈچەيتتى، دوستانە مۇناسىۋەت ئورناتتى.

8 يىللىق تارىخ دېگەن كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچىلىكلا ۋاقىت، لېكىن ئۆتـ
مۈشنى ئەسلىگەندە، شىنجاڭدىكى مىللى ئەدەبىيات تەتقىقاتچىلىرى شۇ كۆزنى
يۇمۇپ ئاچقىچە بولغان قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە ئېرىشكەن نەتىجىلەردىن تولىمۇ
خۇرسەن بولىدۇ. ئۆتكەن 27 يىلدا شىنجاڭنىڭ مىللى ئەدەبىيات تەتقىقاتى بۇ 8
يىلدىكىدەك ھاياتى كۈچكە تولغان ئەمەس، مول مېۋە بەرگەن ئەمەس. ئەمما
كەلگۈسىگە نەزەر تاشلىغاندا، قانائەتلىنىشكە ۋە سۇسلۇق قىلىشقا بولمايدۇ، زامانـ
ۋىلاشتۇرۇشقا، دۇنياغا، كەلگۈسىگە يۈزلىنىش» تىن ئېلىپ ئېيتقاندا ھەقىقەتەن يۈك
ئېغىر، يول يىراق. «زامانىۋىلاشتۇرۇشقا يۈزلىنىپ»، سوتسىيالىستىك مەنىۋى
مەدەنىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىش شىنجاڭدىكى مىللى ئەدەبىيات تەتقىقاتـ

چىلىرى داۋاملىق چىڭ تۇرىدىغان تۈپ پرىنسىپ. شىنجاڭنىڭ مىللى ئەدەبىيات تەتقىقاتى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ تەرەققى قىلىشى ۋە گۈللىنىشىنى ئالغا سۈرۈپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى مۇستەھكەملەش، دۆلەت ئىچىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، ئازسانلىق مىللەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ دۇنيا مەدەنىيىتىدىكى ئورنىنى توغرا شەرھلەش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشى لازىم. بۇ نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، شىنجاڭدىكى مىللى ئەدەبىيات تەتقىقاتچىلىرى بۇرۇنقى تېمىلار ئۈستىدىكى تەتقىقاتنى داۋاملاشتۇرۇشتىن باشقا، مىللى ئەدەبىياتنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ماركسىزملىق ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيەسىنى قايتا ئۆگىنىشى، مىللى ئەدەبىيات تەتقىقاتىدىكى قانۇنىيەتلىك مۇھىم ئەدەبىيات نەزەرىيە مەسىلىلىرى، مەسىلەن، شىنجاڭدىكى مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكى، شىنجاڭدىكى مىللەتلەر ئەدەبىياتى بىلەن ۋەتەن ئەدەبىياتى ئوتتۇرىسىدىكى بىرلىك مەسىلىسى، مىللەتنى ئاساس قىلغان ئەدەبىيات بىلەن تىلنى ئاساس قىلغان ئەدەبىياتنىڭ مۇناسىۋىتى، مىللەتنى ئاساس قىلغان ئەدەبىيات بىلەن رايوننى ئاساس قىلغان ئەدەبىياتنىڭ مۇناسىۋىتى، مىللەتنى ئاساس قىلغان ئەدەبىياتنى تەتقىق قىلىش ئۇسۇلى، چېگرا ئاتالغان مىللى ئەدەبىيات مىراسلىرىغا ئورتاق ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىيات جەريانىنى پەرقلەندۈرۈش قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە بوشاشماي ئىزدىنىش ۋە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش بەك مۇھىم.

جۇمەخۇن تەرجىمىسى

# باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزىنىڭ يېتەرسىزلىكىنى تولۇقلاش يولىدا

## — شىنجاڭ پەن - تېخنىكا تەكشۈرۈش ئۆمىكىنىڭ ئامېرىكىدىكى زىيارىتىدىن قىسقىچە خاتىرە

لياڭ گۇيلىڭ

خۇياۋباڭ باش شۇجى ۋە جاۋزىياڭ زۇڭلى 1983 - يىلى شىنجاڭنىڭ خىزمىتىنى كۆزدىن كەچۈرگەندە، شىنجاڭنى ئېچىش، شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش توغرىسىدا ئوتتۇرىغا قويغان ئىستراتېگىيىلىك فاڭجېن ۋە «شىنجاڭنى ئېلىمىزنىڭ 21 - ئەسىردىكى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىدىكى ئەڭ مۇھىم بازىلارنىڭ بىرىگە ئايلاندۇرۇش كېرەك» دېگەن مۇھىم يوليورۇقىغا بىنائەن، دۆلەت پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى، ئامېرىكا - جۇڭگو مۇناسىۋىتى مەملىكەتلىك كومىتېتىنىڭ تەكلىۋى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ 1 - شۇجىسى، 6 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى يولداش ۋاڭ ئېنماۋ باشچىلىقىدىكى شىنجاڭ پەن - تېخنىكا تەكشۈرۈش ئۆمىكىنىڭ توققۇز نەپەر ئەزاسى (بۇلار پەن - تېخنىكا، ئىقتىسات، يېزا ئىگىلىكى، سۇ، مائارىپ، خىمىيە تارماقلىرىغا مەسئۇل رەھبەرلەرنى، پىروفېسسور، ئىنژېنېر، تەتقىقاتچىلارنى، ئۈچ مىللەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) 1984 - يىلى 10 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىن 10 - ئاينىڭ 28 - كۈنىگىچە، ئامېرىكىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى كالفورنىيە، ئارىزونا ۋە تېكساس ئىشتاتىنى تەكشۈردى. تەكشۈرۈشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى — قۇملۇقنى ئۆزگەرتىش، سۇ ئىنشائاتى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇش، ئىلىم - پەن، مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ۋە نېفىت خىمىيە سانائىتى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولدى. تەكشۈرۈش، خىزمىتىنى ئەمەلىيەتكە تېخىمۇ زىچ بىرلەشتۈرۈش، ھەقىقىي تۈردە تەجرىبە ئېلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە باشقا قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، چەتكە چىقىشتىن بۇرۇن يولداش ۋاڭ ئېنماۋ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ تۆت قېتىم كۆپچىلىكنى يىغىپ مەجلىس ئاچتى، ئۇلار

مەجلىستە تەكشۈرۈشنىڭ مەزمۇنى ۋە تەكشۈرۈلىدىغان مۇھىم نۇقتىلار ئۈستىدە ئەستايىدىل مۇزاكىرە ئېلىپ باردى ھەمدە كونكرېت ئىش تەقسىم قىلىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تەكشۈرۈش جەريانىدا، چەكلىك ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ، تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئەينەك قىلىشقا بولىدىغان تەجرىبىلەرنى كۆپرەك ئۆگىنىشنى، ساياھەت - ئېكىسكۇرسىيە قىلماسلىقنى ئېنىق بەلگىلىدى. شۇڭا، تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئامېرىكىغا بارغاندىن كېيىن، ئامېرىكا تەرەپ ئورۇنلاشتۇرغان نۇقۇل تاماشا قىلىش خاراكتېرلىق پائالىيەتلەرنى ئۇلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ تەڭشىدى.

تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئۈچ ئىشتات، 10 شەھەر، 6 داشۆ، 21 دېخانچىلىق مەيدانى، چارۋىچىلىق فېرمىسى، ئۈزۈمزارلىق، سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى، 8 شىركەت ( زاۋۇت )، 13 تەتقىقات ئورنى، تەجرىبىخانا، 1 خۇسۇسى ترانسپورت شىركىتى، 5 دېخاننىڭ ئۆيىنى كۆزدىن كەچۈردى ھەمدە ئامېرىكىنىڭ سىياسىي ئەرباپلىرى، ۋەتەنپەرۋەر جۇڭگو مۇھاجىرلىرى تەشكىلاتى ( شەخسلەر ) بىلەن كەڭ تۈردە ئۇچراشتى. تەكشۈرۈش ئۆمىكىدىكىلەر بارغانلا يەردە ئامېرىكا خەلقى ۋە جۇڭگو مۇھاجىرلىرى تەرىپىدىن قارشى ئېلىندى ۋە كۈتۈۋېلىندى.

تەكشۈرۈش ئۆمىكىدىكىلەردە ئەڭ چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرغىنى شۇ بولدىكى، كالىفورنىيە ئىشتاتى بىلەن ئارىزونا ئىشتاتى 40 يىلدىن بۇرۇن ئامېرىكىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى قۇرغاق، قالاق، نامرات ئادەمسىز شالاڭ، بىپايان قۇملۇق باياۋان ئىدى. 1905 - يىلدىن بۇيان. بولۇپمۇ 1950 - يىلدىن 1970 - يىلغىچە بولغان 20 يىل ئىچىدە، بوشاشماي سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىپ، تاغلاردىن قار سۇلىرىنى باشلاپ، قۇدۇق كولاپ، يەر ئاستى سۈيىنى ئېچىپ، سۇغۇرۇش سىستېمىسىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى كېڭەيتىلگەن، ھازىر ھەممىلا جاي بۈك - باراقسان دەرەخ بىلەن پۈركەنگەن، سۇلىرى شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان زامانىۋى دېخانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرىغا، مېۋىزارلىقلارغا ئايلانغان. كالىفورنىيە، ئارىزونا ئىككى ئىشتاتنىڭ كۆكتات، مېۋىسى ۋە تېكساس ئىشتاتىنىڭ كالا، قوي گۆش مەھسۇلاتى ئامېرىكا بويىچە 1 - ئورۇندا تۇرىدىكەن. شۇنداقلا كالىفورنىيە، ئارىزونا ئىككى ئىشتاتنىڭ ئاشلىق مەھسۇلاتىمۇ پۈتۈن ئامېرىكىنىڭ ئاشلىق مەھسۇلاتىنىڭ ئوندىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيدىكەن. دېخانچىلىق، چارۋىچىلىقنىڭ تەرەققىياتى خەلققە يېتەرلىك يېمەكلىك يەتكۈزۈپ بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، سانائەت، مەدەنىيەت - مائارىپ، پەن - تېخنىكا ۋە باشقا ئىشلارنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈنمۇ ياخشى شەرت ھازىرلاپ بەرگەن.

( داۋامى 42 - بەتتە )

# ئېچىۋېتىش، جانلاندۇرۇش

## — شىنجاڭ ئىقتىسات تەكشۈرۈش ئۆمىكى شياڭگاڭدا

لى شۈيمىڭ

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئىقتىسادىي تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى ئىسمايىل ئەھمەت بىلەن شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنىنىڭ قوماندانى چېن شىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، بۇيىل 1 - ئاينىڭ 11 - كۈنىدىن 25 - كۈنىگىچە شياڭگاڭدا تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى، تەكشۈرۈش ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى.

تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى، ئاپتونوم رايونلۇق پىلان كومىتېتى، ئىقتىسادىي كومىتېت، ئىقتىسات - تاشقى سودا نازارىتى، يېنىك سانائەت نازارىتى، توقۇمىچىلىق ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلاردىن بولۇپ 15 كىشىدىن تەركىب تاپتى. تەكشۈرۈش ئۆمىكى شياڭگاڭغا بارغاندىن كېيىن، شىنخۇا ئاگېنتلىقى شياڭگاڭ شۆبىسى ۋە شياڭگاڭدىكى ھەر ساھە ئەربابلىرىنىڭ قىزغىن كۈتۈۋېلىشى ۋە زور كۈچ بىلەن ھەمكارلىشىشى ئارقىسىدا كۆزلىگەن مەقسىتىگە يەتتى، شىنجاڭ بىلەن شياڭگاڭنىڭ ئالاقىسى ۋە ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ياخشى ئاساس سالدى، چەتئەللەرنىڭ شياڭگاڭدا تۇرۇشلۇق سودا - سانائەت خادىملىرى ئارىسىدا خېلى چوڭقۇر تەسىرات قالدۇردى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ھەر يىلى شياڭگاڭلىق بەزى قېرىنداشلار شىنجاڭغا كېلىپ ساياھەت، ئېكىسكۇرسىيە قىلغان ۋە ئوقەت قىلىش توغرىسىدا سۆھبەتلەشكەن بولسىمۇ، لېكىن شياڭگاڭلىق كۆپ قىسىم ئەربابلار شىنجاڭنى دېگەندەك چۈشەنمەيتتى، ھەتتا شىنجاڭ بىلەن ئوقەت قىلىش، ھەمكارلىشىشقا قاتمۇ - قات ئەندىشىدە بولدى. تەكشۈرۈش ئۆمىكى بۇ ئەھۋالنى كۆزدە تۇتۇپ، شىنجاڭنى قىزغىن تەشۋىق قىلىپ، شىنجاڭنىڭ مول تەبىئىي بايلىقى ۋە ئىقتىساتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىنى تونۇشتۇرۇپ، شياڭگاڭلىق قېرىنداشلارغا گۈزەل - باي شىنجاڭنى تېخىمۇ كۆپرەك چۈشەندۈردى. بولۇپمۇ 1 - ئاينىڭ 17 - كۈنى تەكشۈرۈش ئۆمىكى

خۇارۇن مېھمانخانىسىنىڭ 50 - قەۋىتىدە ئۆتكۈزگەن شياڭگاڭدىكى مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى ۋە شياڭگاڭدىكى سودا - سانائەت، پۇل مۇئامىلە ساھەسىدىكى ئەرباپلارغا بېرىلگەن مىسلىسىز تەنتەنىلىك چاي شياڭگاڭدا خېلى زور تەسىر قوزغىدى. شياڭگاڭدىكى 24 گېزىتخانا ۋە ئاخبارات ئورنىنىڭ 32 مۇخبىرى كۈتۈۋېلىش يىغىنىغا، سودا - سانائەت، پۇل مۇئامىلە ساھەسىدىكى ئەرباپلاردىن ۋە چەتئەللەرنىڭ شياڭگاڭدا تۇرۇشلۇق سودا - سانائەت خادىملىرىدىن 245 كىشى چايغا قاتناشتى. 20 نەچچە شىركەت تەكشۈرۈش ئۆمىكىگە گۈل سېۋەت تەقدىم قىلدى. شىنخۇا ئاگېنتلىقى شياڭگاڭ شۆبىسىنىڭ باشلىقى شۈجياتۇن ۋە شياڭگاڭدىكى ئاتاقلىق زاتلاردىن ۋاڭ كۇەنچېڭ، لى زوجى، فېڭ بىڭفېن، باۋيۈشىڭ قاتارلىقلار چايغا ئۆزلىرى ئىشتىراك قىلدى. ئاتاقلىق ئەرباپلاردىن خۇيىڭدۇڭ، تاڭ شياڭچيەنلەر شۇ ۋاقىتتا يوق ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ رەئىس ئىسمايىل ئەمەتكە تېلېگىرامما ئەۋەتىپ، چايغا ۋەكىل ئەۋەتىپ، ۋەكىللەر ئۆمىكىگە ئۆزرە ئېيتتى. رەئىس ئىسمايىل ئەمەت يىغىندا شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇرغان ۋە 103 تېخنىكا ھەمكارلىق تۈرى ھەم 6 تۈرلۈك ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى ئېلان قىلغاندا، ناھايىتى زور تەسىر قوزغالدى. 11 ئاخبارات ئورنى شىنجاڭ تەكشۈرۈش ئۆمىكىنىڭ پائالىيىتىنى خەۋەر قىلدى. ھەر ساھە ئەرباپلىرى ۋەكىللەر ئۆمىكى بىلەن ئۇچرىشىشنى، ئەھۋال ئۇقۇشۇشنى، ھەمكارلىشىش مەسىلىسى ئۈستىدە سۆزلىشىشنى تەلەپ قىلىپ، شىنجاڭ بىلەن ئىقتىسادىي جەھەتتە ھەمكارلىشىشقا ناھايىتى قىزىقتى.

شياڭگاڭدا تۇرغان يېرىم ئاي جەريانىدا، تەكشۈرۈش ئۆمىكىدىكىلەر تۈرلۈك ئۇسۇللارنى قوللىنىپ كەڭ دائىرىدە دوست تۇتۇپ، شياڭگاڭ ، ئاۋمېن رايونىدىكى كونا - يېڭى خېرىدارلار بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتتى. تەكشۈرۈش ئۆمىكىدىكىلەر كېچە - كۈندۈز پائالىيەت ئېلىپ بېرىپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ شياڭگاڭدىكى جۇڭگو مۇھاجىرلىرى بىناسى، داگۇڭباۋ گېزىتخانىسى، ۋېنخۇيباۋ گېزىتخانىسى ۋە شياڭگاڭ جۇڭخۇا سودا - سانائەتچىلەر ئۇيۇشمىسى، جۇڭخۇا سودىگەرلەر باش ئۇيۇشمىسى، سانائەتچىلەر باش ئۇيۇشمىسى، جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شياڭگاڭ شۆبىسى، خەلقئارا ئىناۋەتلىك مەبلەغ سېلىش شىركىتىنىڭ شياڭگاڭ شۆبىسى، داگۇاڭ سودا - سانائەت شىركىتىنىڭ شياڭگاڭ شۆبىسى، سىنخۇڭجى باش شىركىتى، شىۋېتسىيىنىڭ ئافارافا شىركىتى قاتارلىق سودا - سانائەت تەشكىلاتلىرىغا بېرىپ 300 دىن ئارتۇق كىشى بىلەن سۆزلىشىپ، ئىقتىسات - تېخنىكا ھەمكارلىقىنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن پايدىلىق شەرت ھازىرلىدى.

قىسقىغىنە 10 نەچچە كۈندە، 35 تۈرلۈك ئىش ئۈستىدە سۆھبەت ئېلىپ بېرىلىپ، ئۇلار ئىچىدىكى 20 نەچچىسى توغرىسىدا ئىستەكنامە، كېلىشىمنامە ئىمزالاندى ياكى ئاغزاكى كېلىشىم ھاسىل قىلىندى. شياڭگاڭلىق بىرمۇنچە زاتلار پات ئارىدا شىنجاڭغا تەكشۈرۈشكە كېلىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى. تەكشۈرۈش ئۆمىگىدىكىلەر شياڭگاڭدىن يولغا چىققاندا، بەزى سودا-سانائەتچىلەر پويىز ئىستانسىغا بېرىپ تەكشۈرۈش ئۆمىگىدىكىلەر بىلەن ھەمكارلىشىش مەسىلىسى ئۈستىدە سۆھبەتلىشىپ، شىنجاڭنى ئېچىش، شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈشكە پايدىلىق ئىشلارنى كۆپرەك قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

شياڭگاڭ خۇارۇن باش شىركىتى قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك كارخانا ۋە تارماقلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، بۇ يىل 8-ئايدا شياڭگاڭدا شىنجاڭنىڭ ئېكسپورت تاۋارلىرىنى كۆرگەزمە قىلىپ سېتىش يەرمەنكىسى ئۆتكۈزۈش قارار قىلىندى. يەنە ئۈرۈمچىدە سودا يىغىنى ئېچىش بېكىتىلدى. شياڭگاڭلىق مەشھۇر زات تاڭ شياڭچيەن ئەپەندى ئاپتونوم رايون قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىل تولغان چاغدا 100 دەك ئادەمنى باشلاپ مەخسۇس ئايروپىلان كۆتىرە قىلىپ شىنجاڭغا كېلىپ، بايرامنى تەبرىكلەيدىغانلىقىنى ھەمدە ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تۈرلىرى ئۈستىدە سۆھبەتلىشىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئابلەت نۇردۇن تەرجىمىسى

---

بولۇپمۇ ئېلېكترون سانائىتى بەلگە قىلىنغان سانائەتنىڭ تەرەققىياتى ناھايىتى تېز ئىكەن، دۇنياغا داڭلىق كىرىمنىي جىلغىسى ئامېرىكا ئېلېكترون سانائىتىنىڭ ئىخچام كۆرۈنۈشى.

سانائەت، بولۇپمۇ ئېلېكترون سانائىتىنىڭ ئۇچقاندەك راۋاجلىنىشى كالفورنىيە، ئارىزونا ئىككى ئىشتاتىنىڭ نوپۇسىنى تېز سۈرئەتتە كۆپەيتىپ، كىشىلەرنى يېڭى خىزمەت ۋە يېڭى ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتى بىلەن تەمىنلەپلا قالماي، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىدىمۇ زور ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلغان. مەسىلەن، ئېلېكترون مىڭە ئورنىتىلغان تۈرلۈك ئائىلە ئۈسكۈنىلىرى ئىنتايىن ئومۇملاشقان، پىكاپ بۇ ئىككى ئىشتاتتىكى ھەر بىر ئائىلىدە كام بولسا بولمايدىغان قاتناش قورالىغا ئايلانغان، بەزى ئائىلىلەردە ئاساسەن بىر كىشىگە بىردىن توغرا كېلىدىكەن. كىشىلەر زاۋۇت ئەتراپىدا ئولتۇراقلىشىشنى خالىمايدىغان بولۇشقا باشلاپتۇ، يېڭى ئۆي-جاي ئارقا-ئارقىدىن بىنا قىلىنىۋېتىپتۇ، سەھەردە كىشىلەر پىكاپلىرىنى ھەيدەپ ئىشقا بارىدىكەن، ئىشتىن چۈشكەندە يەنە پىكاپلىرى بىلەن دەل-دەرەخ، گۈل-گىيالارغا پۈركەنگەن ئۆيلىرىگە قايتىپ ئارام ئالىدىكەن.

# ئۇيغۇر خاندانلىغى ھەققىدە

ليۇجژ شياۋ

## مۇقەددىمە

6 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ، شىمالىي يايلاقتا ئۇيغۇر قەبىلىسى كۈنسايىن كۈچىيىپ، بىر يېرىم ئەسىردىن كېيىن قۇدرەتلىك ئۇيغۇر خانلىغىنى قۇرۇپ، ۋەتىنىمىزنىڭ شىمالىي زېمىنىنى داۋاملىق گۈللەندۈرۈشتە غايەت زور تۆھپە قوشقان. شۇڭا، جۇڭگونىڭ مۇكەممەل ئومۇمىي تارىخىدا، ئۇيغۇر خاندانلىغى ئورۇن تۇتىدۇ.

ئۇيغۇر خانلىغى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تارىخىدا بىرلىككە كەلگەن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ھاسىل بولۇشىدا ھالقىلىق رول ئوينىغان مۇھىم تارىخىي باسقۇچ بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ بىر قاتار ئېتنىك ئالامەتلىرىنىڭ تارىخىي مەنبەلىرىنى سۈرۈشتۈرسەك، چوقۇم ئۇيغۇر خانلىغى مەزگىلىگە بېرىپ تاقىلىمىز.

روشەنكى، ئۇيغۇر خانلىغىدىن ئىبارەت بۇ تېما، مەيلى جۇڭگونىڭ ئومۇمىي تارىخىي دائىرىسىدىن ئېيتايلى، مەيلى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تارىخى دائىرىسىدىن قارايلى، سۆزسىز ئېتىۋار بېرىلىشكە تېگىشلىك تېمىدۇر.

## 1

ئۇيغۇر مىللىتى ئېلىمىزنىڭ قەدىمىي مىللەتلىرىنىڭ بىرى، خەرىتىگە قارىسىڭىز بايقال كۆلىدىن بالقاش كۆلىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئوتتۇرا ئاسىيا يايلاقلىرىدىن تەركىب تاپقان پايانسىز زېمىن كۆزىڭىزگە چېلىقىدۇ. مانا بۇ زېمىن مىلادىدىن 3 ئەسىر بۇرۇن يەنى بۇندىن 2200 يىل مۇقەددەم كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەرنىڭ دىيارى بولغان ئىدى. ئۇلار سۇ ۋە ئوت-چۆپ قوغلىشىپ كۆچۈپ يۈرەتتى.

بۇ كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەر ئىچىدە تىل ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرى ئاساسەن
بىر - بىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان بىر مۇنچە قەۋم ۋە قەبىلىلەر بار ئىدى. ئالىـ
ملار مۇشۇ قەۋم ۋەقە بىلىلەرنىڭ تىلىغا ئومۇمەن «تۈركى تىل» دەپ نام بەردى.
تۈركى تىلدا سۆزلىشىدىغان كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەر باشقا تىلدا سۆزلىشىـ
دىغان كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەر بىلەن بىللە، غەرپتە بالقاش كۆلىدىن شەرقتە
بايقال كۆلىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى يايلاقلاردا ياشايتتى.

ئېلىمىزنىڭ خەنزۇچە تارىخ ھۆججەتلىرىدە تۈركى تىلدا سۆزلىشىدىغان
بۇ قەبىلىلەر دىڭلىڭ دەپ ئاتالغان. «دىڭلىڭ» دىگەن نام ھەممىدىن بۇرۇن مىلادىـ
دىن ئاۋۋالقى 2 - ئەسىردە ياشىغان سىماچيەن دىگەن كىشى يازغان «تارىخنامە»
نىڭ «ھۇنلار تەزكىرىسى» دە تۇنجى قېتىم تىلغا ئېلىنغان ئىدى. ئۇ بۇ كىتابتا:
«ھۇنلار ... شىمالدا خۇگيۇ، چيۇسى، دىڭلىڭ، گېكۇن (قىرغىز)، شىنلى قاتارلىق
قەبىلىلەرنى بويسۇندۇردى» دەپ يازىدۇ. «تارىخنامە» دىن كېيىن يېزىلغان «خەننامە»
نىڭ 94 - جىلد — «ھۇنلار تەزكىرىسى» دىمۇ دىڭلىڭ دىگەن نام تىلغا
ئېلىنغان. ئۇنىڭدا مۇنداق دىيىلىدۇ: «دىڭلىڭ يېقىنقى 3 يىلدىن بۇيان ھۇنلار
ئارىسىغا باستۇرۇپ كىرىپ، بىر قانچە مىڭ پۇقرانى تالان - تاراج قىلىپ، ئات-
ئۇلاغلارنى ھەيدەپ كەتكەن، ھۇنلار بىر تۈمەن ئاتلىق ئەسكەرنى ئىشقا سېلىپ
مۇ ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەن.» شۇنىڭدىن كېيىنكى خەنزۇچە تارىخي
ھۆججەتلەردە بۇ نام ئىزچىل قوللىنىلغان. ئېلىمىزنىڭ مەشھۇر تارىخشۇناسى فەن
ۋېنلەن شۇ چاغدىكى دىڭلىڭلارنى قەبىلىلەر بىرلەشمىسى (قەبىلىلەر ئىتتىپاقىدىن تۈۋەن
تۇرىدىغان بىر خىل بىرلەشمە) باسقۇچىدا تۇرغان دەپ ھىساپلايدۇ ①.

بەزى تارىخىي ھۆججەتلەردە بۇ قەبىلىلەر بىرلەشمىسى 40 نەچچە قەبىـ
لىدىن تەركىپ تاپقان دىيىلگەن ②. ۋاھالەنكى، بەزى تارىخىي ھۆججەتلەردە بۇنىڭـ
دىنمۇ كۆپ قەبىلىلەرنىڭ نامى تىلغا ئېلىنغان. بىراق ئادەتتە بۇ قەبىلىلەر بىرلەشمـ
سىنىڭ ئەزاسى دەپ كۆپرەك 15 قەبىلە كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇلار: يۈەنخې (ئۇيـ
غۇر)، سىر - تاردۇش، قىپچار، توقبات، قورىقات، تېلېنگىت، بارغۇت، بايىرقۇ، توگرا،
غۇن، ئىزگىل، قۇشۇر، شىجيې، ئادىز، بەيشىلاردىن ئىبارەت ③. تىلدىكى ئاھاڭداشـ
لىق قانۇنىيىتىگە ئاساسەن، ئىلىم ئەھلى بۇنىڭ ئىچىدىكى «يۈەنخې نى» «ئۇيغۇر»
دىگەن سۆزنىڭ خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسى دىگەن خۇلاسىگە كېلىشكەن ئىدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئولتۇراقلاشقان دائىرىسى توغرىسىدا ھەممىدىن بۇرۇن «ۋېي
پادىشالىغى تارىخى» دا مەلۇمات بېرىلگەن. ئۇنىڭدا: «پادىشا ئائىلىسى غەرپكە

يۇرۇش قىلىپ لۇخۇگخەي (ئورخۇن دەرياسىنىڭ ئېغىزى) دە گاۋچې (ئېگىز قاڭقىل)، يۈەنخې (ئۇيغۇر) لارنى ھۇجۇم بىلەن تارمار قىلدى» دەپ يېزىلغان. يەنە بىر يازما مەلۇماتتا «لەشكەر بېشى يى ۋېي ئىككى تۈمەن ئاتلىق ئەسكەر باشلاپ شىمالغا يۇرۇش قىلىپ، گاۋچې نەسەبلىرىدىن يۈەنخې، ۋۇپىنلارنى تارمار قىلدى» دېيىلىدۇ. بىر ئەسىردىن كېيىن، «سۈينامە» دىمۇ يۇقۇرقىغا ئوخشاش مەزمۇندا مەلۇمات بېرىلگەن.

يۈەنخې (ئۇيغۇر) قەبىلىسىنىڭ ۋېي پادىشالىقى ۋە سۈي سۇلالىسىدىن بۇرۇنقى سىياسى پائالىيەتلىرى توغرىسىدا ئېنىق پاكىت تېپىش قىيىن، لېكىن، ئۇلارنىڭ قەدىمقى ھۇنلار دەۋرىدىكى دىڭلىڭ قەبىلىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ئەزاسى بولغانلىقىغا ئاساسلانغاندا، ئۇلارنىڭ دىڭلىڭ قەبىلىلەر بىرلەشمىسىدىكى باشقا قەبىلىلەر بىلەن بىرلىكتە شىمالىي يايلاقلاردا ھۇن قۇلدارلىرىغا قارشى كۈرەش-لەرگە قاتناشقانلىقى ئېنىق.

مىلادى 3-ئەسىردىن كېيىن خەنزۇچە تارىخىي ھۆججەتلەردە دىڭلىڭ دىگەن نام «تېيلې» دىگەن نام بىلەن ئاتىلىدىغان بولدى، بەزىدە لەيلې، چېلې دەپمۇ ئاتالغان. بۇ يېڭى نام «جەنۇبىي چى پادىشالىقى تارىخى»، «شىمالىي سۇلالە تارىخى»، «ۋېي پادىشالىقى تارىخى» قاتارلىق تارىخ كىتاپلىرىدا تۇنجى قېتىم تىلغا ئېلىنغان، بولۇپمۇ «ۋېي پادىشالىقى تارىخى» دا تېيلېلار ئۈچۈن ئايرىم تەزكىرە تۇرغۇزۇلغان. تارىخىي ھۆججەتلەردە تېيلېلارنىڭ تارىخىي پائالىيەتلىرىدىن، ئاساسەن، ئۇلارنىڭ جۇجان (ئاۋار) ئاقسۆڭەكلىرى ھاكىمىيىتىگە قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىلا يېزىلغان. تارىخىي ھۆججەتلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ تېيلې قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ تەركىۋىي قىسمى سۈپىتىدە ئەنە شۇ جۇجانلارغا قارشى كۈرەشلەرگە قاتناشقانلىقى ئايان بولىدۇ. ئۇرۇش پائالىيەتلىرىنى ھىساپقا ئالمىغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ مەزگىلدىكى ئاساسلىق تارىخىي سەرگۈزەشتىلىرى كۆچۈش ۋە ئويۇشۇشتىن ئىبارەت ئىككى جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ.

كۆچۈش :

ئۇيغۇلار بۇ چاغدا ئورخۇن دەرياسى ۋادىسىنىڭ ئىككى تەرىپىگە قاراپ يۈزلەندى. ئۇلارنىڭ ئاساسىي قىسمى شەرقتە توغلا دەرياسى تەرەپكە كۆچتى. يەنە بىر قىسمى غەرپكە يەنى يىراقتىكى تىيانشان بويلىرىغا يۆتكەلدى. بۇ قېتىمقى كۆچۈش ھەققىدە «سۈينامە» نىڭ 84-جىلدىدا تەپسىلى مەلۇماتلار قالدۇرۇلغان. ئوت ۋە سۇ قوغلىشىش كۆچۈشنىڭ بىر سەۋەۋى بولسىمۇ، لېكىن مۇھىم سەۋەپ

ئۇرۇش ئىدى. ئۇيۇرغۇر قەبىلىسىدىن يۈز نەچچە مىڭ تۈتۈننىڭ بىر يولىلا تۇرپان ئويمانلىقىغا كۆچكەنلىكى بۇنىڭ ئېنىق ئىسپاتى بولالايدۇ.

ئۇيۇشۇش:

نوپۇسىنىڭ تەبىئى كۆپىيىشى ۋە ئەتراپتىكى قەبىلىلەرنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىشى نەتىجىسىدە، تەخمىنەن جۇجان ئاقسۆڭەكلىرى ھاكىمىيىتىنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدە ئۇيغۇرلار ئىچىدە ياغلاقار (ئۇيۇرغۇر)، قۇتارغار، دىرىمار، بايىرسىق، ئابدال، قاسار، قوغۇرسۇ (قۇلاس)، ئوۋۇغار، سابار (سارۇغار) لاردىن ئىبارەت 9 ئۇرۇقداش قەۋم شەكىللەندى. بۇ ئۇرۇقداش قەۋم بىرلىشىپ توققۇز ئۇيغۇر دەپ ئاتالدى ④.

شۈبھىسىزكى، بۇنداق ئۇيۇشۇش ئارقىلىق، ئۇيغۇرلارنىڭ تېلې قەبىلىلىرى ئىچىدىكى ئورنى كۈچەيدى. دەلىللەرنىڭ بىرى شۇكى، 498-يىلى سيانپى ئاقسۆڭەكلىرى چاڭجياڭ بويىدىكى چى پادىشالىقىغا ھۇجۇم قىلماقچى بولۇپ، قاڭقىللارنى يەنى تېلې قەبىلىرىنى ئەسكەر بېرىشكە قىستىغاندا، قاڭقىل قەبىلىلىرى ئۇرۇش قىلىشنى خالىماي قوزغىلاڭ كۆتەردى. قوزغىلاڭچىلار ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى شىۋ ئىسمىلىك كىشىنى ئۆزلىرىگە باشلىق قىلىپ سايلىدى. ئۇيغۇر قەبىلىسى ئاقساقىلىنىڭ قوزغىلاڭچىلارنىڭ باشلىقى بولۇپ سايلانغانلىقى ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ ئۆز رولىنى كۆرسىتەلەيدىغان كۈچ بولۇپ مەيدانغا چىققانلىقىغا دەلىل بولالايدۇ، ئەلۋەتتە.

ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىدا تۈرك خاندانلىقى دەۋرى مۇھىم بىر دەۋر بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. بۇ شۇ ۋاقىتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىدىغان كۈچ سۈپىتىدە ئېلىمىزنىڭ تارىخ سەھنىسىدە پات-پات كۆرۈنۈپ تۇرغانلىقىدا ئىپادىلىنىپلا قالماستىن، بەلكى دەل شۇ ۋاقىتلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز پائالىيەت دائىرىسىنى كېڭەيتىۋاتقانلىقىدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. بىز بايان قىلىۋاتقان مۇشۇ مەزگىلدە، موڭغۇل دالىسىدىكى ئورخۇن، توغلا ۋە سېلىنگې دەرياسى بويلىرى ئۇيغۇرلار كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان دىيار بولۇپ قالغان. ئوت-چۆپ ۋە سۇ مەنبەسى مول بولغان بۇ دەريا ۋادىلىرىنىڭ چارۋىچى قەبىلەرنىڭ گۈللىنىشىدە كۆرسەتكەن رولىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرگىنىمىزدە شۇنداق دەپ ئېيتالايمىزكى، جۇغراپىيە شارائىتىدىن ئېلىپ قارىغاندا، شۇ ۋاقىتتا ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتى ئۈچۈن ئوبدان ئاساس سېلىۋالغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇيغۇر دېگەن نام قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ نامىغا ئايلانغان. بۇ قەبىلىلەر

[illegible]

سۈرەتلەرنى لياڭ گوپىڭ تارتقان،



ئامېرىكا دۆلەت پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ باشلىقى ۋورت . روسېن قاتارلىقلار بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن سۆھبەت .



كالىفورنىيە شىتاتىدىكى ستانفورد ئۇنىۋېرسىتېتىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى .



كالىفورنىيە شىتاتىدىكى دەيۋىس ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۆسۈملۈككە كېرەكلىك سۇ مىقدارىنى
ئۆلچەيدىغان گېرنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى .



ئۆمەك باشلىغى ۋاڭ ئېنماۋ فرېسنو ناھىيىسىدىكى دىخان ئېلفوردنىڭ ئائىلىسىنى
زىيارەت قىلدى .

سۆرەتلەرنى لى شۇيىڭ تارتقان.




شىنجاڭ ئىقتىسات تەكشۈرۈش ئۆمىكىنىڭ باشلىقى ئىسمايىل ئەھمەت شياڭگاڭدىكى جۇڭگو مۇخبىرلىرى بىناسىدا ئاخبارات ساھەسىدىكىلەرنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى ئۆتكۈزدى .



ئۆمەك باشلىقى ئىسمايىل ئەھمەت كۈتۈۋېلىش زىياپىتىدە شياڭگاڭدا تۇرۇشلۇق چەتئەل سودا خادىملىرى بىلەن سۆھبەتلەشتى .



تەكشۈرۈش ئۆمىكى شياڭگاڭدىكى كاڭاي ئېلېكترون بۇيۇملىرى شىركىتىنىڭ تېلېۋىزور زاۋۇدىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى .



ئۆمەك باشلىقى ئىسمائىل ئەھمەت شياڭگاڭدىكى دەنگۋاڭ سودا شىركىتىنىڭ توقۇمىچىلىق زاۋۇدىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى .

ئىتتىپاقى خۇيخې (ئۇيغۇر)، بارغۇت، غۇن، بايىرقۇ، توڭرا، ئىزگىل، قىپچار، باسمىل (ئابۇس)، قارلۇقلاردىن ئىبارەت توققۇز ئوغۇزدىن تەركىپ تاپقان [5].

ئۇيغۇرلارنىڭ كۆچىيىشى، دەسلەپتە ئوتلاقلاردا ئۆز ئالدىغا ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان باشقا قەبىلە خەلقلىرىنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى ئانچە قوزغىمىغان ئىدى. ئۇيغۇرلار ئۆز رولىنى راۋۇرۇس كۆرسىتىشكە كىرىشكەن ۋاقىت پۇسا ھوقۇق يۈرگۈزگەن مەزگىلگە توغرا كېلىدۇ. پۇسانىڭ 5 مىڭ ئاتلىق ئەسكەر بىلەن مالىشەن تېغىدا تۈركلەرنىڭ يۈز مىڭ ئاتلىق ئەسكىرىنى تارمار قىلغانلىغى تارىخىي ھۆججەتلەرگە كەڭ پۈتۈلگەن. ئەلۋەتتە، پۇسانىڭ پۈتكۈل ھاياتىدا قىلغان ئىشلىرى بۇنىڭ بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. پۇسانىڭ ئەڭ مۇھىم ئىشى شۇ قېتىمقى قوزغىلاڭدىن كېيىن ئۆزىنى ئىلتابىر دەپ ئاتاپ، توغلا دەرياسى بويىدا بارگاھ تىككەنلىگىدىن ئىبارەت [6]. بۇ، مىلادى 627-يىلى بولغان ئىش.

لېكىن تارىخنىڭ ئىلگىرىلىشى شۇنداق قىزىقكى، ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئۆز كۆچىنى تېخى ئەمدىلا جارى قىلىشقا كىرىشكەن بىر مەزگىلدە، ئالتاي تاغ تىزمىلىرىدا باش كۆتەرگەن سىر-تاردۇش قەبىلىسى شەرقىي تۈرك خاندانلىغىنىڭ زەئىپلىشىپ كەتكەنلىگىدىن پايدىلىنىپ، ئۆز كۆچىنى شەرققە سۈرۈش بىلەن موڭغۇل دالىسىغا يېتىپ كەلدى. بۇ ھال ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ ئۆز زىمىنى دائىرىسىنى داۋاملىق كېڭەيتىش يولىنى توسۇپ قويدى، بۇ جەرياندا پۇسا ئۆلۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا تۇمىت ئۇيغۇرلارغا ئاقساقال بولغان ئىدى.

646-يىلى سىر-تاردۇشلار ئىچىدە ماجرا تۇغۇلدى. ئۇيغۇر قەبىلىلىرى تۇمىتنىڭ رەھبەرلىگىدە شىمال تەرەپتىن سىر-تاردۇشلارغا ھۇجۇم قىلدى، بۇۋاقىتتا تاڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنى جەنۇپ تەرەپتىن سىر-تاردۇشلارغا ھۇجۇم قىلغان ئىدى. تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىككى تەرەپتىن ئىسكەنجىگە ئېلىشى ئارقىسىدا، سىر-تاردۇشلار تارمار بولدى. سىر-تاردۇشلارغا قارشى بۇ ئۇرۇش ئۇيغۇرلارغا ماددى ۋە مەنىۋى جەھەتتىن بىر مۇنچە پايدا كەلتۈردى. ماددى جەھەتتىن ئۇيغۇرلار سىر-تاردۇشلارنىڭ ئاھالىسى ۋە زىمىنىغا ئىگە بولۇپ، موڭغۇل دالىسىدا بىردىن بىر قورallıق كۈچكە ئايلاندى. مەنىۋى جەھەتتىن، ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقىنىغا تېخى ئەمدىلا 20 نەچچە يىل بولغان تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەمەلىي كۈچكە يۆلىنىشىنىڭ مۇھىملىگىنى تونىدى. بۇ تونۇش كېيىنكى يىللاردا ئۇلارنىڭ تاڭ سۇلالىسى بىلەن كەڭ ۋە زىچ مۇناسىۋەت ئورنىتىشىغا ئاساس بولدى. تاڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇنا سىۋەتتە ئۇيغۇلار

قوللانغان تۇنجى ماھىيەتلىك تەدبىر شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، تۇمەت سىر ـ تاردۇشلارنى ئۆزىگە قوشۇۋالغاندىن كېيىن، تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە ئەلچى ئەۋەتىپ، تاڭ سۇلالىسىگە بويسۇنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بۇ، قوغدىنىش ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ قوللىنىلغان ھەركەت ئىدى. تۇمەتنىڭ مەقسىدى ئېنىق ئىدى. دېمەك، ئۇ تاڭ سۇلالىسىنىڭ كۈچى ۋە ئابرويىغا يۆلىنىپ تۈركلەرگە تاقابىل تۇرماقچى بولغان ئىدى. ئىككىنچى يىلى، يەنى 647 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ تەلىۋىگە مۇۋاپىق، ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ياشاۋاتقان رايونلاردا تۇتۇق بۇيرۇق ۋە ئايماقلارنى تەسىس قىلدى.

تاڭ سۇلالىسى ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ باشلىقى تۇمەتكە «كۆللىنىشنى خالايدىغان سانغۇن» دەپ ئۇنۋان بېرىپ، دەشت تۇتۇق بۇيرۇق مەھكىمىسىنىڭ تۇتۇق بۇيرۇقلىقىغا تەيىنلىدى. نەتىجىدە، ئۇيغۇرلار تارىختا تۇنجى قېتىم تاڭ سۇلالىسىنىڭ تەۋەلىكىنى قوبۇل قىلدى.

مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇيغۇر قەبىلىلىرى شۇ مەزگىلدە بىر تەرەپتىن تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە ئىتائەت قىلغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن مۇئەييەن دائىرىدە ئەمەلىي باشقۇرۇش ھوقۇقى يۈرگۈزۈپ تۇراتتى. ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ بۇنداق سالاھىيىتى تۇمەتتە گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن ئىدى.

«يېڭى تاڭنامە» دە مۇنداق دېيىلىدۇ: «... تۇمەتكە كۆللىنىشنى خالايدىغان سانغۇن، دەشت تۇتۇق بۇيرۇغى دەپ ئۇنۋان بېرىلگەن بولسىمۇ، ئۇ يەنە ئۆزىنى ئۆز ئالدىغا قاغان دەپ جاكالاپ، تۈركلەردىن ئۈدۈم ئېلىپ، ئۆز ئالدىغا ئەمەلدار تەسىس قىلدى، 6 نەپەر تاشقى ۋەزىر، 3 نەپەر ئىچكى ۋەزىردىن باشقا يەنە تۇتۇق بۇيرۇق، سانغۇن، سىما قاتارلىق مەنسەپلەر بار.»

باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، تۇمەت تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن مەنسەپنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزىنى تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئەمەلدارى، دەپ ئېتىراپ قىلىش بىلەن بىرگە، ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئىچىدە ئۆزىنى قاغان دەپ جاكالىغان ھەم تۈرك خاندانلىقىنىڭ مەنسەپ تۈزۈمىنى دوراپ، ھەر دەرىجىلىك مەمۇرى ئەمەلدارلارنى تەسىس قىلىپ، ئەمەلىيەتتە خاندانلىقنىڭ تۈرەلمىسىنى تىكلەپ ئالغان.

تۈرك خاندانلىقىنىڭ قايتا كۈللىنىشى ئۇيغۇرلارنىڭ داۋاملىق كۈچىيىشىگە توسقۇن بولدى. 691 ـ يىلى تۈرك قاغانى قۇتلۇق ۋاپات بولۇپ، ئۇنىڭ ئىنىسى قاپاغان (مويۇنچۇر) خانلىق تەختىگە چىقتى، قاپاغان تەختكە ئولتۇرغان دەسلەپكى يىللاردا تۇغلا، سېلىنگې ۋە ئورخۇن دەرياسى ۋادىلىرىدىكى ئۇيغۇرلار توختىماي

ھۇجۇم قىلىپ تۇردى. شۇڭلاشقا ئۇيغۇر، قىپچار، ئىزگىل، غۇن قاتارلىق قەبىلىلەر-
نىڭ بىر تۈركۈم پۇقرالىرى ئىلاجىسىزلىقتىن خېشى كارىدۇرى رايونىدىكى گەن-
جۇ، لياڭجۇ ئەتراپلىرىغا كۆچۈپ باردى. تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۇلارنى خې-
شى جيېدۇشى ئامباللىقى تۇرۇشلۇق جاينىڭ يېنىغا ئورۇنلاشتۇردى [7]. كېيىنكى
يىللاردا، ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ بىر تۈركۈم پۇقرالىرى سەددىچىن سېپىلى ئەتراپىغا
كۆچۈپ كەتتى. تاڭ سۇلالىسى ئۇلارنى جىڭۋۇجۈن لاگېرىنىڭ ئەتراپىغا ئورۇن-
لاشتۇرۇپ قويدى [8].

يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان ئىككى قېتىملىق كۆچۈش ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ پائالى-
يەت دائىرىسىنى يەنىمۇ كېڭەيتتى. بۇنىڭ يەنىمۇ چوڭقۇر ئەھمىيىتى شۇكى، غەرب
بىلەن جەنۇپقا يۈزلىنىش بىر ئەسىردىن كېيىن يۈز بەرگەن يەنە بىر قېتىملىق
كەڭ كۆلەملىك كۆچۈشنىڭ مۇقەددىمىسى بولۇپ قالدى. كېيىنكى قېتىملىق كەڭ
كۆلەملىك كۆچۈشتە، ئۇيغۇر پۇقرالىرى مۇشۇ ئىككى يۈزلىنىشنى بويلاپ
سەپەرگە ئاتلانغان.

722 - يىلى، تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ خېشىدا تۇرۇشلۇق جيېدۇشى ئام-
بىلى ۋاڭ جۈنبى تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە ئۇيغۇر پۇقرالىرى توپىلاڭ كۆتىرىشكە
تەمشىلىۋاتىدۇ، دېگەن مەزمۇندا بىر تۆھمەت خاراكتېرلىق مەكتۇپنى ئەۋەتىدۇ. تاڭ
شۈەنزۇڭ بۇ پىتنە-پاساتقا ئىشىنىپ كېتىپ، خېشى رايونىدىكى ئۇيغۇلارنىڭ ئاق-
ساقىلى چىنزۇڭنى گۇاڭشى رايونىغا سۈرگۈن قىلىشنى بۇيرۇيدۇ. بۇ ئادالەتسىز
قارار يەرلىك ئۇيغۇر پۇقرالىرىنىڭ قارشىلىقىنى قوزغىۋېتىدۇ. ئۇلار قوزغىلىپ
ۋاڭ جۈنبىنى ئۆلتۈرۈپ، تيەنشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا بارىدىغان قاتناشنى
ئۈزۈپ تاشلايدۇ. بۇنىڭ بىلەن تاڭ سۇلالىسى ھەربى قوشۇننى ئىشقا سېلىشقا
مەجبۇر بولىدۇ [6].

تاڭ سۇلالىسىنىڭ ھەربى كۈچىنىڭ بېسىمى ئاستىدا، گەنجۇ ۋە لياڭجۇ
ئەتراپلىرىدىكى ئۇيغۇر پۇقرالىرىنىڭ بىر قىسمى بۇ رايوندىن ئايرىلىپ، ئورخۇن
دەرياسى ۋادىسىغا قايتىپ بارىدۇ. يەنە بىر تۈركۈم ئۇيغۇر پۇقرالىرى بولسا
ئۆز ئورنىدا قالىدۇ. تاڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ خاتا سىياسىتى تۈپەيلىدىن
يۈز بەرگەن خېشى ۋەقەسى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىدە قاتتىق ئىنكاس قوزغايدۇ. بۇنىڭ
ئەڭ كۈچلۈك دەلىلى شۇكى، تاڭ سۇلالىسى گۇاڭشى رايونىغا سۈرگۈن قىلىۋەت-
كەن چىنزۇڭنىڭ ئوغلى كۆل بىلگە ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ رەھبىرى بولۇپساي-
لىنىدۇ ۋە خاقان دەپ ئىززەتلىنىدۇ، ئۇنىڭ بارگاھى ئۆتۈكەن تېغى ئېتىكىگە

تىكلىنىدۇ. ئۇيغۇر خاندانلىقىنىڭ تارىخىدا ئەنە شۇ كۆل بىلگەنىڭ پائالىيىتى ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

742-يىلى ئۇيغۇر، قارلۇق ۋە باسمىل قاتارلىق قەبىلىلەر بىرلىشىپ، ئىچكى ماجىرا ۋەزىيىتىدە تۇرۇۋاتقان تۈرك خاندانلىقىغا ھۇجۇم قىلىپ، تۈرك قاغانى قۇتلۇق يابغۇنى ئۆلتۈرۈپ، باسمىل قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى ئېلتىمىرىشنى خاقان قىلىپ سايلىغاندا، ئۇيغۇر خاقانى كۆل بىلگە سىرتقا قارىتا خاقان دېگەن نامنى بىكار قىلىپ، سول يابغۇ دېگەن نام بىلەن ئۆزىنى باسمىل قەبىلىسى ئاقساقىلىنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىغا قويدى [1]. كۆل بىلگەنىڭ ئۆزىنى باسمىل قەبىلىسى ئاقساقىلىنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىغا قويۇشقا مەجبۇر بولۇشىدىكى ئاساسىي سەۋەپ شۇكى، شۇ چاغدىكى كۈچلەر سېلىشتۇرمىسىدا كۆل بىلگە پايدىسىز ئورۇندا ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن شۇ ۋاقىتلاردا ھەل قىلغۇچ ئورۇندا تۇرۇۋاتقان قارلۇق قەبىلىسى باسمىل قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلىنى قوللايتتى. 745-يىلىغا كەلگەندە، كۆل بىلگە قارلۇق قەبىلىسى بىلەن بىرلىشىپ، ھازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ جىمسار ناھىيىسى يېنىدا باسمىل قەبىلىسىگە ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ، بۇرۇن ئۇلارنى سايلاپ چىققان ئېلتىمىرىش خاقاننى ئۆلتۈرۈپ، ئۆزىنى «قۇتلۇق بىلگە كۆل خاقان» دەپ جاكالىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۆزىنى رەسمىيلەشتۈرۈپ تەيىنلەشنى ئىلتىجا قىلدى. تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى دەسلەپتە كۆل بىلگىنى «دىيانەتكە ھېرىسمەن ۋاڭ» قىلىپ تەيىنلىدى، لېكىن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا «رەھىمدىللىققا ھېرىسمەن قۇتلۇق بىلگە كۆل خاقان» قىلىپ رەسمىيلەشتۈردى.

بۇ، دەۋر بۆلگۈچ ۋەقە ئىدى. شۇنىڭ بىلەن كېيىنكى بىر ئەسىر ئىچىدە ئېلىمىزنىڭ شىمالىدىكى نۇرغۇن كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەر ۋەتىنىمىزنىڭ ئۇزاق تارىخى ۋە شەۋكەتلىك مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلىشتەك مۇقەددەس ئىشنى ئەنە شۇ ئۇيغۇر خاندانلىقى دېگەن نام ئاستىدا داۋاملاشتۇرغان. «رەھىمدىللىققا ھېرىسمەن خاقان» كۆل بىلگەنىڭ بارگاھى ھازىرقى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىگە تەۋە ئورخۇن دەريا ۋادىسىدىكى ئۆتۈكەن تېغى ئېتىكىگە تىكىلگەن. ئۇيغۇر خاندانلىقىنىڭ دائىرىسى شەرقتە شىڭئەنلىڭ تاغ تىزمىلىرى، غەرپتە ئالتاي تېغى، شىمالدا سىبىرىيىنىڭ بايقال كۆلىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى رايونلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى، جەنۇپتا بولسا، تاڭ سۇلالىسى بىلەن چېگرىلىناتتى. ئۇيغۇر خاندانلىقىنىڭ ئالىي ھۆكۈمرانى «خاقان» دەپ ئاتالدى. خاقانىنىڭ قول ئاستىدا تېكىن (خانزادىلەر)،

يابغۇ (خاننىڭ نائىبى، سەر تۇتۇن)، شات (قەبىلە قوشۇن سەركەردىسى) تەسىس قىلىندى. تېكىن، يابغۇ، شات قاتارلىق مەنسەپلەرگە خانزادىلەر ۋە خان جەمەتىدىكىلەرلا تەيىنلەندى. ئۇلاردىن قالسا ئاپار (قوشۇن سەركەردىسى)، جاغۇدا (دۆلەت ئىشلىرى مۇشاۋىرى)، تارخان (قوشۇن سەركەردىسى) بۇيرۇق (سەر تۇتۇن)، 3 ئىچكى ۋەزىر، 6 تاشقى ۋەزىر، شۇنىڭدەك مۆھۇرچى (تامغا تۇتىدىغان ئەمەلدار) قاتارلىقلار تەيىنلەندى.

ئۇيغۇر خاندانلىقى تۈرك خاندانلىقىنىڭ بىر مۇنچە باشقۇرۇش تۈزۈملىرىنى قوبۇل قىلىپ، يۇرتىدا بايان قىلىنغان مەنسەپلەرنى تەسىس قىلغاندىن تاشقىرى، يەنە تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ بەزى باشقۇرۇش تۈزۈملىرىنىمۇ قوبۇل قىلىپ، سانغۇن (جياڭجۈن)، سىما قاتارلىق مەنسەپلەرنى تەسىس قىلدى ⑪.

تاڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋەت ئۇيغۇر خاندانلىقىنىڭ ئاساسلىق سىياسى پائالىيەتلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئۇيغۇر خاندانلىقى ۋۇجۇتقا كېلىپ يۈز نەچچە يىل داۋامىدا، تاڭ سۇلالىسى بىلەن باشتىن ئاياق قويۇق ئىناق مۇناسىۋەتتە بولغان، بۇ خىل مۇناسىۋەت ئۇتۇغات بېرىش، قۇدا - باجا بولۇش ھەم تارىختا داستان بولۇپ دەۋردىن - دەۋرگىچە مەدھىيىلىنىپ كېلىۋاتقان يۈز يىللىق يىپەك - ئات سودىسى بىلەن ئىپادىلەنگەن. شۇنىداقتىمۇ، ئەڭ مۇھىم ئالامەت يەنە ئۇيغۇر خاندانلىقىنىڭ ئىككى قېتىم قوشۇن چىقىرىپ تاڭ سۇلالىسىغا ھەمدەم بولۇپ ئۆگلۈك - سۈيگۈن توپىلىڭىنى باستۇرغانلىقىدا گەۋدىلىنىدۇ. تاڭ سۇلالىسى ئۇيغۇر خاندانلىقى قوشۇنىنىڭ ئۆگلۈك - سۈيگۈن توپىلىڭىنى باستۇرۇشتا كۆرسەتكەن تۆھپىسىگە يۈكسەك باھا بەرگەن. ئۇلارنى: «خېيىم - خەتەر چۈشكەندە باشقا، بولدى ھەمدەم بىر نىيەت، جەڭدە كۆرسەتتى جاسارەت، تۆھپىسى بولدى بىھەت؛ گەرچە تۇرساقمۇ يىراقتا، كۆڭلىمىز رىشتى تۇتاش، تائەزەلدىن كۆرۈلۈپ باققان ئەمەس بۇنداق سۆيەت؛ بىز ئۇچۇن چەكتى جاپا، شەرتىمىز كېرىپ كۆكرەكنى كەڭ، ئالمىدى ئارتۇق نېسىۋە، خىزمىتى، ئۇچۇن پەقەت؛ ئاي بىلەن كۈنگە ئۇلارنى بولدۇ تەڭلەشتۈرۈپ، ياشىغاي پەزىلىتى ئەۋلاتتىن - ئەۋلاتقا ئەبەت» دەپ تەسۋىرلىگەن ⑫.

ئۇيغۇر خاندانلىقى قۇراللىق بويسۇندۇرۇش ئاساسىغا قۇرۇلغان. ھالبۇكى، ئۇيغۇر خاندانلىقىغا تەۋە چارۋىچى قەبىلىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل قۇراللىق كۈچكە ئىگە سىياسى گەۋدە ئىدى. چارۋىچىلىق ئىقتىسادىغا خاس بۇ خىل پەۋقۇلئاددە تارىخىي شارائىتتا، ئۇيغۇر خاندانلىقى قوش يوللۇق ھۆكۈمران سىستېمىسىنى ئورنىتىشقا مەجبۇر بولغان.

خاندانلىق ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ ئۇرۇقداشلىق گۇرۇھلىرى بولغان توققۇز ئۇيغۇر ئارىسىدا بىۋاستە ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن. بۇ ئۇرۇقداش گۇرۇھلارغا تەيىنلەنگەن تۇتۇقلارغا سىياسى جەھەتتىن رەھبەرلىك قىلىش مەسئۇلىيىتىدىن باشقا، خاندانلىق ئۈچۈن ئولپان ئېلىش مەسئۇلىيىتىمۇ يۈكلەنگەن. ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ ئۇرۇقداشلىق گۇرۇھلىرى ياشاۋاتقان جايلار خاندانلىقنىڭ ئاساسلىق زېمىنى بولغان.

ئەسلىدىكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئىتتىپاقىنىڭ ئەزاسى بولغان توققۇز ئوغۇزلارنىڭ كۆپچىلىكى ئوتتۇرىسىدا كۆپ تەرەپلىمىلىك ئالاقىلار ئورنىتىلغان. بۇ ئالاقە بىر تەرەپتىن، دۈشمەنگە قارشى ئۇزاق مۇددەتلىك كۈرەشلەر جەريانىدا بارلىققا كەلگەن. بۇ قەبىلىلەر ئەمەلىيەتتە ئۆزلىرىنىڭ تەسىر دائىرىلىرىگە ئىگە ئىدى. شۇڭا، ئۇلارغا خاندانلىق تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن مەمۇرى ھوقۇقلارغا مۇيەسسەر ئەمەلدارلارنى تېگىش ئىنتايىن تەس ئىدى. خاندانلىقنىڭ بۇ قەبىلىلەرنىڭ ئاقساقاللىرىغا تېگىن، يابغۇ، ئېلتەبىر قاتارلىق ئاقسۆڭەكلىك ئۇنۋانلارنى بېرىپ، ئۆز تەسىر دائىرىسىدە ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈشنى ھاۋالە قىلىشىنىڭ سەۋەبلىرى مانا مۇشۇ يەردە ئىدى. شۇنداق قىلىپ، بۇ قەبىلە ئاقساقاللىرىنىڭ سىياسى تەلىۋىمۇ ۋە ھوقۇق تەلىۋىمۇ ئوخشاشلا قاندۇرۇلغان ئىدى. ئۇيغۇر خاندانلىغىنىڭ چەت رايونلاردا ياشاۋاتقان قەبىلىلىرى قوراللىق كۈچ بىلەن ياكى مەجبۇرى بويسۇندۇرۇلغان قەبىلىلەر ئىدى. ئۇلار كۈچسىز بولغانلىقتىن، موڭغۇل دالىسىدىكى ھەر قايسى قەبىلىلەرنىڭ ماجىرالىرىغا ئانچە قاتناشماي، ئۆزلىرىنى خېلى بىتەرەپ تۇتۇشقا تىرىشاتتى، ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر خاندانلىغىغا بېقىنغانلىغىنىڭ سەۋەبى ئۆزلىرىنىڭ ھالىتىنى ساقلاپ قېلىش، ئېرىشكەن مەنپەئەتلىرىنى قوغداپ قېلىشتىن ئىبارەت ئىدى. ئۇيغۇر خاندانلىغىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى ئۇلارنىڭ بۇ ئارزۇلىرىدىن تامامەن بىخەۋەر ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئۇلارنى نازارەت قىلىپ تۇرۇش مەقسىدىدە، خاندانلىقتا «تۇتۇق» (نازارەتچى) دىگەن مەنسەپنى تەسىس قىلدى ⑬.

يىراق-ياقا جايلاردىكى قەبىلىلەرگە ئەۋەتىلگەن تۇتۇقلار بۇ قەبىلىلەرنىڭ يۇقۇرى تەبىقىلىرىنىڭ سىياسى پائالىيەتلىرىگە نازارەت قىلىشتىن تاشقىرى، ئىقتىسادى جەھەتتىمۇ ئۇلارنىڭ خاندانلىققا ئۆز ۋاقتىدا سوغا-سالام ۋە ئولپان تاپشۇرۇپ تۇرۇشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىپ تۇراتتى. ئۇيغۇر خاندانلىغى گۈللىنىۋاتقان ۋاقىتلاردا بۇ قەبىلىلەرنىڭ خاندانلىققا ئىتائەت قىلىشى پۈتكۈل سىياسى ۋەزىيەتكە تەسىر كۆرسىتەلمىدى. لېكىن كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۇيغۇر خاندانلىغى زەئىپلىشىشكە قاراپ يۈزلەنگەندە، ئۇلار خاندانلىقنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان كۈچلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

## 2

بۇ قىسىمدا ئاساسەن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىجتىمائى ئىقتىسادى مۇھاكىمە قىلىنىدۇ. بۇنىڭدا مۇھاكىمە قىلىنىدىغان تېما ئىككى:

1. ئۇيغۇر خاندانلىقىنىڭ سىنىپىي مۇناسىۋىتى.
2. ئۇيغۇر خاندانلىقىنىڭ ئىقتىسادىي تارماقلىرى.

ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمقى جەمىيىتى توغرىسىدا ئېلىمىزنىڭ خەنزۇچە تارىخىي ھۆججەتلىرىدە مەزمۇنى ئاساسىي جەھەتتىن بىر بىرىگە ئوخشاپراق كېتىدىغان مەلۇماتلار خاتىرىلىنىپ قالغان.

«كونا تاڭنامە» دە مۇنداق دېيىلگەن: «پادىشاسى ۋە سەركەردىسى يوق، تۇراقلىق جايى يوق، سۇ ۋە ئوت-چۆپ قوغلىشىپ كۆچۈپ يۈرىدۇ.» «يېڭى تاڭنامە» دە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئۇيغۇلار باتۇر، چەبدەس كېلىدۇ. دەسلەپتە سەر-كەردىسى يوق ئىدى. سۇ ۋە ئوت-چۆپ قوغلىشىپ يۈرەتتى.» ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمقى جەمىيىتى توغرىسىدا، ئۇيغۇر خەلقلىرى ئىچىدىمۇ يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان مەزمۇنغا ئوخشاپ كېتىدىغان راۋايەتلەر ساقلانغان ئىدى. بۇ راۋايەت ئىرانلىق پەيزۇللا رەشىدىنىڭ 1300-يىلى يازغان «جامىئوت تاۋارىخ» ناملىق كىتاۋىغا كىرگۈزۈلگەن. راۋايەتتە مۇنداق دېيىلىدۇ:

«يىللار بىر بىرىنى قوغلىشىپ ئۆتىۋەردى، بىرەر پادىشا، بىرەر ئاقساقال پۈتكۈل ئۇيغۇر خەلقىغە ئورتاق بەلگىلىمە چىقىرىپ بەرمىدى. پەقەت ھەر بىر مەزگىلدە مەلۇم بىر قەۋمدىن بىر زەبەردەس ئادەم چىقىپ ئۆزىنى ئاقساقال دەپ ئاتىدى. كېيىن ھەر قايسى قەۋملەر ئورتاق مەنپەئەت ئۈچۈن كاتتا مەجلىس ئۆتكۈزۈپ ... ئىسكۆل قەۋمىدىن بولغان ئەڭ دانىشمەن مونگوبېكنى بىردەك سايلاپ چىقىپ، ئۇنىڭغا ئەل ئىلتىر دەپ نام بەردى. كېيىن يەنە ئورقۇندۇر قەبىلىسىدىن بىر دانىشمەن كىشىنى سايلاپ چىقىپ، ئۇنىڭغا «كۆل ئېركىن» دەپ نام بەردى. بۇ ئىككى پادىشانىڭ قەۋملىرى ئۇيغۇرلارغا يۈز يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ھۆكۈمرانلىق قىلدى»⑭.

13-ئەسىردە ئۆتكەن يەنە بىر ئىرانلىق ئالىم ئالا ئىددىن ئەتا مەلىك جۇۋەي-نىنىڭ «تارىخ جاھانكۇ شاي» ناملىق ئەسىرىگە ئۇيغۇلارنىڭ ئەجداتلىرى توغ-رىسىدا مەزمۇنى ئوخشاپراق كېتىدىغان يەنە بىر راۋايەت پۈتۈلگەن: «ئۇيغۇلار ئۆز ئەجداتلىرىنى ئورخۇن دەرياسى بويىدا ياشىغان، دەپ قارايدۇ. بۇ دەريا قارا

قۇرۇم تېغى ئېتىكىدىن ئېقىپ چىقىدۇ. ئورخۇن دەرياسى بويىدا ياشىغان ئۇيغۇرلار ئىككى بۆلەككە بۆلۈنەتتى. ئاھالىسى كۆپەيگەندىن كېيىن، ئۇلار بىر كىشىنى ئۆزلىرىگە ئاقساقال قىلىپ سايلاپ چىقتى»⑮.

بۇ رىۋايەتلەر بىزگە قەدىمقى ئۇيغۇلار جەمئىيىتىنىڭ ئومۇمىي كۆرۈنۈشىنى سۈرەتلەپ بېرىدۇ. دېمەك، ئۇيغۇلاردا ئاتا مىراس ئاقساقال بولمىغان. قەبىلە ئەزالىرى قەبىلىنىڭ سىياسىي پائالىيىتىگە ئورتاق قاتنىشىدىغان تارىخىي مەزگىلنى بېشىدىن كەچۈرگەن.

جەمئىيەت ئىقتىسادىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، بولۇپمۇ تۈرك خاندانلىقى ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىنىڭ تەسىرى ئارقىسىدا، ئۇرۇقداشلىقتىن ئىبارەت ئىجتىمائىي تۇرمۇش تەخمىنەن 6-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى، 7-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىن قېپقالدى، سىنىپتىن ئىبارەت رەھىمسىز غار ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە پەيدىن-پەي ۋۇجۇتقا كەلدى. بۇ جەرياننىڭ سىياسىي ساھەدىكى ئىنكاسى سەركەردىسىزلىكتىن سەركەردىلىك بولۇشقا ئۆتۈش، قەبىلە ئەزالىرى قەبىلىنىڭ سىياسىي پائالىيەتلىرىگە ئورتاق قاتنىشىشتىن قەبىلىنىڭ سىياسىي پائالىيەتلىرىنى ئاز ساندىكى كىشىلەر بەلگىلەشكە ئۆتۈشتىن ئىبارەت بولدى بۇ جەريان يەنە قەبىلە ئاقساقىلىنىڭ سايلىنىشتىن بالا ئاتىغا ۋارىسلىق قىلىشقا ئۆتكەنلىكىدىمۇ گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن. ئۇرۇش ئۇيغۇرلاردىكى ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمىنىڭ يىمىرىلىشىدىكى ئامىللارنىڭ بىرى بولدى. يالغۇز تۈرك خاندانلىقى مەزگىلىدىلا ئېلىپ ئېيتساق، تۈرك خاندانلىقى بىلەن ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشلار ھەش-پەش دىگىچە بىر مۇنچە قەبىلىنى گۇمران قىلىپ، ئۇلارنىڭ مال-مۈلكىنى بۇلاڭ-تالاڭغا ئۇچراتتى، ئاھالىلىرىنى بولسا قىردى ياكى تېزىتىۋەتتى. ئاقىۋەتتە، بۇ ئۇرۇشلاردا نۇرغۇن ئائىلىلار خانىۋەيران بولدى، بۇ ھال كۈچلۈك قەۋم ۋە قەبىلىلەرنىڭ بايلىرىنى تېخىمۇ باي قىلدى.

ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلغان توققۇز ئۇيغۇر ئۇرۇقلىرىنىڭ نامى گەرچە ئۇزۇن ۋاقىتقىچە ساقلانغان بولسىمۇ، لېكىن، ماھىيەتتە ئۇلار ساپ ئۇرۇقداش گۇرۇھ بولالماي قالدى. تۆمەنتىن ئىلگىرىلا ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدە قول ئىشلىتىش ئىشى ۋۇجۇتقا كەلگەن ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئائىلە ئەمگەكلىرىگە ئىشلىتىلگەنلىرى ئۆي قۇلى، چارۋا بېقىشقا ئىشلىتىلگەنلىرى بولسا مالچى قۇللار دەپ ئاتالدى. ۋاھالەنكى، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى يانچى خاراكتېرىدىكى قۇللار ئىدى. ئۇيغۇرلار جەمئىيىتى قۇللۇق جەمئىيەت باسقۇچىدا ئۇزۇن تۇرالمىدى.

ئۇنىڭ ئاساسى بەلگىسى شۇكى، خاندانلىقنىڭ ئاساسلىق ئىگىلىك تارمىقى بولغان چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا كۆپلەپ قۇل ئىشلىتىشكە ئۈلگۈرەلمىدى. بۇ ئەھۋالنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى شۇكى، ئۇيغۇرلار سىنىپىي جەمئىيەتكە قەدەم قويۇش بىلەنلا فېئوداللىق ئىقتىسات يۈكسەك راۋاجلانغان سۇي ۋە تاڭ سۇلالىلىرى بىلەن سىياسى ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە قويۇق مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، ئۇلارنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلدى. ئاندىن قالسا، قاتتىق نازارەت قىلىش قۇللارنىڭ ئەمگىكىنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشتىكى زۆرۈر شەرت ئىدى. لېكىن شۇ ۋاقىتتىكى ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدە بۇنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئىنتايىن قىيىن ئىدى. چۈنكى چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا خاس تارقاقچىلىق ۋە كۆچمەنلىكتىن باشقا، ئۇيغۇرلار چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان رايونلارنى گويا قىيان سۇدەك بېسىۋالغان ئىدى، ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكىمۇ بۇنداق قاتتىق نازارەت قىلىشقا توسقۇنلۇق قىلىپ تۇردى.

فېئوداللىق تۈزۈمگە قەدەم باسقاندىن كېيىن، ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدە قارمۇ-قارشى ئىككى سىنىپ ۋۇجۇتقا كەلدى. ئۇلار ئاددى رەئىيە ۋە بەگلەر دەپ ئاتىلىدۇ. ئاددى رەئىيە (قارا بودۇن دەپمۇ ئاتىلىدۇ) قەبىلە ئەزاسى بولۇپ، پۇقرالىق سالاھىيىتىگە ئىگە. ئۇلار ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا بەگلەر تەبىقىسىگە باج-ھاشار ھىساۋىدا مەلۇم ساندا چارۋا تاپشۇراتتى، ئۇرۇش بولۇپ قالسا، ئۆزلىرى ئات-ئۇلاق، قورال-ياراق تەييارلاپ بەگكە ئەگىشىپ ئۇرۇشقا قاتنىشاتتى، ئۇرۇشتا ئالغان غەنىمەتنىڭ كۆپ قىسمىنى بەگلەرگە تاپشۇراتتى. بەگلەر تەبىقىسى ئاساسەن قەبىلە-ئۇرۇق ئاقساقاللىرى، ئاقسۆڭەكلىرى ھەم خان قەۋملىرى تەرىپىدىن ھاسىل بولغان. ئۇلاردا ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش خۇسۇسىيىتىدىن باشقا، يەنە قەبىلە ئەزالىرىنىڭ تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىشىنى زۆرۈر بىخەتەرلىك ۋاستىلىرى بىلەن كاپالەتلەندۈرۈش مەسئۇلىيىتىمۇ بار ئىدى. بەگلەر بىلەن ئاددى رەئىيەلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئېنىق فېئوداللىق خاراكتېر ئالغان. بەگلەر خاندانلىقتىكى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپنى تەشكىل قىلغان، رەئىيەلەر ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغۇچى سىنىپنى تەشكىل قىلغان [16].

يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇر خاندانلىقىنىڭ ئىقتىسادى چارۋىچىلىق، سودا ھەم دېھقانچىلىق بىلەن قول ھۈنەرۋەنچىلىكتىن تەركىپ تاپقان. چارۋىچىلىق — تەبىئەتنىڭ ئوتلاقتا ياشىغۇچى كىشىلەرگە قىلغان ئىلتىپاتى. دەۋر ئېقىمى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنى تەدرىجى يوسۇندا ئورخۇن دەرياسى، توغلا دەرياسى ۋە سېلېنگې دەر-

ياسى ۋادىسىغا جەم قىلغان، ئۇيغۇرلارمۇ تەبىئەتنىڭ بۇ ئىلتىپاتىدىن تولۇق بەھرىمەن بولغان. بۇ دەريالار ئېقىپ ئۆتكەن يەردە مول سۇ مەنبەلىرى، بولۇق ئوت-چۆپلەر ھەم قېلىن ئورمانلار بار ئىدى. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى چارۋىچىلىقنىڭ روناق تېپىشى ئۈچۈن ئوبدان شارائىت ئىدى.

8 - ئەسىردىن كېيىن ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادىي ساھەسىگە پەيدىن-پەي يېڭى تارماقلار قوشۇلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ تارماقلار چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشىدىكى ئورنىنى تولۇق ئىگىلەپ كېتەلمەيتتى. ئۇيغۇر خاندانلىغى مەركىزىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىگىلىكى يەنىلا چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان ئىدى. چۈنكى، بىرىنچىدىن، مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئۇيغۇر ئاھالىسى مال بېقىشنى ئۆزلىرىنىڭ ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى قىلغان ئىدى. ئىككىنچىدىن، چارۋىچىلىق ئىگىلىكى باشقا ئىشلەپچىقىرىش تارماقلىرىغا قارىغاندا ئۇيغۇرلارنى كىيىم-كېچەك، ئوزۇق-تۈلۈك ۋە تۇرمۇش ۋاستىلىرى بىلەن ئوبدانراق تەمىنلەپ كېتەلەيتتى.

ئۇيغۇر خاندانلىغىنىڭ تاڭ سۇلالىسى بىلەن قىلغان يۈز نەچچە يىللىق «يىپەك-ئات سودىسى» بىزگە خاندانلىق مەركىزىدە چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشىدا تۇتقان ئورنىنى چوڭقۇر تونۇتتى. چارۋا ۋە چارۋا مەھسۇلاتلىرى خاندانلىقنىڭ سىرتقا سېتىلىدىغان مۇھىم تاۋارلىرى ئىدى.

چارۋا ۋە چارۋا مەھسۇلاتلىرى يەنە خاندانلىقنىڭ تاشقى سىياسى پائالىيىتىنىڭ ۋاستىلىرىنىڭ بىرى ئىدى. خاندانلىقنىڭ تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە ئەۋەتكەن سوغا-سالاملىرىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى چارۋا مەھسۇلاتلىرى ئىدى.

بىز شۇنىڭغىمۇ دىققەت قىلدۇقكى، چارۋىچىلىق ئىگىلىكىگە ماس كېلىدىغان قەبىلىدىن ئىبارەت بۇ تەشكىلىي شەكىل، ئۆز نۆۋىتىدە، خاندانلىقنىڭ سىياسى ۋە ھەربى تۈزۈمىنىڭ ئاساسىمۇ بولغان. دېمەك، مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇيغۇر خاندانلىغى ۋە ئۇنىڭ سىياسى، ھەربى تۈزۈملىرى ھەم باشقا ئىجتىمائى مۇناسىۋەتلىرى دەل شۇ چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئاساسىغا قۇرۇلغان ۋە چارۋىچىلىق ئىگىلىكى تەرىپىدىن كاپالەتلەندۈرۈلگەن.

سودىگەرچىلىك ئۇيغۇر خاندانلىغى دەۋرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشىدا ۋۇجۇتقا كەلگەن مۇھىم بىر ساھە بولۇپ، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇيغۇر خاندانلىغىنىڭ ئۆزىگە ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىغا غايەت زور ۋە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى.

خېلى ئۇزاق بىر مەزگىلگىچە، ئۇيغۇرلار جەمئىيىتى چارۋىچىلىقنى ئاساسىي ئىگىلىك تارمىقى قىلدى. چارۋا مال بېقىش ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىنىڭ ئاساسىي ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى بولدى. شۇڭا چارۋا مالنىڭ ئاز-كۆپلىكى باي-كەمبەغەللىكنىڭ ئاساسىي بەلگىسى قىلىندى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچىلار سىنىپى پۈتۈن كۈچى بىلەن چارۋا كۆپەيتىشنىڭلا كويىدا بولدى. 7-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن، ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ ئۆز ئەتراپىدىكى قەبىلىلەر ئۈستىدىن قازانغان بىر قاتار غەلىبىلىرى ئۇلارنىڭ پائالىيەت دائىرىسىنى كېڭەيتىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇيغۇر ئېكسپىلاتاتسىيىچىلىرىنى تېخىمۇ ئاچكۆز قىلىۋەتتى. بولۇپمۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونى بىلەن بېرىش-كېلىش قىلىشقاندىن كېيىن، شۇ دەۋرنىڭ بايلىق بەلگىسى دەپ قارالغان ئالتۇن، كۈمۈش، مەرۋايىت، ياقۇت، تاۋار-دۇردۇنلار ئۇيغۇر ئېكسپىلاتاتسىيىچىلىرىنىڭ بايلىق توغرىسىدىكى ئۇقۇمىنى كۆپ ئۆزگەرتىۋەتتى. شۇندىن ئېتىبارەن، ئۇلار نەزەر دائىرىسىنى مۇشۇ مۈلۈكلەرگە قاراتتى ھەمدە ئۇزۇن ئۆتمەي ئارزۇ قىلغان پۇرسەتلەرگە ئىگە بولدى. بۇ پۇرسەت ئۆڭلۈك-سۆيگۈن توپىلىڭى ئىدى.

ئۇيغۇر ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچىلار سىنىپى تاڭ سۇلالىسىغا ھەمدەملىشىپ ئۆڭلۈك-سۆيگۈن توپىلىڭىنى تىنجىتىش داۋامىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن بايلىققا ئېرىشتى. لېكىن بۇ، بايلىق توپلاشنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك مەنبەسى ئەمەس ئىدى. چۈنكى، ئۇرۇش توختىغان ھامان ئۆز مەيلىچە بايلىق تالان-تاراج قىلىدىغان پۇرسەتمۇ بولمايتتى، بۇ ئۆزگىرىش شۇ ۋاقىتتىكى ئۇيغۇلار جەمئىيىتىدە يېڭى بىر ئىقتىسادىي تارماقنى بارلىققا كەلتۈردى. سودا ئىگىلىكى — نىسپىي تېچلىق مەزگىلىدە داۋاملىق بايلىققا ئېرىشىشنىڭ ئاساسىي يولى — ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە سىڭىپ كىرىپ، چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنىڭ ئورنىنى ئېلىشقا باشلىدى. شۇڭلاشقا، خاندانلىقنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە، سودا ئىگىلىكى ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدە باشتىن-ئاياق خېلى مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ كەلدى.

ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىنىڭ ئىگىلىك قۇرۇلمىسىدىكى بۇ ئۆزگىرىشنى تۆۋەندىكى شەرتلەر بارلىققا كەلتۈرگەن:

1. ئۇيغۇرلار قوشۇن چىقىرىپ تاڭ سۇلالىسىغا ھەمدەملىشىپ ئۆڭلۈك-سۆيگۈن توپىلىڭىنى تىنجىتقاندىن كېيىن، تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى مۇكاپات تەرىقىسىدە ئۇيغۇرلارغا ھەر يىلى 20 مىڭ توپ تاۋار-دۇردۇن بېرىپ تۇرۇشنى قارار قىلدى. مۇندىن باشقا يەنە ئات-يىپەك سودىسى كېلىشىمىنى تۈزدى. بۇ كېلىشىمگە

ئاساسەن، ئۇيغۇر خانىدانلىقى تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە ھەر يىلى يۈزمىڭ ئات سېتىپ بېرىدىغان، تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ھەر بىر ئات ئۈچۈن 40 توپ تاۋاردىن تۆلەيدىغان بولدى ⑰.

روشەنكى، بۇ، ھەر ئىككى تەرەپ ئۈچۈن غايەت چوڭ سودا بولۇپ، ئۇلار ئەمەلىي سودا كۆچىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتكەن ئىدى. نۇرغۇن تارىخىي ماتېرىياللار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، كېيىنكى يىللاردا تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدىكى بۇ ئات-يىپەك سودىسىنىڭ مىقدارى ئىككى تەرەپ كېلىشكەن سانغا يېتەلمىگەن. شۇنداق بولسىمۇ، بۇ سودا قەرەل بويىچە ئېلىپ بېرىلغان. بۇ سودىنىڭ ئەھمىيىتى يەنە شۇ يەردىكى، ئۇ ھەر ئىككى تەرەپنى مۇقىم سودا قانىلى ۋە سودا تورىغا ئىگە قىلدى. يەنە بىر تەرەپتىن، تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تۆلىگەن ئات ھەققى شۇ ۋاقىتتىكى ئەمەلىي ئات باھاسىدىن بىر نەچچە ھەسسە ئۈستۈن بولدى. بۇ، ئۇيغۇر خاندانلىقىنى جىق مەنپەئەتكە ئىگە قىلدى.

2. ئۆگلۈك-سۆيگۈن توپىلىڭىدىن كېيىن، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئوبرازى ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلدى، ئۇنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى ئابرويى كۆپ چۈشۈپ كەتتى، تەسىر دائىرىسىدىمۇ چوڭ ئۆزگىرىش بولدى. خېبېي، خېنەن، شەندۇڭ ۋە شەنشىلەر توپىلاڭچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەندىن باشقا، تۈبۈتلار خېشى رايونىنى بېسىۋالغانلىقتىن، تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىكى ھەربىي قوشۇنلىرى ئۆز جايلىرىدا قاۋۇلىپ قالدى. بۇنىڭ بىلەن تاڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي رايونلىرى بىلەن بولغان ئالاقىسى پەقەت ئۇيغۇر خاندانلىقى ئارقىلىقلا ئەمەلگە ئاشىدىغان بولۇپ قالدى. قاتناش يولىدىكى بۇ خىل ئۆزگىرىش سىياسىي خاراكتېر ئېلىپلا قالماستىن، ئىقتىسادىي خاراكتېرگىمۇ ئىگە بولۇپ قالغان ئىدى. بۇ ئۆزگىرىش ئۇيغۇر خاندانلىقىنى شەرق بىلەن غەرپ ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش تۈگۈنىنى بىۋاستە تىزگىنلەپ تۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. ئۇيغۇر خاندانلىقى بۇ ئوبدان پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، ئۆتكەن-كەچكەن سودىگەرلەردىن باج ئالغاندىن تاشقىرى، شەرق بىلەن غەرپ ئوتتۇرىسىدىكى سودىنىمۇ ئىلكىگە ئالدى ⑱.

يىپەك مال ۋە قول سانائەت بۇيۇملىرى خېلى بۇرۇنلا ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىدىكى سۇلالىلارنىڭ سىرتقا ساتىدىغان ئەنئەنىۋى ماللىرىغا ئايلىنىپ، غەرپ مەملىكەتلىرىدە ئىنتايىن يۈكسەك شان-شۆھرەتكە ئىگە بولغان ئىدى.

بۇ مەنپەئەتلىك ماللار تەبىئى ھالدا ئۇيغۇر خانىدانلىقىنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى، ئۇلار ئاتنى يىپەك مالغا تېگىشىشتىن تاشقىرى، يەنە ئوتتۇرا تۈزلەڭ رايونىدىن بىۋاستە يىپەك مال ۋە قول سانائەت بۇيۇملىرىنى سېتىۋالىدىغان بولدى. ئۇيغۇر خانىدانلىقى بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭ رايونى ئوتتۇرىسىدىكى سودا توغرىسىدا تارىخىي ھۆججەتلەردە مۇنداق دەپ يېزىلغان: «ھارۋىلىرى ئالتۇن ۋە يىپەك ماللارغا تولۇپ كېتەتتى، يوللاردا ئۇلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى.»

ئۇيغۇر خانىدانلىقىنىڭ سودا پائالىيىتى بۇنىڭ بىلانلا قالمىدى. ئۇلار ئۆز ئېلىكىدىكى قولاي قاتناش شارائىتىدىن پايدىلىنىپ، تۈرلۈك يىپەك مال، چاي ۋە قول سانائەت بۇيۇملىرىنى سېتىۋېلىپ، ئۆز ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئېھتىياجىنى تەمىنلىگەندىن تاشقىرى، يەنە تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى رايونلار ھەم ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىغىمۇ ئېلىپ بېرىپ سېتىپ، ئۇ يەرلەردىن تاڭ سۇلالىسىگە كېرەك بولغان تېرە، يۇڭ، قاش تېشى ۋە دورا-دەرمەكلەرنى سېتىۋېلىپ، تاڭ سۇلالىسىگە سېتىش بىلەن ئىككى ئوتتۇرىدىن ھايان ئالاتتى.

سودىنىڭ ئۇيغۇر خانىدانلىقىنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشىدىكى مۇھىملىقى سودىگەرلەرنىڭ خانىدانلىقتىكى ئىجتىمائى ئورنىنىمۇ گەۋدىلىك ئىپادىلەندى. ئۆكلۈك-سۆيگۈن توپىلىڭىدىن كېيىن، سودىگەرلەر، بولۇپمۇ ئۇيغۇر خانىدانلىقىدا شەرق بىلەن غەرپ ئوتتۇرىسىدىكى سودىنى تىزگىنلەپ تۇرغان سوغدى سودىگەرلىرى خانىدانلىقتا ناھايىتى يۇقۇرى ئورۇنغا چىقىۋالدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى خاقاننىڭ مەسلىھەتچىسى بولىۋالدى، بەزىلىرى خانىدانلىقنىڭ سىياسىتى، ئىقتىسادىي ۋە دىنىي ئىشلىرىغا بىۋاستە ئارىلىشىدىغان بولدى [19].

ئۇيغۇر خانىدانلىقى دەۋرىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادىدا يۈز بەرگەن ئەڭ ئەھمىيەتلىك ئۆزگىرىش دىخانچىلىق ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشلىرىنىڭ پەيدا بولغانلىقىدىن ئىبارەت ئىدى. يازما ماتېرىياللاردا ئۇيغۇر خانىدانلىقى دەۋرىدىكى دىخانچىلىق ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك توغرىسىدا مەلۇمات تېپىلمايدۇ. بۇنى ئېنىقلاش ئارخېئولوگىيە خىزمىتىنىڭ ئىشى. ھازىر ئورخۇن، سېلىنگې ۋە توغلا دەرياسى ۋادىلىرىدىن دىخانچىلىق، قول سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىغا ئائىت نۇرغۇن پاكىت تېپىلدى. ئۇيغۇر خانىدانلىقىنىڭ پايتەختى (ھازىرقى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىدىكى قارا بالغاسۇن) خانىدانلىقنىڭ سىياسى ۋە سودا مەركىزى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى دىخانچىلىق ۋە قول سانائەت مەركەزلەشكەن جاي ئىدى. ئارخېئولوگلار بۇ جايدىن نۇرغۇنلىغان دىۋىرقاي، مىس پارچىلىرى ۋە ياغۇنچاق قاتارلىق

نەرسىلەرنى تاپتى. بۇلار قول سانائەتنىڭ مەلۇم تەرەپلىرى ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان ماتېرىياللار ئىدى ⑳.

شۇ ۋاقىتتا ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائى ھاياتىدا دېخانچىلىق بىلەن قول سانائەت-نىڭ رولى ئىنتايىن چەكلىك بولسىمۇ، بىراق بۇ ئۆزگىرىشنىڭ ئەھمىيىتىنى سان-سىپىر بىلەن ئۆلچەشكە بولمايدۇ. ئۇنىڭ ماھىيەتلىك ئەھمىيىتى شۇكى، دېخانچىلىق بىلەن قول سانائەتنىڭ پەيدا بولۇشى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائى ئىگىلىگىگە بىر خىل تامامەن يېڭى ئامىل ئېلىپ كەلدى.

قىسقىسى، بۇ مەزگىلدە ئۇيغۇرلاردا ئىجتىمائى جەھەتتە نوقۇل چارۋىچىلىق ئىگىلىگىدىن قۇتۇلۇش خاھىشى تۇغۇلدى. نەتىجىدە، ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي ھاياتىدا سودا، دېخانچىلىق ۋە قول سانائەت بارلىققا كەلدى. ئەپسۇسكى، بۇ يۈزلىنىشنىڭ ئىلگىرىلىشى بەك ئاستا بولدى. شۇڭا ئۇيغۇلارنىڭ ئىجتىمائى ئىگىلىگىدە تاكى خاندانلىقنىڭ كېيىنكى مەزگىلىگىچە چارۋىچىلىق ئاساسىي ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى ۋە ئاخىر كېلىپ چارۋىچىلىق ئىقتىسادىغا خاس ئاجىزلىقلار ئۇيغۇر خاندانلىقىنى ئەجەللىك زىيانغا ئۇچراتتى.

3

ئەمدى ئۇيغۇر خاندانلىقىنىڭ مەدەنىيىتى ئۈستىدە توختىلىمىز، ئۇنىڭدا ئۇي-غۇرلارنىڭ يېزىقى، تىلى، بىناكارلىق سەنئىتى، دىنى، ئۆسۈل ۋە مۇزىكىلىرىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتىمىز.

يېزىق: ئۇيغۇر خاندانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇرلار تۈرك يېزىقىنى قوللانغان.

قەدىمقى تۈرك يېزىقى ئورخۇن دەرياسى ۋادىسىدىن تېپىلدى. بۇ يېزىقنىڭ شەكلى قەدىمقى شىمالىي ياۋروپادىكى رۇنىك يېزىقىغا ئوخشاپراق كېتىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ئورخۇن-رۇنىك يېزىقى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئورخۇن-رۇنىك يېزىقى بوغۇم بىلەن ھەرپ ئارىلىشىپ كەتكەن يېزىق. بىر تاۋۇش ئىككىنچى بىر تاۋۇشقا قوشۇلغاندا، ئوخشاش بولمىغان شەكىلدە يېزىلىدۇ. شۇڭا 26 فونېمىغا 90 نەچچە بەلگە قويۇلغان. ھەرپلەر بىر بىرىگە قوشۇلۇپ يېزىلمايدۇ. ھەرپلەر چېكىتلىك پەش بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدۇ. ھەممىسى 34 ھەرپ بولۇپ، بۇنىڭ تۆتى سوزۇق تاۋۇش، قالغانلىرى ئۈزۈك تاۋۇش. ئوڭدىن سولغا، بەزىدە يۇقۇرىدىن تۆۋەنگە يېزىلىدۇ. يۇقۇرىدىن تۆۋەنگە يېزىلىشى، روشەنكى، خەنزۇچە خەتنى يېزىش ئۇسۇلىنىڭ

تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن بولسا كېرەك [21].

بۇ مەزگىلگە مەنسۇپ بولغان مەدەنىي يادىكارلىقلار ئاساسەن مەڭگۈ تاشلاردىن ئىبارەت. بۇ مەڭگۈ تاشلارنىڭ بەزىلىرى دەسلەپتە 1889-يىلى تېپىلدى، شۇ ۋاقىتتا روسىيىلىك ئالىم ئادرىنسېف باشلىق كىشىلەر ئورخۇن دەرياسى ۋادىسىدا ئۇيغۇر خاندانلىقىنىڭ پايتەختى قارا بالغاسۇننى ئىزدەپ يۈرۈپ، ھازىرقى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ سەيدام كۆلى بويىدىن «كۆل تېكىن مەڭگۈ تېشى»، «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى»، «9 ئۇيغۇر ئاي تەڭرىدە بولمىش ئالىپ قاغان مەڭگۈ تېشى» قاتارلىق مەڭگۈ تاشلارنى تاپقان. شۇنىڭدىن كېيىن يەنە موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى تەۋەسىدىن «ئۇيغۇر بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى»، «تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى» تېپىلدى. يۇقۇرىدا ئېيتىلغان «9 ئۇيغۇر ئاي تەڭرىدە بولمىش ئالىپ قاغان مەڭگۈ تېشى» بىلەن «ئۇيغۇر بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» دا ئۇيغۇر خاقانلىرىنىڭ ئىش-پائالىيەتلىرى خاتىرىلەنگەن.

دانىيىلىك مەشھۇر ئالىم تومسون بىرىنچى بولۇپ بۇ يېزىقنى ئوقۇپ چۈشەندۈرگەن. تومسون ئۆزىنىڭ بۇ ھەقتىكى مۇھاكىمە نەتىجىسىنى 1893-جاھانغا ئېلان قىلدى. شۇ يىلى ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ مەخسۇس ئەسىرى «ئورخۇندىكى مەڭگۈ تاشلار يېزىقى»نى نەشر قىلدۇرغان. روسىيىلىك رادلوف بىلەن نېمىس ئالىمى خ. خ. شېيدېر ئۇنى نېمىسچىگە تەرجىمە قىلغان، ئەنگلىيىلىك ئې. د. لوس ئۇنى ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلغان. 1935-يىلى ئېلىمىزنىڭ ئالىمى خەن رۇلىن ئەپەندى نېمىسچە تەرجىمىسى بىلەن ئىنگلىزچە تەرجىمىسىگە ئاساسەن ئۇنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلدى. بۇ مەڭگۈ تاشلار ئۇيغۇر تارىخى ۋە تىلى توغرىسىدىكى تەتقىقاتتا ئىنتايىن زور قىممەتكە ئىگە.

تىل: ئۇيغۇر خاندانلىقى مەزگىلىدىكى ئەڭ مۇھىم مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ بىرى — بىرلىككە كەلگەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ شەكىللەنگەنلىكىدۇر. ئۇيغۇر خاندانلىقىدىن ئىبارەت بۇ تارىخىي شەيئى يىراق ئۆتمۈش بولۇپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تىل جەھەتتە ياراتقان نەتىجىسى ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا ھازىرغىچە ساقلانماقتا ۋە ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئاساسلىق بەلگىلىرىدىن بىرى بولۇپ كەلمەكتە.

بىرلىككە كەلگەن ئۇيغۇر تىلى ئۇلارنىڭ سىياسى تەسىرىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ شەكىللەندى ۋە راۋاجلاندى. ئۇيغۇر تىلى ئۆزى ئۈچۈن شارائىت ھازىرلاۋاتقان ۋاقىت ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئىتتىپاقىنىڭ يەنى توققۇز ئوغۇزلارنىڭ شەكىللىنىش دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ. دەسلەپتە بۇ قەبىلىلەر ئىتتىپاقىدىكى قەبىلىلەرنىڭ

مۇناسىۋىتى تۇراقسىز بولغانلىقتىن، قەبىلىلەر ئارىسىدا بىر مۇنچە پەرق مەۋجۇت ئىدى.

ئۇيغۇر خاندانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى بىر تۇتاش ئۇيغۇر تىلىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشى ئۈچۈن مىسلىسىز پايدىلىق شارائىت يارىتىپ بەردى. ئۇيغۇر تىلى خاندانلىق دائىرىسىدە باشقا قەبىلە تىللىرىنى بېسىپ چۈشۈپ، ھۆكۈمەت تىلى بولۇپ قالدى. ئۇيغۇر تىلى بولۇپمۇ ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئىتتىپاقىغا ئەزا قەبىلىلەر ئارىسىدا ئالاقىنى ساقلاش ۋە كۈچەيتىشتە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىدى. بۇ جەريان ئەينى زاماندا ئۇيغۇر تىلىنىڭ سىناقلاردىن ئۆتۈپ تولۇقلىنىش ۋە تەكەممۇللىشىش جەريانى بولدى. يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان مەڭگۈ تاشلار ئۇيغۇر تىلىنىڭ خېلى ئىخچام ۋە مۇكەممەل گىراماتىك قۇرۇلمىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى، ئۇيغۇر تىلى ئاتالغۇلىرىنىڭ تەدرىجى مۇقىملىشىپ بارغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

خاندانلىقنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە سابىق ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئىتتىپاقى ئەزالىرىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئۆز نامىنى قالدۇرۇپ «ئۇيغۇر» دىگەن نام ئاستىغا جەم بولۇپ، ئۇيغۇر مىللىتى تارىخىدا تۇنجى قېتىملىق كەڭ كۆلەملىك بىرلىشىشنى بېشىدىن كەچۈردى. بۇنىڭدا ئۇيغۇر تىلىنىڭ تۇرتكىلىك رولى ناھايىتى زور بولدى. شۇ قېتىمقى كەڭ قوشۇلۇش ئارقىسىدا، نۇرغۇن قەبىلىلەر ئۇيغۇر تىلىنى ئورتاق تىل قىلدى. تېخىمۇ مۇھىمى شۇكى، ئۇيغۇر خاندانلىقى دەۋرىدە شەكىللىنىپ بىرلىككە كەلگەن ئۇيغۇر تىلى كېيىنكى ۋاقىتلاردا دەۋرنىڭ قاتتىق سىناقلىرىدىن ئۆتۈپ، بىرلىككە كەلگەن ئۇيغۇر مىللىتىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈش ۋەزىپىسىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقتى.

بىناكارلىق سەنئىتى: ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنىڭ ئۆزگىرىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ، ئۇيغۇر خاندانلىقى تەۋەسىدە بىر قاتار شەھەر-بازارلار بارلىققا كېلىشكە باشلىدى. ئۇيغۇرلار سېلىنگې دەرياسى ۋادىسىدا بايبالىق قەلئەسى، ئورخۇن دەرياسى ۋادىسىدا ھازىر قارا بالغاسۇن دەپ ئاتالغان شەھەرگە ئوخشاش بىر مۇنچە شەھەر-بازارلارنى بەرپا قىلدى. قارا بالغاسۇن شەھرىنىڭ خارابىلىرىغا قارىغاندا، ئەشۇ ۋاقىتلاردا ئىنتايىن كۆركەم قۇرۇلۇشلارنىڭ بولغانلىقى مەلۇم. بۇ قەلئەنىڭ دائىرىسى 25 كۇۋادىرات كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ خارابىلىقتا سېپىلنىڭ قالدۇقلىرى ۋە قەلئە ئىچىدىكى كۆلچەكلەرنىڭ تېگى ھېلىغىچە ساقلانماقتا، قەلئەنى بىر كوۋادىرات كىلومېتىردىن ئاشىدىغان ئالا ھىدە سېپىل قورشاپ تۇرىدۇ.

ئۇلىڭ بىر تەرىپىگە ئاھالىلار رايونى جايلاشقان. قەلئەنىڭ كۆلىمى كەڭ بولۇپلا قالماستىن، خارابىلىقتا ئايلانغان سېپىل قالدۇقلىرىنىڭ ئېگىزلىكىمۇ ئون مېتىردىن ئاشىدۇ. قەلئەنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان تۇر (كۆزىتىش مۇنارىسى) نىڭ ئېگىز-لىكى 14 مېتىردىن ئاشىدۇ. بۇ قەلئەنىڭ ئىچىدىكى خارابىلىقتا ئايلانغان خان ھەرەمخانىسىدىن نەپىس ھەيكەللەر، نەقىشلەنگەن خىش-ساپاللار تېپىلدى. رەستە ۋە بىنا ئىزلىرىنىڭ ئومۇمى ئۇزۇنلۇقى 24 كىلومېتىردىن ئاشىدۇ [22]. قارابالغاسۇن شەھرى — قەلئەسى ئىنتايىن كۆركەم ياسالغان، ئىمارەتلىرى رەتلىك، ئازادە ئورۇنلاشتۇرۇلغان شەھەر، بۇلار ئۇيغۇر خاندانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ بىناكارلىق، نەقاشلىق ۋە قول ھۈنەر سەنئىتىنىڭ خېلىلا يۇكسەك دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

دىن: خاندانلىق دەۋرىدە ئۇيغۇر ئاھالىسى ئارىسىدا تارقالغان ئاساسلىق دىن شامان دىنى ئىدى [23]. شامان دىنى پېرىخونلۇقتىن ئانچە پەرقلەنمەيدىغان دىن بولۇپ، ئۇنىڭ مۇئەييەن دىنىي پىرىنسىپى ۋە دىنىي قائىدە-يوسۇنى يوق ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ ئېلىمىزنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى كۆچمەن چارۋىچى قەبىلە خەلقلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى دىنى ئىدى. شامان دىنىغا ئادەتتىكى ئۇيغۇر ئاھالىسى ئېتىقات قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇيغۇر خاقانلىرىمۇ ئېتىقات قىلغان. شامان داخانلىرى ھەمىشە ئۇيغۇر خاقانلىرى ئۈچۈن پال ئېچىپ، خاقانىنىڭ سىياسى ۋە ھەربى مەسلىھەتچىلىرىدىن بولۇۋېلىپ، خاندانلىقتا مۇئەييەن سىياسى ئورۇن ئىگىلىگەن. مىلادى 762-يىلىدىن كېيىن، ئۇيغۇر خاندانلىقىدا مانى دىنى يەنە تارقىلىشقا باشلىدى ۋە ئۇزۇن ئۆتمەيلا خاندانلىقتا تەسىرى ئەڭ چوڭ دىنغا ئايلاندى [21].

مانى دىنىنى بىرىنچى بولۇپ ئۇيغۇرلار ئارىسىغا ئېلىپ كىرگەن كىشى ئۇيغۇر خاقانى تەڭرى خاقان ئىدى. تەڭرى خاقان ئۇيغۇر قوشۇنىنى باشلاپ، تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى بىلەن بىللە ئۆڭلۈك-سۆيگۈن توپىلىڭىنى باستۇرۇش جەريانىدا لوياڭغا كېلىپ، مانى مۇخلىسلىرى بىلەن ئۇچراشتى. ئۆڭلۈك-سۆيگۈن توپىلىڭى تىنجىتىلغاندىن كېيىن، تەڭرى خاقان مانى دىنى مۇخلىسلىرىدىن تۆت كىشىنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كەلدى. شۇندىن باشلاپ ئۇيغۇر خاندانلىقىدا مانى دىنى تارقىلىشقا باشلىدى. تەڭرى خاقانىنىڭ ئۆزىمۇ مانى دىنىغا ئېتىقات قىلدى، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۇيغۇر ئەمەلدارلىرى ۋە ئاقسۆڭەكلەرمۇ ئېتىقات قىلدى. شۇنداق قىلىپ مانى دىنى ئۇيغۇر خاندانلىقىدا ئەۋج ئېلىپ، ئاخىرى شامان دىنىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى.

مانى دىنىنىڭ خاندانلىقتا ئەۋج ئېلىشىغا ئەگىشىپ، مانى دىنى مۇخلىسلىرىمۇ سىياسى جەھەتتە ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولدى. ئۇلار خاندانلىقنىڭ سىياسى، ئىقتىسادىي ۋە ھەربى ئىشلىرىغا ئارىلىشىدىغان بولدى، ھەتتا بەزىدە خاقاننىڭ ئەلچىسى بولدى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار خاندانلىقنىڭ سودا ئىشلىرىنى تىزگىنلەپ تۇرغان سوغدى سودىگەرلىرى بىلەن بىللە، خاندانلىقنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان زور سىياسى كۈچ بولۇپ شەكىللەندى.

ھۆكۈمران سىنىپنىڭ قولىدىكى دىن خەلقنى ئەنە شۇ ھۆكۈمرانلارغا ئىتائەت قىلدۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى ھۆكۈمران سىنىپ تەبىقىلىرىنىڭ ئۆز ئارا ھوقۇق تالىشىشىدا بىر خىل ۋاستە ئىدى. مىلادى 780-يىلى ئۇيغۇر خاندانلىقىنىڭ ۋەزىرى تونباغا تارخان لەشكەر تارتىپ چىقىپ تەڭرى خاقانىنى ۋە سوغدى سودىگەرلىرى بىلەن مانى دىنى مۇخلىسلىرىدىن ئىككى مىڭدىن ئارتۇق كىشىنى ئۆلتۈردى. بۇنىڭ بىلەن مانى دىنى قاتتىق زەربىگە ئۇچرىدى ㉓. مىلادى 806-يىلىدىن كېيىن مانى دىنى ئۇيغۇر خاندانلىقىدا قايتىدىن باش كۆتىرىپ، ئەۋج ئېلىشقا باشلىدى. ھەتتا ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكەندىن كېيىنمۇ مانى دىنى ئۇلارنىڭ ئاساسلىق ئېتىقات قىلىدىغان دىنى بولۇپ قېلىۋەردى. ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا مانى دىنى بۇددا دىنى بىلەن بىللە تاكى 13-ئەسىرگىچە ساقلاندى.

ئۇسۇل ۋە مۇزىكا: بىز تاڭ سۇلالىسى تارىخ كىتابلىرىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇسۇلى توغرىسىدا يېزىلغان مەلۇماتلارنى ئۇچراتتۇق. لېكىن شۇ ۋاقىتتىكى ئۇسۇللار كۆڭۈل ئېچىش خاراكتېرىدىمۇ ياكى مۇراسىم خاراكتېرىدىمۇ، بۇنى ئايرىش تەس. ئەگەر تاڭ سۇلالىسى تارىخ كىتابلىرىدا ئېيتىلغان ئۇسۇل مۇراسىم خاراكتېرىدا بولسا، بىز باشقا جەھەتلەردىنمۇ يەنى شامان داخانلىرىنىڭ پېرىخونلۇق مۇراسىملىرىدىنمۇ ئۇيغۇر ئۇسۇللىرىغا ئائىت يىپ ئۇچلىرىنى تاپالايمىز. پېرىخونلۇق ئۇيغۇرلار ۋە ئېلىمىزنىڭ شىمالىدىكى باشقا كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر ئارىسىدا بىز ياشاۋاتقان زامانغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە. بىزنىڭ كۆرگەنلىرىمىزگە قارىغاندا، پېرىخونلۇقنىڭ بىر قىسمى ئۇسۇل بىلەن ئورۇنلىنىدۇ.

ئەگەر بىز ھازىرقى زامان داخانلىرىنىڭ پېرىخونلۇقىنى بىر نەچچە ئەسىر بۇرۇنقى داخانلارنىڭ پېرىخونلۇقىغا ئاساسەن ئوخشايدۇ، دەپ مۆلچەرلىسەك، ئۇ ۋاقىتتا بىز يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ شۇنداق تەسەۋۋۇر قىلالايمىزكى، شۇ چاغدىكى ئۇيغۇر مۇزىكىلىرىمۇ رىتىمى كۈچلۈك بىر خىل مۇزىكا بولغان. چۈنكى ئېنىق ۋە

كۆچلۈك رېتىم شۇ ۋاقىتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ چارۋىچى خەلققە خاس مىجەز-خۇلقى ۋە قەيسەر، ئىنتىلگەك پسىخولوگىيىسىگە ناھايىتى ئۇيغۇن كېلىدۇ.

ئۇيغۇر مەللىتىنىڭ تارىخىدا ئۇيغۇر خاندانلىقى دەۋردمۇ ھەم بىر دەۋر بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسى پائالىيەتلىرى ئەڭ مەركەزلەشكەن دەۋرلەرنىڭ بىرى ئىدى. مەركەزلەشكەن بۇ سىياسى پائالىيەتلەر ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ بىر مۇنچە غوللۇق ئامىللىرىنى ھاسىل قىلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئېقىمنىڭ چايقاشلىرىدىن ئۆتۈپ ئۆزىنى ساقلاپ قالغان ۋە تەرەققى تاپقىنى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. خاندانلىق دەۋرىدە شەكىللەنگەن بەزى مەدەنىيەت ئامىللىرى، ئېيتايلۇق، يېزىق، دىن قاتارلىقلار خاندانلىق گۇمران بولغاندىن كېيىنمۇ ئۇزۇن يىللارغىچە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا داۋاملىق جانلىنىپ، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تارىخىدا بىر باسقۇچ بولۇپ قالدى. بەزى مەدەنىيەت ئامىللىرى بولسا، ئېيتايلۇق، مىللى نام، تىل قاتارلىقلار ھېلىمۇ داۋام قىلماقتا. كىشىلەر ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىنى ئەسلىگەندە، تەبىئى ھالدا ئۆزىنىڭ پىكىر-خىيالىنى ئۇيغۇر خاندانلىقى دەۋرىگە توغرىلايدۇ.

ئىزاھاتلار

① فەن ۋېنلەن: «جۇڭگونىڭ قىسقىچە ئومۇمى تارىخى» (تۈزىتىلگەن نۇسخە) 3-بۆلۈم 2-كىتاپ، 493-بەت.
② «سۇينامە»، 49-جىلد «تيېلېلار تەزكىرىسى».
③ «يېڭى تاڭنامە»، 217-جىلد «ئۇيغۇرلار»، 1-كىتاپ؛
فەن ۋېنلەن: «جۇڭگونىڭ قىسقىچە ئومۇمى تارىخى»، 2-بۆلۈم 3-كىتاپ، 494-بەت.
④ «كونا تاڭنامە»، 195-جىلد «ئۇيغۇرلار».
⑤ ⑥ «يېڭى تاڭنامە»، 217-جىلد «ئۇيغۇرلار» 1-كىتاپ.
⑦ «تاڭ سۇلالىسى تارىخلىرى مەجمۇئەسى»، 98-جىلد، «يېڭى تاڭنامە» 217-جىلد «ئۇيغۇرلار» 1-كىتاپ.
⑧ «ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئۆرنەكلىرى» 211-جىلد «شۈەن زوڭنىڭ كەييۈەن 4-يىلى».
⑨ ⑩ «يېڭى تاڭنامە»، 217-جىلد «ئۇيغۇرلار» 1-كىتاپ؛ «كونا تاڭنامە»، 195-جىلد «ئۇيغۇرلار».

⑪ فەن ۋېنلەن: «جۇڭگونىڭ قىسقىچە ئومۇمى تارىخى»، 3 - بۆلۈم 2 - كىتاپ، 503 - 504 - بەتلەر، «يېڭى تاڭنامە» 217 - جىلد «ئۇيغۇرلار»، 1 - كىتاپ؛ «پۈتۈكلەر جەۋھىرى»، 962 - جىلد.

⑫ «كونا تاڭنامە»، 195 - جىلد «ئۇيغۇرلار».

⑬ «ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئۈرنەكلىرى»، 246 - جىلد «خۇيچاڭ يىللىرىدىكى مەكتۇپلەر ئۈرنىكى»، 2 - جىلد.

⑭ فېڭ جياشېڭ، جېڭ شۇلى، مۇگۇاڭۇېن: «ئۇيغۇرلار تارىخىغا ئائىت قىسقىچە ماتېرىياللار توپلىمى»، 1 - كىتاپ 22 - بەت.

⑮ فېڭ چېڭجۈن تەرجىمە قىلغان «دوسسۇن موڭغۇل تارىخى»، جۇڭخۇا كىتاپخانىسى، 1962 - يىل 6 - ئاي نەشرى، 172 - بەت.

⑯ فەن ۋېنلەن: «جۇڭگونىڭ قىسقىچە ئومۇمى تارىخى»، 2 - كىتاپ، 516 - 517 - بەتلەر.

⑰ «يېڭى تاڭنامە»، 51 - جىلد «ئىگىلىك تەزكىرىسى»؛ «كونا تاڭنامە»، 156 - جىلد «دۇجىلىڭ نەسەبنامىسى»؛ لوجژ: «لوشۈەنگۇڭ مەكتۇپلىرى توپلىمى» يارلىق، 10 - جىلد «ئۇيغۇر خاقانلىرىغا مەكتۇپ»؛ بەي جۈيىي: «بەيشىنىڭ چاڭچىڭ يىللىرى ئۆتكەن مەكتۇپلىرى توپلىمى»، 40 - جىلد «ئۇيغۇر خاقانلىرىغا مەكتۇپ».

⑱ «پۈتۈكلەر جەۋھىرى» 994 - جىلد؛ لوجىنيۇ ئىمزا ھەلاپ تولۇقلىغان «قارا قورۇمدىن تېپىلغان مېتال ۋە تاش پۈتۈكلەر توپلىمى. ئۇيغۇر بىلگە قاغاننىڭ مەرىپەتلىك ۋە ئۇلۇغۋار ھەربى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى خاتىرىلەش مەڭگۈ تېشى».

⑲ «ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئۈرنەكلىرى»، 226 - جىلد «تاڭ سۇلالىسى خاتىرىلىرى (42)»؛ «دوكتور يۈتيەنخېڭ ماقالىلىرى توپلىمى» «9 - ئۇيغۇر خاقانى مەڭگۈ تېشى».

⑳ فەن ۋېنلەن : «جۇڭگونىڭ قىسقىچە ئومۇمى تارىخى» 3 - بۆلۈم 2 - كىتاپ، 520 - بەت.

㉑ خەن رۇلىن: «تۈرك يېزىغىدىكى بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشىنى چۈشەندۈرۈش»، «ئۇيغۇر تارىخىغا ئائىت قىسقىچە ماتېرىياللار توپلىمى» 1 - كىتاپ 36 - بەتتىن ئېلىندى. گېڭ شىمىن: «ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ تەرەققىياتى ھەققىدە» («جۇڭگو تىل يېزىق» ژورنىلى، 1963 - يىل، 4 - سان).

22 «يېڭى تاڭنامە» 217-جىلد «ئۇيغۇرلار» 1-كىتاپ؛ «ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئۆرنەكلىرى» 226-جىلد «تاڭ سۇلالىسى خاتىرىلىرى (42)»؛ لى دېيۇ: «لى ۋېيگۇڭنىڭ خۇيچاڭ يىللىرىدىكى ماقالىلىرىدىن ئۆرنەكلەر»، 2-جىلد؛ شى جىژېڭ: «پىرى بۇد ھەققىدە ئومۇمى مەلۇمات» 41-جىلد؛ ياپونىيىلىك چيەنجوشىنىسى بىلەن جياتېڭ جۇزو بىرلىشىپ تۈزگەن «يىپەك يولى ھەققىدە لۇغەت»، 253-بەت «قارا بالغاسون».

23 دوسان «موڭغۇل تارىخى».

24 لوجىنيۇ ئىزاھلاپ تولۇقلىغان: «قارا قورۇمدىن تېپىلغان مېتال ۋە پۈتۈكلەر توپلىمى، ئۇيغۇر بىلگە قاغانىنىڭ مەرىپەتلىك ئۇلۇغۋار ھەربى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى خاتىرىلەش مەڭگۈ تېشى». «يېڭى تېپىلغان بۇكونا خاقانىنىڭ دىنغا ئېتىقات قىلىش خاتىرىسىدىن پارچىلار». «تارىخقا ئائىت قىسقىچە ماتېرىياللار توپلىمى» 1-كىتاپ 38-بەتتىن ئېلىندى.

25 «كونا تاڭنامە» 195-جىلد «ئۇيغۇرلار».

# كىدانلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ۋە ئۇلار قۇرغان خانلىقلار توغرىسىدا

ئابلەت نۇردۇن

كىدانلار (بەزى ماتېرىياللاردا قىتان دەپمۇ ئاتىلىدۇ) قەدىمقى دەۋردە، ئېلىمىزنىڭ شەرقىي شىمال رايونىدىكى لياۋخې دەرياسىنىڭ يۇقۇرى ئېقىملىرىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، كىدانلار زىمىنىدا 10 نەچچە ئوبلاست تەسىس قىلىنىپ، بۇ ئوبلاستلارنى قەبىلە باشلىقلىرى باشقۇرغان. تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىگە كەلگەندە، قەبىلە باشلىقى يالۇغ ئاپپاق (يېلۈ ئاباۋجى) كىدان قەبىلىلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ ۋەزىمىنىنى كېڭەيتىپ، كىدان (لياۋ) خانلىقى (مىلادى 916-يىلدىن - 1125-يىلغىچە) نى قۇرغان. بۇ خانلىقنىڭ ئاخىرقى خانى تيەنزو (مىلادى 1101-يىلدىن 1125-يىلغىچە ھۆكۈمرانلىق قىلغان) دەۋرىدە بەيئەت قىلغان خەلقلەرنىڭ قارشىلىقى كۈچەيگەنلىكى، ھۆكۈمرانلار سىنىپى ئىچىدە ھوقۇق-مەنپەئەت تالىشىش زىددىيىتى كەسكىنلەشكەنلىكى ئۈچۈن، جۇرجىت (مانجۇلارنىڭ ئەجدادى) لار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ لياۋ خانلىقىغا ھۇجۇم قوزغاپ، تيەنزو خاننى ئەسىر ئېلىپ، بۇ خانلىقنى گۇمران قىلغان. بۇ خانلىق يوقىتىلغان بولسىمۇ، لياۋ خانلىقىنىڭ خان جەمەتىدىن يالۇغ تاشىن بىر قىسىم كىدانلارنى باشلاپ غەرپكە كۆچۈپ، ھازىرقى شىنجاڭنىڭ غەربىي قىسمى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا غەربىي لياۋ خانلىقى (قارا كىدان خانلىقى دەپمۇ ئاتىلىدۇ، مىلادى 1125-يىلدىن 1211-يىلغىچە) نى قۇرغان①، 1211-يىلى غەربىي لياۋ قوشۇنلىرى تالاس دەرياسى بويىدا خۇارەزىم شاھى مۇھەممەت تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ، بۇ خانلىقنىڭ ئاساسلىق ھۆكۈمرانلىرى ئەسىرگە چۈشكەن بولسىمۇ، كېيىنچە ئۇلاردىن باراخ (ئەسلىدە غەربىي لياۋ خانلىقىدا ئەمەلدار بولغان) خۇارەزىم شاھىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەن ھەمدە شارائىت يار بەرگەن چاغدا يەنى 1224-يىلى كېرمانىختا كېيىنكى كىدان خانلىقىنى قۇرغان. بۇ خانلىق 1303-يىلغىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان.

(1)

كىدانلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ھەققىدىكى مەلۇمات ئېلىمىزنىڭ خەنزۇچە تارىخ كىتاپلىرىدا زىكىر قىلىنغان. «ۋېيناممە» دە: «كىدانلار بىلەن قاباشلار (莫库奚) نى بىر قەۋم ئىچىدىكى ئىككى ئۇرۇق»، «قاباش» لارنى بولسا «جەنۇبىي قىسمىغا جاي-لاشقان سيانپېلارنىڭ باشقا ئۇرۇغىدىن» دېيىلگەن. «تاڭنامە»، «بەش دەۋرنىڭ يېڭى تارىخى»، «لياۋ سۇلالىسى تارىخى»، «16 دۆلەت دەۋرىدىكى ئەمىنلىك» قاتار-لىق كىتاپلاردا، كىدانلار «سيانپېلارنىڭ ئەۋلادى» دېيىلگەن. «بەش دەۋرنىڭ كونا تارىخى»، «كىتاپلار جەۋھىرى»، «سۇڭ سۇلالىسى تارىخىنىڭ مۇھىم مەزمۇن-لىرى» قاتارلىق كىتاپلاردا بولسا، كىدانلار «ھۇنلارنىڭ ئەۋلادى» دېيىلگەن ①. تارىخىي ماتېرىياللاردا قالدۇرۇلغان مەلۇماتتا يۇقۇرىقىدەك ئوخشاشماسلىق بولغانلىقى ئۈچۈن، يېقىنقى زاماندىكى تارىخشۇناسلارمۇ كىدانلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ھەققىدە تۈرلۈك كۆزقاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. مەسىلەن، بەزىلەر ئۇلارنى سيانپېلارنىڭ ئەۋلادى دېسە، بەزىلەر ھۇنلارنىڭ ئەۋلادى دەپ قارايدۇ. يەنە بەزىلەر بولسا، تۇڭغۇسلاردىن كېلىپ چىققان دەيدۇ. يەنە بەزىلەر ئۇلارنى موڭغۇل ئامىللىرى ئارىلاشقان خەلق ② دەيدۇ ۋەھاكازا. لېكىن تارىخىي ماتېرىياللارنى ئۆز ئارا سېلىشتۇرۇپ، ئۇلار ئارىسىدىكى ئورتاقلىق ۋە پەرقلەرنى تېپىپ چىقىپ، ئەستايىدىل مۇھاكىمە يۈر-گۈزسەك، بۇ مەسىلىنىڭ يىپ ئۇچىنى تېپىپ چىقىشقا ۋە بۇ مەسىلىدە يۇقۇرىدىكى ھەر خىل قاراشنىڭ ھېچقايسىنى مۇتلەقلەشتۈرۈۋېتىشكە بولمايدىغانلىقىنى چۈشىنى-ۋېلىشقا بولىدۇ.

خەنزۇچە يازما تارىخىي كىتاپلارغا ئاساسلانغاندا، كىدانلارنىڭ ئەجدادى — چۇۋېن جەمەتىنى ھۇنلار بىلەن سيانپېلارنىڭ قوشۇلمىسىنىڭ مەھسۇلى دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈش مۇمكىن. سيانپېلار — شەرقىي خۇ (غۇز) قەبىلە ئىتتىپاقىنىڭ بىر تارمىقى. غەربىي خەننىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا شەرقىي خۇ قەبىلە ئىتتىپاقى ھۇنلارنىڭ داڭلىق تەڭرىقۇتى باتۇر (مودۇ) تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغاندىن كېيىن، سيانپېلار لياۋدۇڭدىن موڭغۇل دالىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي قىسمىغا كۆچۈپ، ئوغانلارغا خوشنا بولۇپ ماكانلاشقان. شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ جيەنۋۇ 28-يىلى (مىلادى 48-يىلى) ھۇنلار شىمال ۋە جەنۇپ ئىككى قىسمىغا بۆلۈنۈپ كەتكەن. شىمالىي ھۇنلارنىڭ تەڭ-رىقۇتى قۇتئۇس (قۇتئۇش) خەن سۇلالىسى بىلەن قارشىلىشىش يولىنى تۇتقان، جەنۇ-

بىي ھۇنلارنىڭ تەگرىقۇتى قوغىشار بولسا خەن سۇلالىسىغا بەيئەت قىلغان. شىمالىي ھۇنلار خەن سۇلالىسى ۋە سىيانپى، دىڭلىڭ ( دىل ) ، جەنۇبىي ھۇنلارنىڭ ئارىغا ئېلىپ ھۇجۇم قىلىشى بىلەن موڭغۇل دالىسىدىن يىراق غەربىي تامانغا كۆچۈپ كەتكەن. سىيانپىلارغەرپكە ئىلگىرىلەپ ھۇنلارنىڭ يەر-زېمىنىنى ئىشغال قىلغان. ھۇنلاردىن 10 تۈمەن تۈتۈن ( ئائىلە ) موڭغۇل دالىسىدا قېپقالغان بولۇپ، كېيىنچە ئۇلار سىيانپىلارغا ئارىلىشىپ كەتكەن. ئارىلىقتا بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، قېپقالغان ھۇنلاردىن قارئۇتۇ* 《葛乌菟》 سىيانپىلار تەرىپىدىن قەبىلە باشلىقى قىلىپ سايلانغان ۋە 12 قەبىلە-ئۇرۇقىقا باشچىلىق قىلغان. ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى سىيانپىلارنىڭ ئاقسۆڭەكلەر تەبىقىسىدىكى كاتتا كىشىلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالغان. قارئۇتۇ قەبىلە باشلىقى بولغان چاغلاردا، ئۇنىڭ قەۋمى يىنشەن تېغى ئەتراپىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلغان. ئۇنىڭ ئەۋلادى فۇخۇي دەۋرىدە ئۆز جەمەتىنى چۈۋېن جەمەتى دەپ ئاتىغان. ئۇنىڭ ئوغلى مونا دەۋرىدە ئۇ ئۆز قەۋمىنى باشلاپ يىنشەن تېغى ئەتراپىدىن جەنۇپقا كۆچۈپ، لياۋشى ( 辽西 ) دا ماكانلاشقان، ۋاقىت شەرقىي خەننىڭ خۇەندى ( ليۇجىر ) خانى ( مىلادى 147 - يىلدىن 167 - يىلغىچە) دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ. مونادىن كېيىن تيەن شىگۈي سىيانپىلارنىڭ قەبىلە باشلىقى بولىدۇ. ئۇ سىيانپىلارنى شەرق، ئوتتۇرا، غەرپ ئۈچ قىسىمغا بۆلىدۇ. چۈۋېن جەمەتىدىكىلەر شەرقىي قىسىم سىيانپىلارنىڭ ھۆكۈمران تەبىقىسى بولۇپ، چۈۋېن جەمەتىنىڭ يىنشەن تېغى ئەتراپىدىن لياۋشىغا كۆچۈشى بىر جەمەتنىڭلا يۆتكىلىشى بولماستىن، سانى خېلى كۆپ بولغان ھۇن قەۋمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خەلقنىڭ كۆچۈشى ئىدى.

يۇقۇرقىلاردىن، كىدانلارنىڭئەجدادى ھەم يادرو ئۇرۇغى بولغانچۈۋېن جەمەتىنىڭ سىيانپىلار بىلەن ھۇنلارنىڭ ئۇزۇن مۇددەت ئارىلىشىپ ياشاپ، قان ئارىلىششى بىلەن شەكىللەنگەنلىگىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

---

* شنجاڭ ئىجتىمائى پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخ تەتقىقات ئىنىستىتۇتى قەدىمقى زامان تارىخى تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ تەتقىقات خادىمى شۆزۇگجېڭنىڭ ئېيتىشىچە، « قەدىمقى دەۋرىدە 《葛》 خېتى « قار» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدىكەن. 《乌西菟》 خېتى جەنگو دەۋرىدىكى چۇ دۆلىتىدىكىلەرنىڭ تىلىدا « يولۋاس » دىگەن مەنىنى بىلدۈرىدىكەن چۇ دۆلىتىدىكىلەرنىڭ تىل تەۋەلىكى مەسىلىسى تېخى تالاش - تارتىشتا ئىكەن.

يەنە بەزى تارىخچىلار لياۋچېڭ ۋە كۆلۈندىكى كىدان قەۋرىلىرىدە، كىدان ئەرلىرىنىڭ رەسمى بېشىنىڭ چوققىسىدىكى چاچنى ئالدۇرۇۋەتكەن، ئەتراپىدىكى چاچلىرىنى ئۆستۈرۈۋەتكەن ھالدا سىزىلغانلىقىغا ئاساسەن، بۇ خىل ئادەت سيانپىلارنىڭ، شۇڭا كىدانلارنى سيانپىلارنىڭ ئەۋلادى دېيىش مۇۋاپىق دەپ قارايدۇ. ھالبۇكى، چۇۋېن جەمەتى ئارىلاشما خەلق بولسىمۇ، ئۇلار ئارىسىدا سيانپىلارنىڭ سانى كۆپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە سيانپىلار زېمىنىدا ئۇزاق ۋاقىت ماكانلاشقان ئىدى. ھەممىگە ئايانكى، ئۆرپ ـ ئادەت ھېمىشە مۇھىتنىڭ تەسىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. شۇڭا كىدانلاردا سيانپىلارغا ئوخشاش ئۆرپ ـ ئادەتنىڭ بولۇشىنى نورمال ئەھۋال دەپ قاراشقا بولىدۇ. ھەرگىزمۇ بۇنىڭلىق بىلەن كىدانلاردا ھۇنلارنىڭ ۋە باشقا قەدىمقى خەلقلەرنىڭ ئېتنىك تەركىۋى بارلىقىنى چەتكە قېقىشقا بولمايدۇ. يەنە شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش ھاجەتكى، كىدانلاردا ھۇنلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى ساقلانغانلىقى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تارىخقا ئائىت ئىلمىي ماقالىلاردىن ۋە كىلاسسىك كىتابلاردىن نەقىل كەلتۈرۈپ دەلىللەشكە بولىدۇ. «كىدانلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ھۇنلارغا ئاساسەن ئوخشايدۇ، ئۇلار قاۋۇل ياشلارنى ئەتىۋالاپ، قېرىلارنى كەمسىتىدۇ، ئاتا ـ ئانىسى ئۆلگەندە يىغلاشنى نومۇس ھېساپلايدۇ»②. تارىخىي كىتابلاردا يەنە كىدانلارنىڭ ئۇرۇشلاردا ئاۋالقىدەكلا جەڭ ھارۋىلىرىدا ئۇرۇش قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىدىغانلىقى، ئۇۋچىلىق ئۇلارنىڭ ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش تارمىقى ئىكەنلىكى، ئۇلار ئارىسىدا ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى خەلقچىل تۈزۈم ۋە ئادەتلەر ساقلىنىپ قالغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ خانى ئۆز ئالدىغا ھۆكۈم چىقارمايدىغانلىقى ئېيتىلغان. ئېلىمىزنىڭ ئاتاقلىق تارىخچىسى سىماگۇاڭ يازغان «شاھانىلىق يىلنامىسى» نىڭ 165 ـ جىلدىدىمۇ: «(كىدانلار) باشقا قەبىلىلەرگە يۈرۈش قىلماقچى بولسا، ھەممىسى جەم بولۇپ كېڭەشكەن، بىر كىشىلا ھۆكۈم چىقارمىغان، ئۇۋچىلىق ياكى ئۇرۇش قىلىشقا ھەممەيلەن ئورتاق قاتناشقان» لىقى تىلغا ئېلىنغان. يۇقۇرقىلار، كىدانلاردا سيانپىلارنىڭلا ئەمەس، بەلكى ھۇنلارنىڭمۇ ئۆرپ ـ ئادىتى ساقلىنىپ قالغانلىقىنى يېتەرلىك دەرىجىدە كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

**(2)**

كىدانلار چىن، خەن سۇلالىرى دەۋرىدە سيانپى (سايبى) ۋە شەرقىي خۇ قەبىلىلىرى ئارىسىدا ياشىغان، بېلىقچىلىق ۋە ئۇۋچىلىقنى ئۆزلىرىنىڭ ئاساسلىق ئىشلەپ-

چىقىرىش تارمىغى قىلغان. جەنۇبىي - شىمالىي سۇلالىلار مەزگىلىدىن باشلاپ، ئۇلار-نىڭ نامى تارىخنامىلارغا كىدان دەپ خاتىرىلىنىدىغان بولغان. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە، تاڭ ھۆكۈمىتى كىدانلار ياشىغان رايونلاردا 10 نەچچە ئوبلاست تەسىس قىلغان، ئوبلاستلارنى كىدانلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ قەبىلە باشلىقلىرى ئىدارە قىلغان. كىدانلار ئەسلىدە 8 قەبىلىدىن تەركىپ تاپقان بولۇپ، كېيىنچە ئۇلار ئۆز ئىچىدىكى كۈچلۈك قەبىلىدىن سەردار سايلايدىغان بولغان ۋە ئۇنىڭغا ياردەم-لىشىپ ھەربى ئىشلارنى باشقۇرىدىغان ئەمەلدارنى يىلچىن دەپ ئاتىغان. 8 قەبىلە ئىچىدە دىلبو قەبىلىسى بىر قەدەر كۈچلۈك بولغاچقا، سەردارلارنىڭ كۆپىنچىسى شۇ قەبىلىدىن سايلانغان. تارىخىي خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، كىدانلار ياللۇغ يۈندىش دەۋرىدە، چارۋىچىلىقتىن باشقا دىخانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا، ئىقتىسادىي جەھەتتە خېلى روناق تېپىشقا باشلىغان. ئۇنىڭ نەۋرىسى ياللۇغ ئاپپاق (يېلۇ ئاباۋجى) ھەربى باشلىق بولغاندىن كېيىن، 902 - يىلدىن باشلاپ خېبېي ۋە سەنشى ئۆلكىلىرىگە ھەربى يۈرۈش قىلىپ دەسلەپكى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەن ۋە 907 - يىلى كىدانلارنىڭ سەردارلىقىغا سايلانغان. شۇندىن كېيىن ياللۇغ ئاپپاق ئالدى بىلەن 8 قەبىلىنى ۋە ئەتراپىدىكى خوشنا قەبىلىلەرنى بىرلەشتۈرۈپ ھەمدە زېمىننى ئۈزلۈكسىز كېڭەي-تىپ، 916 - يىلىغا كەلگەندە فېئوداللىق دۆلەت ـــ كىدان خانلىقى (كېيىنچە لياۋخانلىقى دەپ ئاتالغان) نى قۇرغان. بۇ خانلىق مىلادى 916 - يىلدىن مىلادى 1125 - يىلىغىچە داۋاملاشقان①.

(3)

كىدان خانلىقى تيەنزۇ (مىلادى 1101 - يىلدىن 1125 - يىلىغىچە تەختتە ئولتۇر-غان) دەۋرىدە چۈشكۈنلىشىشكە يۈزلەنگەن بولۇپ، كىدان خانلىقىغا قارام خەلقلەر-نىڭ قوزغىلاڭلىرى ۋە ھۆكۈمرانلار تەبىقىسى ئىچىدىكى ھوقۇق تالىشىش كۈرەشلىرى كۈچەيگەن، بۇ چاغدا، جۇرجىتلار (مانجۇلارنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى، خەنزۇچە نۈجېنلار دەپ ئاتىلىدۇ) تەدرىجى قۇدرەت تېپىپ، كىدان خانلىقىغا تەھدىت سېلىشقا باشلىغان ئىدى. ئۇلار شىمالىي سۇڭ خانلىقى بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، كىدان خانلى-قىغا ھۇجۇم قىلىپ، 1125 - يىلى كۈزدە كىدانلارنىڭ خانى تيەنزۇنى ئەسىرگە ئالغان، شۇنىڭ بىلەن 200 نەچچە يىل ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزگەن كىدان خانلىقى مۇنقەرىز بولغان②. نەتىجىدە كىدانلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمى جۇرجىت، موڭغۇل، خەنزۇ ۋە باشقا خەلقلەرگە قوشۇلۇپ كەتكەن. كىدانلارنىڭ بىر قىسمى كىدان خانلىقىنىڭ

خان جەمەتىدىن ياللۈغ تاشىن (يېلۈ داشى) نىڭ باشچىلىقىدا غەرپكە كۆچۈپ، نۇرغۇن جاپا - مۇشەققەتلەرنى يېڭىپ، خانلىق سەلتەنىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن. بۈگۈنكى شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىنىڭ خېلى كۆپ قىسمى، يەنى شەرقتە ئېۋىرغول ئوبلاستى (ھازىرقى قۇمۇل رايونى) دىن غەرپتە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئامۇ دەرياسى ۋە كاسپىي دېڭىزغىچە بولغان جايلارنى ئىشغال قىلىپ، غەربىي كىدان خانلىقى (بەزى تارىخىي ماتېرىياللاردا غەربىي لياۋ ياكى غەربىي كىدان ئىمپېرىيە سى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) نى قۇرغان. شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، كىدانلارنىڭ غەرپكە كۆچۈشىدە ياللۈغ تاشىن ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان. «ئاتلىق ئوقيا ئېتىشقا ماھىر» ياللۈغ تاشىننىڭ ئاتاقلىق ھەربىي ئالىم ۋە چىۋەر قوماندان ئىكەنلىكى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. بەزى تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ئۇ ئېلىمىزنىڭ مەشھۇر ھەربىي مۇتەخەسسىسلىرى سۇنزى، ۋۇزى ۋە لى گۇاڭلارنىڭ ھەربىي ئىشلارغا دائىر دەستۇرلىرىنى ئوقۇغان بولۇشى مۇمكىن[7]. ياللۈغ تاشىن غەرپكە كۆچۈش يولىنى تاللاشتا، جۇرجىتلار قۇرغان جىن خانلىقى ۋە جەنۇبىي سۇڭ خانلىقىنىڭ غەرپتىكى تەسىر كۈچىنىڭ ئاجىز ئىكەنلىكىنى، غەرپتىكى تاڭغۇت ۋە باشقا بەزى ئەللەر بىلەن مۇناسىۋىتىنىڭ خېلى ياخشى ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا كىدان خانلىقىنىڭ ئۆز ۋاقتىدا غەرپنى مۇھاپىزەت قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرغان خېلى كۆپ ساندىكى قوشۇنى ۋە ئۇلارنىڭ يىلقىسى كوتان قەلئەسى ئەتراپىدا بارلىقىنى نەزەرگە ئالغان[8] ھەمدە ئۇلارنىڭ ئادەم ۋە ماددىي كۈچىدىن پايدىلىنىپ، ئالدى بىلەن غەربىي قىسمىدا كۈچ توپلاپ، شارائىت پىشىپ يېتىلگەندە يەنە شەرققە يۈرۈش قىلىپ، قولىدىن كەتكەن زېمىنلىرىنى قايتۇرۇۋېلىپ، كىدان خانلىقىنىڭ شان - شەۋكىتىنى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرمەكچى بولغان.

«لياۋ سۇلالىسى تارىخى» 30 - جىلدقا ئاساسلانغاندا، ياللۈغ تاشىن غەرپكە كۆچۈشتىن ئاۋۋال تەڭرى ۋە ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ روھىغا ئاتاپ، قارا كالا، ئاق ئات ئۆلتۈرۈپ نەزىر قىلغان. ياللۈغ تاشىن ئۆز قەۋمىنى باشلاپ ئالدى بىلەن ئورخۇن دەرياسى بويىدىكى قاتۇن شەھرىگە، ئاندىن غەربىي شىمالغا يۆتكىلىپ يېنسەي دەرياسى ۋادىسىدىكى قىرغىز رايونىغا بارغان، قىرغىزلار تەرىپىدىن زەربىگە ئۇچرىغاندىن كېيىن غەربىي جەنۇپقا يۈرۈش قىلىپ، بەشبالىققا يېتىپ كەلگەن. ئۇ بۇ يەردە كىدان خانلىقىنىڭ بۇرۇنقى 18 قەبىلىسىنىڭ ئاقساقاللىرىنى يىغىپ قۇرۇلتاي ئېچىپ، بۇنىدىن كېيىنكى ھەرىكەت پىلانىنى مۇزاكىرە قىلغان ۋە ھەر قايسى قەبىلىلەرنىڭ ئەسكىرىي كۈچىنى بىرلەشتۈرۈش توغرىسىدا كېلىشىم ھاسىل قىلغان. كېلىشىمگە بىنائەن، ھەر قايسى قەبىلىلەر 10 مىڭ كىشىلىكتىن ئارتۇقراق خىل ئەسكەر چىقىرىپ

بەرگەن. ياللۇغ تاشىن ئەسكەرلەرنى تەرتىپكە سېلىپ ھەربى باشلىقلارنى تەيىنلىگەن ھەمدە ساۋۇتلۇق ھەربى قىسىملارنى قۇرغان، ئۇلارغا قورال - ياراق تەييارلىغان. ئۇ بەشبالىق رايونىدا بىر قانچە يىل تۇرغان. ئۇنىڭ پائالىيەت دائىرىسى ھازىرقى ئىمىل دەرياسى بويلىرىغىچە يېتىپ بارغان ھەمدە شۇ يەرگە يېقىن بىر جايغا شەھەر سالدۇرغان . تارىخچى جۇۋەينى 13 - ئەسىردە بۇ شەھەرنىڭ خارابىسىنىڭ ساقلانغانلىقى ھەققىدە مەلۇمات قالدۇرغان. كۆپلىگەن تارىخچىلار بۇ شەھەرنى ھازىرقى دۆربىلجىن تەۋەسىدە دەپ قارايدۇ. ياللۇغ تاشىن مىلادى 1132 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا ھەربى ۋە دىپلوماتىيە ئۇسۇلى ئارقىلىق، شەرقتە توغلا دەرياسىدىن غەربتە ئىمىل دەرياسىغىچە بولغان جايلارنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا كىرگۈزۈپ، غەربىي كىدان دۆلىتىنىڭ ئاساسىنى قۇرغان. ياللۇغ تاشىن مىلادى 1132 - يىل 2 - ئاينىڭ 5 - كۈنى يېڭىدىن بىنا قىلىنغان شەھەر — ئىمىلدا خانلىق تەختكە رەسمى ئولتۇرغان. يەرلىك خەلقلەر ئۇنى «گورخان» («بۈيۈك خان»، «خانلارنىڭ خانى» دېگەن مەنىدە) دەپ ئاتىغان. ياللۇغ تاشىن خانلىق تەختىگە چىقىپلا، شۇ يىلى جەنۇپقا كېڭەيمىچىلىك قىلىشقا كىرىشكەن ، ئۇ ئالدى بىلەن قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنى ئۇرۇشمايلا ئۆزىگە بەيئەت قىلدۇرغان، ئاندىن تىيانشان ( تەڭرى تېغى ) دىن ئۆتۈپ، تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىنى بويلاپ قاراخانىلار زېمىنىغا يۈرۈش قىلغان. شەرقىي قىسىم قاراخانىلارنىڭ ئارسلانخانى مەھمۇد ئىبنى ھەسەن باشچىلىغىدىكى قوشۇن قەشقەر ئەتراپىدا ئۇلارغا ئالدىنى توسۇپ زەربە بەرگەن. 1132 - يىلى ئېلىپ بېرىلغان بۇ ئۇرۇشتا[10] ، غەربىي كىدان قوشۇنى قاقشاتقۇچ زەربىگە ئۇچراپ چېكىنىشكە مەجبۇر بولغان. ياللۇغ تاشىن بۇ قېتىمقى ئوڭۇشسىزلىقتىن كېيىن، ھۇجۇم نىشانىنى يەتتىسۇ رايونى[11] غا قاراتقان. تارىخچى ئىبنى ئاشىرنىڭ مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، ياللۇغ تاشىن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا يۈرۈش قىلىش ۋاقتىدا، ئىلگىرى كىدان خانلىقى زېمىنىدىن كۆچۈپ كېلىپ قاراخانىلارنىڭ چېگرا رايونىدا ئولتۇراقلاشقان بىر تۈمەن ئالتە مىڭ تۈتۈن تۈرك - كىدان ئاھالىسى ئۇنىڭ قوشۇنىغا بەس - بەس بىلەن قوشۇلۇپ، قوشۇن سانىنى بىر ھەسسە كۆپەيتكەن. غەربىي كىدان قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلغان شەرقىي قىسىم قاراخانىلارنىڭ ئارسلانخانى مەھمۇد ئىبنى ھەسەن ئۆلگەندىن كېيىن، ئوغلى ئىبراھىم ئىبنى ئەخمەت تەخت ۋارىسى بولغان. تارىخچى جۇۋەينىنىڭ مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، ئۇ ئىقتىدارسىز خاقان ئىكەن. ئۇنىڭ دەۋرىدە قارلۇقلار ۋە قاڭلىلار ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلمايدىغان ھەتتا ئۇنىڭ مال - مۈلۈك، چارۋىلىرىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىدىغان ئەھۋال يۈز بېرىپ تۇرغان. ئىبراھىم

ئۇلارنىڭ دەككىسىنى بېرىشكە قۇربىتى يەتمەي، چېگرىغا يېقىن جايدا تۇرىۋاتقان ياللۇغ تاشىندىن ياردەم سورايدۇ. مۇشۇنداق پۇرسەتنى كۈتۈپ تۇرغان ياللۇغ تاشىن «توپىلاڭدىن توغاچ ئوغرىلاپ»، 1134 - يىلنىڭ بېشىدا شەرقىي قىسىم قاراخانىلارنىڭ پايتەختى — بالاساغۇننى بېسىۋالغان. شۇنىڭ بىلەن بالاساغۇن غەربىي كىدان خانلىقىنىڭ پايتەختى بولۇپ قالغان. ياللۇغ تاشىن بالاساغۇننى قۇز ئوردۇ دەپ ئاتىغان. گورخان (ياللۇغ تاشىن) ئىبراھىم ئىبنى ئەخمەتنىڭ چوڭ خاقانلىق ئۇنۋانىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇنىڭغا «ئىلىك ئى تۈركمېن» (تۈركمەنلەرنىڭ خانى) دېگەن بۇرۇنقىدىن كىچىك ئۇنۋاننى بەرگەن؛ ھەمدە ئۇنىڭغا قەشقەر - خوتەن رايونلىرىنى ئىدارە قىلىش ھوقۇقىنى بېرىپ، شەرقىي قىسىم قاراخانىلارنى قارام دۆلەتكە ئايلاندۇرۇۋالغان. غەربىي كىدان قوشۇنى ئۇ جايلارنى چارلاپ تەكشۈرۈپ تۇرغان.

ياللۇغ تاشىن 1134 - يىلى 3 - ئايدا قوشۇن باشلاپ شەرققە يۈرۈش قىلىپ، كونا رەقىبى جۇرجىتلار قۇرغان جىن سۇلالىسىنى يوقىتىپ، لياۋسۇلالىسىنىڭ سەلتەنىتىنى تىكلىمەكچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ قوشۇن ئوتتۇرا يولغا كەلگەندە «ئات - كالىلىرىنىڭ تولىسى قىرىلىپ كېتىپ»، قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان. ياللۇغ تاشىن 1135 - يىلى جىن سۇلالىسىغا يەنە بىر قېتىم تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغان، جىن سۇلالىسىنىڭ شىزۇڭ خانى غەربىي كىدانلارغا جازا يۈرۈشى قىلىش يارلىقى چۈشۈرگەن. جىن سۇلالىسىنىڭ قوشۇنى قۇملۇقتىن ئۆتۈۋاتقاندا، ياللۇغ تاشىنىنىڭ مۆكۈنۈپ تۇرغان قوشۇنىنىڭ ئىسكەنجىسىگە چۈشۈپ زەربە يېگەن. ئىككى تەرەپ ئۈچ كېچە - كۈندۈز قاتتىق جەڭ قىلغان بولسىمۇ، ھېچقايسىسى ھەل قىلغۇچ غەلىبىگە ئېرىشەلمىگەن، لېكىن جىن سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ ئاشلىق ۋە يەم - خەشىگى تۈگەپ كەتكەچكە، نۇرغۇن ئادىمى، ئات - ئۇلاقلىرى ئاچلىقتىن، سوغاقتىن ئۆلۈپ كەتكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، جىن سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ مۇئاۋىن سەنگۇنى (سانغۇنى) كىدانلاردىن ئىدى، ئۇ ئاغا - ئىنىسى ۋە خوتۇنىنىڭ غەربىي كىدانلار تەرەپتە ئىكەنلىكىدىن ۋاقىپلىنىپ، قول ئاستىدىكى نەچچە مىڭ ئاتلىق ئەسكەر بىلەن قارشى تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەن. يۇقۇرقى سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن جىن قوشۇنى قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، چېكىنىشكە مەجبۇر بولغان.

1137 - يىلى ياللۇغ تاشىن پەرغانە ئويمانلىقىغا يۈرۈش قىلىپ، ھېچقانچە توسقۇنلۇققا ئۇچرىمايلا ئۇنى ئىشغال قىلغان ۋە داۋاملىق غەرپكە قاراپ ئىلگىرىلەپ، خوجەندكىچە يېتىپ بارغان. ئۇ بۇ جايدا غەربىي قىسىم قاراخانىلارنىڭ چوڭ خانى

مەخمۇت ئىبنى مۇھەممەتنىڭ قارشىلىغىغا ئۇچرىغان. ئىبنى ئاشىرنىڭ خاتىرىلىشىچە، ھىجرىيە 531 - يىلى ( مىلادى 1137 - يىل 5 - 6 - ئايلار ) ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا جەڭ بولغان، بۇ قېتىمقى جەڭدە قاراخانىلار قوشۇنى مەغلۇپ بولۇپ، مەخمۇتخان سەمەرقەندكە قېچىپ كەتكەن. غەربىي قىسىم قاراخانىلار مىلادى 1089 - يىلدىن باشلاپ سالجۇق خانلىغىغا بېقىندى بولۇپ قالغان ئىدى . مەخمۇتخان سەمەرقەندكە بارغاندىن كېيىن، شۇ چاغدىكى سالجۇق دۆلىتىنىڭ سۇلتانى سانجار ( سىنجار ) دىن ياردەم سورايدۇ. سۇلتان سانجار خۇراسان، سىجىستان، غەزنە، مازانداران قاتارلىق رايونلاردىن ئۇن تۈمەندىن ئارتۇق ئاتلىق ئەسكەر توپلاپ، كىدانلارغا قارشى يۈرۈش قىلىدۇ. مىلادى 1141 - يىلى 7 - ئايدا، زور قوشۇنغا باشچىلىق قىلىپ، ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ، يەتتىسۇ رايونىغا قاراپ ئىلگىرىلەيدۇ. ياللۇغ تاشىنمۇ جەڭ تەييارلىقىنى پۇختا قىلىپ، ئۇرۇش قىلىشقا ئەپلىك جايغا ئەسكەرلىرىنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ. ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى ھەل قىلغۇچ ئۇرۇش ھىجرىيە 536 - يىلى سەپەر ئېيىنىڭ 5 - كۈنى ( مىلادى 1141 - يىل 9 - ئاينىڭ 9 - كۈنى) كاتۋان يايلىقى ( سەمەرقەندنىڭ شىمال تەرىپىدە، تاش كۆۋرۈك بىلەن يېڭى قورغان ئارلىقىدا) بولغان . بۇ قېتىمقى جەڭدە سانجار ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى غەربىي قىسىم قاراخانىلارنىڭ بىرلەشمە قوشۇنى پاجىئەلىك مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان. ئۇلاردىن ئۈچ تۈمەن كىشى ھالاك بولغان. سانجار ۋە مەخمۇت ئالا قىزادىلىك بىلەن كېرمىزغا، ئاندىن خۇراسانغا قاچقان. ياللۇغ تاشىن سەمەرقەندنى ئىشغال قىلغان بولسىمۇ، لېكىن غەربىي قىسىم قاراخانىلار ھاكىمىيىتىنى بەيئەت قىلىش شەرتى بىلەن ساقلاپ قالغان ھەمدە مەخمۇتخاننىڭ ئىنىسى ئىبراھىم ئىبنى مۇھەممەتكە تابغاچخان دىگەن ئۇنۋانىنى بەرگەن ۋە ئۇنىڭ ھاكىمىيەت باشقۇرۇشىنى نازارەت قىلىپ تۇرۇشقا نازارەتچى قويغان. ياللۇغ تاشىن يەنە ئۆزىنىڭ بىر سەركەردىسىنى خۇارىزمغا يۈرۈش قىلىشقا ئەۋەتكەن. خۇارىزم شاھى غەربىي كىدانلارنىڭ شەرتىگە، يەنى گورخانغا سادىق بولۇش، ھەر يىلى ئۈچ تۈمەن دىنار تۆلەش ۋە باشقا سوغا - سالام يوللاش ھەققىدىكى شەرتكە قوشۇلۇشقا مەجبۇر بولغان. ياللۇغ تاشىن سەمەر قەندتە 90 كۈن تۇرغان ۋە كېرمانەخقا بېرىپ ئۇ جاينى كۆزدىن كەچۈرۈپ كېلىپ ئاندىن بالا ساغۇنغا قايتىپ كەلگەن.

ياللۇغ تاشىن مىلادى 1143 - يىلى ئۆلگەن. ئۇنىڭ ئوغلى ئىلە كىچىك بولغاچقا، ئورنىغا خوتۇنى تابويەن ۋاقىتلىق خان بولۇپ، تەگرى يارلىق قىلغان خاتۇن دەپ ئاتالغان. ئىلەنىڭ سىڭلىسى پۇسۇۋەن خان بولۇپ تۇرغان چاغدا ( 4 116 -- 1177 - يىللىرى ) ئوردىدا توپىلاڭ يۈز بېرىپ، پۇسۇۋەن ئۆلتۈرۈلگەن. ئۇنىڭ ئورنىغا ئىلەنىڭ

ئوغلى چۇرۇق خان بولۇپ 34 يىل ھۆكۈم سۈرگەن.

چۇرۇق دەۋرىدە، غەربىي كىدان ھاكىمىيىتى زەئىپلىشىشكە باشلىدى. ھۆكۈمرانلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ھوقۇق تالىشىش كۈرىشى ئېخىمۇ كەسكىنلەشتى. مەسىلەن، پۇسۇۋەن ئۆزىنىڭ ۋەزىرى يەنى قېيناتىسى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. ۋەزىرلەر، ھەربىي ئەمەلدارلار گورخانغا بويسۇنمايدىغان، ئۆز بېشىمچىلىق قىلىدىغان بولۇۋالدى. ھۆكۈمرانلار ئەيشى - ئىشرەتكە بېرىلىپ، زۇلۇمنى ئېخىمۇ كۈچەيتكەنلىكى ئۈچۈن، غەربىي كىدان خانلىقىغا قارام رايونلار، مىللەتلەر ۋە قەبىلىلەردە نارازىلىق كۈندىن - كۈنگە كۈچەيدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە دىنىي ئېتىقات جەھەتتىكى پەرقمۇ ھۆكۈمرانلار تەبىقىسى (ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلمىغان) بىلەن مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى بارغانسېرى چوڭقۇرلاشتۇرۇۋەتتى. مۇشۇنداق ۋەزىيەت ئاستىدا، غەربىي لياۋ خانلىقىغا قارشى قوزغىلاڭ ئالدى بىلەن خوتەندە قوزغالغان. خۇارىزىم، غەربىي قىسىم قاراخانىلارمۇ ئارقا - ئارقىدىن غەربىي كىدان خانلىقىدىن بۆلۈنۈپ كەتكەن. غەربىي كىدانلارنىڭ كۈچى غەربىي قىسمىدا ئاجىزلىشىۋاتقان، موڭغۇللار شەرقتە باش كۆتىرىپ چىققان ئەھۋالدا، قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىدىقۇتى غەربىي كىدان خانلىقى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئەلچىنى بىر ئۆيگە سولاپ قويۇش ۋە ئۆيىنى ئۆرۈۋېتىش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈرگەن. ئارقىدىن غەربىي كىدان خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئېتىراپ قىلمايدىغانلىقى، چىڭگىزخانغا بەيئەت قىلىدىغانلىقىنى جاكالىغان. شۇنىڭ بىلەن غەربىي كىدان خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىق دائىرىسى ئىلگىرىكى شەرقىي قىسىم قاراخانىلارنىڭ زېمىن دائىرىسى — قەشقەر - خوتەن رايونى بىلەنلا چەكلىنىدىغان بولۇپ قالغان. غەربىي كىدان خانى قارلۇقلارنىڭ باشلىقى ئارقىلىق خوتەندىكى قوزغىلاڭنى باستۇرغان بولسىمۇ، لېكىن قوزغىلاڭ ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىپ تۇرغان.

13 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا شەرقتە موڭغۇللار باش كۆتۈرۈپ چىققاندىن كېيىن، چىڭگىزخان ئالتاي تاغلىرى ئەتراپىدا ياشايدىغان نايمانلارنى مەغلۇپ قىلغان. نايمان خانىنىڭ ئوغلى كۈچلۈك ئۆز قەۋمى بىلەن غەربىي كىدان خانلىقىغا پاناقاپ كەلگەن. ئۇ بىر مەزگىلدىن كېيىن گورخان چۇرۇقنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىۋېلىپ، خاقان دېگەن ئۇنۋانغا ئىگە بولىۋالغان. كۈچلۈك غەربىي كىدان خانلىقىدىكى قوزغىلاڭلاردىن، بولۇپمۇ گورخان بىلەن ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى ئوتتۇرىسىدا غەزىنىنىڭ پۇللىرىنى قايتۇرۇپ بېرىش مەسىلىسى ئۈستىدە يۈز بەرگەن زىددىيەتتىن پايدىلىنىپ، چۇرۇقتىن تەختنى تارتىۋالغان. بارتولد بۇ ۋەقەنى 1212-يىلى يۈز بەرگەن بولۇشى مۇمكىن دەپ تەخمىن

قىلغان⑭. كۈچلۈك ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىشتىن ئىلگىرىرەك، يەنى مىلادى 1211 - يىلى يەتتىسۇنىڭ شىمالىي تەرىپىگە چىڭگىزخاننىڭ سەردارلىرىدىن قۇبلەي نويىنىنىڭ قوشۇنى يېتىپ كەلگەن. بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قارلۇقلارنىڭ باشلىقى ئارسلانخان ( يۇقۇرىدا ئېيتىلغان ئارسلانخاننىڭ ئوغلى بولۇشى كېرەك ) غەربىي كىدانلارنىڭ قايالىق شەھىرىدىكى نائىبىنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئۆزىنىڭ چىڭگىزخانغا بەيئەت قىلىدىغانلىقىنى جاكالىغان. بوزار ئىسىملىك بىر مۇسۇلمان تەدرىجى كۈچىيىپ، ئالمىلىق شەھىرىنى ئىشغال قىلىپ، ئۆزىنى توغرۇل خان دەپ ئېلان قىلغان ھەمدە چىڭگىزخانغا بەيئەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. كۈچلۈك موڭغۇللارنىڭ جۇڭگونىڭ ئىچكى رايونلىرىنى بويسۇندۇرۇش يولىدا يۈرۈش قىلىپ، غەرپنى ئىستىلا قىلىشقا چولىسى تەگمەيۋاتقانلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى چىڭىتىۋالغان. خۇارىزم شاھىنى غەربىي كىدان خانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمىدىن، ھەتتا ئۆز زىمىنى سىر دەرياسىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى جايلاردىن چېكىنىپ چىقىشقا مەجبۇر قىلغان. كۈچلۈك يەنە ئۆز دائىرىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدا ئۇۋۇچىلىق قىلىپ يۈرگەن بوزارنى ئەسىرگە ئېلىپ ئۆلتۈرگەن ۋە ئالمىلىق شەھىرىنى قورشىۋالغان. لېكىن 1217 - يىلى شەرققە يۈرۈش قىلغان موڭغۇل قوشۇنى يېقىنلىشىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار چېكىنىشكە مەجبۇر بولغان. كۈچلۈك يەتتىسۇدىكى تاغلىق رايوندا موڭغۇللارنىڭ ھۇجۇمىنى چېكىندۈرۈشكە ئۇرۇنۇپ كۆرگەن بولسىمۇ، پىلانى ئەمەلگە ئاشماي، قەشقەرگە قېچىپ بارغان. كۈچلۈك قەشقەردىن پامىر ئارقىلىق بەدەخشانغا قاچقاندا، موڭغۇل قوشۇنلىرى ئارقىسىدىن قوغلاپ تۇتۇۋېلىپ، پامىردىكى سارقۇم دېگەن جايدا ئۇنىڭ كاللىسىنى ئالغان⑮، شۇنىڭ بىلەن غەربىي كىدان خانلىقى ئاخىرقى ھېساپتا موڭغۇللار تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىنغان. ھازىرغىچە شىنجاڭ رايونىدىن غەربىي كىدانلارغا مەنسۇپ ئېنىق يادىكارلىق تېپىلمىدى. لېكىن بەزىلەر ئۇرۇمچى ئەتراپىدىكى ئولانباي قەدىمقى شەھىرىنى غەربىي كىدانلارغا ئائىت خارابە ئىزى، ئۇنىڭدىن تېپىلغان بىر قىسىم ئېگىز ساپال ئىدىشلارنىمۇ شۇلارنىڭ مەدىنىي يادىكارلىقى بولۇشى مۇمكىن دەپ قاراۋاتىدۇ ھەمدە شىنجاڭدىن تېپىلغان بىردانە تاش نىقاپنىمۇ لياۋ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىگە مەنسۇپ قەدىمقى قەۋرىدىن قېزىۋېلىنغان مىس نىقاپقا ئوخشايدىغان جايلىرى بار دەپ ھېساپلاۋاتىدۇ⑯. ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ۋە بۇ جەھەتتىكى تەتقىقات خىزمىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، يۇقۇرقى مەسىلەر ئۈستىدە توغرا ئىلمىي يەكۈن چىقىرىلىدىغانلىقى شۈبھىسىز.

## (4)

دوسان «موڭغۇل تارىخى» دىگەن كىتاپتا، غەرپتە ئىككى كىدان خانلىغى قۇرۇلغانلىغىنى، كېيىنكىسى ئالدىنقىسىدىن يۈز يىلدىن ئارتۇغراق ۋاقىت كېيىن قۇرۇلغانلىغىنى تىلغا ئالغان. تارىخچى جۇۋەينى يازغان «تارىخ جاھانكۇشاي» «(دۇنيانى بويسۇندۇرغۇچىنىڭ تارىخى») كىتاپقا ئاساسلانغاندا، كېرمانېختا قۇرۇلغان كېيىنكى كىدان خانلىغىنى باراخ قۇرغان. باراخ ۋە ئۇنىڭ ئىنىسى ھەمىد بۇر كىدانلاردىن بولۇپ، غەربىي كىدان ھاكىمىيىتىدە ئەمەلدار بولغان. 1210 - يىلى تالاس دەرياسى بويىدىكى جەڭدە كىدان قوشۇنى خۇارىزىم شاھى تەرىپىدىن مەغلۇپ بولۇپ، باراخ ئاغا - ئىنى ۋە غەربىي كىدانلارنىڭ سەركەردىسى تايانگۇلار ئەسىرگە چۈشۈپ قالدۇ. تايانگۇ ئۆلتۈرۈلدۇ. باراخ بىلەن ھەمىد بۇر خۇارىزىمشاھنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىپ، كېيىنچە باراخ ھاجىپ، ھەمىدبۇر ئەمىر بولدۇ. گاتۇدىن ئىراقتا ھۆكۈمرانلىق قىلغاندا، باراخ ئۇنىڭ ئاساسلىق سەركەردىسى ۋە ئىسپاندىكى ئەسكەرلەرنىڭ باش قوماندانى بولغان. ئۇ كېيىنچە ئىراندىكى كېرمانېختا كېيىنكى كىدان خانلىغى (1224 — 1303) نى قۇردۇ، باراخ كېرمانېختا ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملىۋالغاندىن كېيىن، موڭغۇللارنىڭ ھۇجۇمىدىن پاناقاپ كەلگەن گاتۇدىنى ئۆلتۈردۇ ھەمدە خەلىپە يېنىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۆزىنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلىدىغانلىغىنى بىلدۈرۈپ، سۇلتان ئۇنۋانى بېرىشنى تەلەپ قىلدۇ. خەلىپە ئۇنىڭغا «قۇتلۇغ سۇلتان» دىگەن ئۇنۋاننى بېرىدۇ. باراخ 1235 - يىل 7 - 8 - ئايلاردا ئۆلدۇ. ئوغلى رۇقنادىن تەخت ۋارىسى بولدۇ. كېيىن رۇقنادىن موڭغۇللار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدۇ. خانلىق تەختى قۇتبىدىنىنىڭ قولىغا ئۆتتۇ. 1258 - يىلى قۇتبىدىن ئۆلدۇ. ئۇنىڭ ئوغلى قاغاچ كىچىك بولغاچقا، ئۆگەي ئانىسى قۇتلۇغ تۇرخان ھاكىمىيەت باشقۇردۇ. قاغاچ قۇرامىغا يەتكەندىن كېيىن، ئۆگەي ئانىسى بىلەن چىقىشالماي ھىندىستانغا قېچىپ كېتىدۇ. تۇرخان ئۆلگەندىن كېيىن، ئوغلى سۇلتان جالالىدىن سۇرخاتمىش تەخت ۋارىسى بولۇپ 9 يىل ھاكىمىيەت يۈرگۈزىدۇ. كېيىن ئاچىسى پادىشا خاتۇن ئىنىسىنى ئۆلتۈرۈپ ھاكىمىيەتنى تارتىۋالدۇ. 1294 - يىلى پادىشا خاتۇنمۇ ئۆلتۈرۈلدۇ. پېرسىيىدىكى خازانخان تەيىنلىگەن يېڭى ھۆكۈمران كېرمانېختا 8 يىل ھوقۇق تۇتىدۇ[17]. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ھۆكۈمران ئارانلا 2 يىل ھاكىمىيەت باشقۇردۇ. شۇنىڭ بىلەن كېرمانېختا قۇرۇلغان كېيىنكى كىدان خانلىغىنىڭ ھۆكۈمرانلىغى ئاخىرقى ھىساپتا ئاياقلىشىدۇ. غەرپكە كۆچكەن كىدانلارغا

كەلسەك، تارىخ تەرەققىياتى جەريانىدا، ھازىرقى شىنجاڭ، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەربىي ئاسىيادىكى يەرلىك خەلقلەرگە ئاسسىمىلاتسىيە بولۇپ، ھازىر شۇ جايلاردا ياشاۋاتقان مىللەتلەرنىڭ ئېتنىك تەركىۋى قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەن. لېكىن كىدانىلار قۇرغان ئىككى خانلىق، بولۇپمۇ ياللۇغ تاشىن قۇرغان غەربىي كىدان خانلىقى ،مەيلى جۇڭگو تارىخى، جۈملىدىن شىنجاڭ تارىخى ۋە ياكى ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا تارىخىدا بولسۇن، ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. شۇڭا بۇ خانلىقلارنىڭ پۈتكۈل تارىخى ۋە بۇ خانلىقلارنى قۇرۇشتا ئاساسلىق رول ئوينىغان تارىخىي شەخسلەر ئۈستىدە يەنىمۇ چوڭقۇر ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ، ئەلۋەتتە.

ئىزاھاتلار:

① جىڭئەي: «كىدانلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ۋە قايسى قەۋمگە تەۋەلىكى مەسىلىسى»، «تارىخىي ماقالىلار ژورنىلى» (خەنزۇچە)، 1984-يىل 2-سان، 31-بەت.

② شۆزۈگجېڭ: «تۈركلەرنىڭ دەسلەپكى دەۋرلەردىكى تارىخى توغرىسىدا ئىزدىنىش» (1-قىسىم)، «شىنجاڭ ئىجتىمائى پەنلەر تەتقىقاتى» 1983-يىل 2-سان، ئۇيغۇرچە، 192-بەت.

③ بارتولد: «يەتتىسۇ تارىخىنىڭ ئوچېركى»، ئۇيغۇر سايرانى تەرجىمىسى، «شىنجاڭ ئىجتىمائى پەنلەر تەتقىقاتى» (ئۇيغۇرچە ئايلىق ئىچكى ژورنال)، 1984-يىل 7-8-سان، 30-بەت.

④ «ئوكيانوس» (كىچىكلىتىلگەن نۇسخا)، خەنزۇچە، 646-بەتتىكى كىدانلار ھەققىدىكى ئىزاھاتقا قاراڭ.

⑤ «ئوتتۇرا مەكتەپ تارىخ دەرسلىكىدىن كونسۇلتاتسىيە» خەنزۇچە، 67-بەت.

⑥ يۇقۇرقى ئىزاھات بىلەن ئوخشاش.

⑦ فكوف: «قاراكىدان دۆلىتىنىڭ ھەربى تەشكىلى»، «غەربىي شىمال تارىخ-جۇغراپىيىسى»، 1984-يىل 1-سان، گېڭ شىمىن، لۇڭ تىزۇڭ تەرجىمىسى، 122-بەت.

⑧ جى زۇڭئەن: «ياللۇغ تاشىنىڭ غەرپكە كۆچۈشىدىكى سەۋەپلەر»، «غەربىي شىمال تارىخ جۇغراپىيىسى» 1984-يىل 4-سان، 41-بەت.

⑥ «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» 1-قىسىم، ئۇيغۇرچە، 261-بەت.

⑩ ۋېي لياڭتاۋ: «قاراخانىلارنىڭ سىياسى تارىخىدىن تېزىس»، «شىنجاڭ داشۆ

ئىلمىي ژورنىلى» (خەنزۇچە)، 1983 - يىل 4- سان 35 - بەت.

⑪ يەتتىسۇ رايونىنىڭ كونكرېت جۇغراپىيىلىك ئورنى توغرىسىدا ئىككى خىل كۆز قاراش بار. بەزىلەر ئالا تاغدىن غەربكە ئېقىپ بالقاش كۆلىگە قۇيۇلىدىغان ئىلى دەرياسى، كۆكسۇ، قاراتال، ئاقسۇ، باشقان، سارقان، لەپشى (لىپسى) قاتارلىق يەتتىسۇ رايونىنى كۆرسىتىدۇ دەپ قارىسا، يەنە بەزىلەر چىنجىلى، تىمنتاڭ، چىمانتو، سىنكوتو، ئەرغەيتو قاتارلىق ئالا تاغنىڭ شىمالىدىن ئېقىپ چىقىپ ئالا كۆلگە قۇيۇلىدىغان ئېقىنلارنى كۆرسىتىدۇ دەپ ئىزاھلايدۇ (شىنجاڭ داشۆ تارىخ فاكۇلتېتىنىڭ لېكتورى داۋۇت سايىم تۈزگەن «غەربىي رايون مىللەتلەر تارىخىدىن ئىزاھلىق لۇغەت» نىڭ 447 - بېتىگە قاراڭ).

⑫ گېڭ شىمىن: «قاراخانىلار تارىخى توغرىسىدا قىسقىچە بايان»، «شىنجاڭ ئىجتىمائى پەنلەر تەتقىقاتى» (ئۇيغۇرچە)، 1982 - يىل 1 - سان، 78 - بەت.

⑬ 9 - ئىزاھات بىلەن ئوخشاش، 264 - بەتكە قاراڭ.

⑭ بارتولد: «يەتتىسۇ تارىخىنىڭ ئوچېرىكى»، ئۇيغۇر سايرانى تەرجىمىسى، «شىنجاڭ ئىجتىمائى پەنلەر تەتقىقاتى» ئۇيغۇرچە ئايلىق ئىچكى ژورنال، 1984 - يىل 7 - 8 - سان، 38 - بەت.

⑮ خۇاڭ شېڭجاڭ: «مەملىكىتىمىز تارىخىدىكى پامىر»، «شىنجاڭ ئىجتىمائى پەنلەر تەتقىقاتى» (ئۇيغۇرچە)، 1982 - يىل 2 - سان، 131 - بەت.

⑯ مۇشۇنىيڭ، ۋاڭ مىڭجې: «شىنجاڭنىڭ قەدىمقى زامان مىللەتلىرىنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك مەدىنىيىتى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائى پەنلەر تەتقىقاتى» (ئۇيغۇرچە ئايلىق ئىچكى ژورنال)، 1985 - يىل 7 - 8 - سان، 65 - بەت.

⑰ ۋاڭ جىژلەي: «كېيىنكى لياۋ خانلىقى توغرىسىدا»، ش ئۇ ئار ئىجتىمائى پەنلەر ئاكادېمىيىسى تۇنجى قېتىملىق ئىلمىي دوكلات يىغىنىنىڭ ئىلمىي ماقالىلار توپلىمى (ئۇيغۇرچە، 1 - قىسىم)، 212 - بەت.

# ئاپپاق خوجا مازىرى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى توغرىسىدا

مۇھەممەت سالىھ

قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدا شەھەردىن 4 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى جايدا ئاپپاق خوجا دەپ ئاتالغان ھىدايەتۇللا خوجىنىڭ يېشىل گۈمبەزلىك، سەلتەنەتلىك مازىرى قەد كۆتىرىپ تۇرىدۇ. بۇ مازار ئۇيغۇرچىدا ئاپپاق خوجا مازىرى، ھەزرىتى مازىرى دەپ ئاتالسا، خەنزۇچىدا شياڭفېي (ئىمپارخان) قەۋرىسى دېگەن نام بىلەن مەشھۇر.

بۇ مازار شىنجاڭ تارىخىدا نۇرغۇن سىياسى ۋەقەلەرنىڭ، دىنىي ھەركەتلەرنىڭ باش سەۋەپچىسى بولغان ۋە مەخدۇم ئەزەم (خوجا ئەھمەت كاسانى) ئەۋلادى دەپ ئاتالغان خوجىلارنىڭ قەۋرىگاھى بولۇش سۈپىتى بىلەن 300 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت مابەينىدە كىشىلەرنىڭ دىققەت-ئېتىۋارىنى جەلىپ قىلىپ كەلمەكتە. ئاپپاق خوجا مازىرى ئىلگىرىكى چاغلاردا يىلىغا يۈز مىڭلىغان يەرلىك مۇسۇلمانلارنىڭ تاۋاپ قىلىدىغان كاتتا زىيارەتگاھى بولۇپ كەلگەن بولسا، ئەمدى ئېلىمىزنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىن بولۇپ يىلىغا ئون مىڭلىغان ئادەم زىيارەت ۋە ئېكىسكۇرسىيە قىلىپ كېتىدىغان مۇھىم مەدەنى يادىكارلىق ۋە ئۇيغۇر بىناكارلىق، نەققاشلىق سەنئىتىنىڭ ئۈلگىسى سۈپىتىدە مۇھاپىزەت قىلىنماقتا. ئاپپاق خوجا مازىرى مەيلى ئۆزىنىڭ مازار پەرەستلىكتىكى دىنىي ئورنى جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى نەپىس سەنئەتلىك گۈزەل قۇرۇلۇشى جەھەتتىن بولسۇن، ئېلىمىز بويىچە ئەڭ ئاتاقلىق مازار بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچە ئەڭ داڭدار مازارلارنىڭ بىرى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. بۇ مازارنىڭ ئېلىمىزنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا مۇنداق چوڭ شۆھرەت قازىنىشى ۋە زور تەسىرگە ئىگە بولۇشى ئۇنىڭ ئاپپاق خوجىغا مەنسۇپ بولغانلىقى ۋە ئاپپاق خوجىنىڭ تارىختىكى ئىجتىمائى ئورنى ۋە دىنىي نوپۇزى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. ئاپپاق خوجىنىڭ تەسىرى ۋە نوپۇزىنىڭ مۇنداق يۇقۇرى بولۇشى ئۇنىڭ تارىختا ئوينىغان رولى ۋە مەشھۇر تارىخىي شەخس بولغانلىقىدىن تاشقىرى، ئەڭ مۇھىمى ئۇنىڭ ئەينى

زامانلاردا ئوتتۇرا ئاسىيا مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا ئەڭ بازار تاپقان خوجىلىق ۋە ئىشانلىقتىن ئىبارەت ئىككى ئەڭگۈشتەرگە ئىگە ئىكەنلىكىدىن ئىدى. بۇ مازار ئاپپاق خوجا نامى بىلەن شۆھرەت قازانغان بولسىمۇ، دەسلەپتە ئاپپاق خوجىنىڭ ئاتىسى مۇھەممەت يۈسۈپ خوجىدىن باشلىنىدۇ.

مۇھەممەت يۈسۈپ خوجا بولسا مەخدۇم ئەزەمنىڭ چوڭ ئوغلى (مۇھەممەت ئىمىن) ئىشان كالاننىڭ ئوغلى ئىدى. سەمەرقەنتنىڭ دەھبىد دىگەن يېرىدە مەخدۇم ئەزەم بىلەن ئىشانكالان ئۈچۈن مۇرىتلىرى تەرىپىدىن مازار تىكلەنگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ سوپى-مۇخلىسلىرى ئۈچۈن بۇ مازار مەنىۋى يۆلەنچۈك ۋە روھىي تىرەك بولغان ئىدى. مۇھەممەت يۈسۈپ خوجا ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ دەھبىددىكى مازىرىنىڭ خوجا ئەۋلادلىرىنىڭ نوپۇزىنى تىكلەشتە، كىشىلەرنى خوجىلارغا بېقىندۇرۇشتا قانچىلىك زور رول ئوينىغانلىقىنى سەمەر قەنتتىكى ۋاقتىدا ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ئىدى. يۈسۈپ خوجا شىنجاڭغا قەدەم باسقاندىن كېيىن، تەسىرىنى كېڭەيتىش بىلەن ئۆز تەرىقىتىنىڭ بۇ دىيارلاردا راۋاج تاپىدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەندىن كېيىن، ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ دەھبىددىكى-مازىرىنى ئۈلگە قىلىپ، قەشقەردە ئۆزى ئۈچۈن مازار تىكلىمەكچى بولدى. ئۇنىڭ بۇنداق قارارغا كېلىشىگە يۇقۇرقى سەۋەپتىن تاشقىرى، يەنە بىر سەۋەپ، ئۇنىڭ رەقىبى بولغان خوجا ئىسھاق ئەۋلادلىرىنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن يەكەندە مازار بەرپا قىلغانلىقى ئىدى.

ئىشان كالان بىلەن ئىسھاق خوجا ئەۋلادلىرى شىنجاڭ رايونىغا كىرگەندىن كېيىن، ئۆز ئارا جىددى رىقابەتلىشىشكە ۋە بىر بىرىگە سۇئىقەست ئىشلىتىشكە كىرىشتى. بىر ئامال قىلىپ قارشى تەرەپنى بېسىپ چۈشۈشكە، قارشى تەرەپنىڭ ئابرويىنى چۈشۈرۈپ ئۆزىنىڭ ئىناۋىتىنى يۇقۇرى كۆتىرىشكە ھەركەتلەندى. ئۇلارنىڭ كۈرىشى بەزىدە مازارنى دەۋر قىلدى، نەتىجىدە مازار ياساش ۋە مازار پەرەستلىك ئەۋج ئېلىپ كەتتى. مانا مۇشۇنداق شارائىت ئاستىدا، ھەزرەت مازىرى مەيدانغا كەلدى. مۇھەممەت يۈسۈپ خوجا ئۆلۈش ئالدىدا ئۆزى ئۈچۈن كەلگۈسىدە تىكلەنگۈسى مازارنىڭ ئورنىنى بەلگىلەپ بەردى، مازارنىڭ ئۇلۇغلۇق دەرىجىسىنى ھەم ئالا ھىدە كۆرستىپ ئۆتتى. ئۇ مۇنداق ۋەسىيەت قىلدى: «جانابى رەسۇلۇللا ۋە پۈتۈن خوجىلار، يار مەھەممەت باي بىزگە نەزىر قىلىپ بەرگەن يەرنى بىزنىڭ دەپنە قىلىنىدىغان يېرىمىز قىلىپ بەلگىلىدى. بىزنىڭ پاك قەۋرىمىز شۇ يەردە بولىدۇ. يار مۇھەممەت بۇرۇن نەزىر قىلىپبەرگەن يەر ئەتراپىدىن يەنە 10 پەرسەخ (بىر پەرسەخ 6 كىلو-مېتىر ئەتراپىدا) يەرنى قوشۇپ بەردى. مۇرىتلىرىمدىن مۇشۇ جايغا دەپنە قىلىنغانلار

قىيامەت كۈنى مېنىڭ مۇخلىسلىرىم قاتارىدا ئورۇن ئېلىپ، مەھشەرگاھقا ھازىر بولغۇسى.»①

مۇھەممەت يۈسۈپ خوجىنىڭ يار مۇھەممەت باي ئىسىملىك بىر سوپىسى ئۇنىڭغا بۇ زېمىننى نەزىر قىلىپ بېرىۋەتكەن ئىدى. مۇھەممەت يۈسۈپ خوجا (تۆۋەندە قىسقارتىپ يۈسۈپ خوجا دەيمىز) نىڭ يۇقۇرقى ۋەسىيىتى دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان مۇنداق بىر قانچە مۇھىم نۇقتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ: 1) يۈسۈپ خوجىنىڭ ھەزرەتتە دەپنە قىلىنىشىنى پەيغەمبەر ۋە خوجىلار بەلگىلەپ بەردى دېگەن گەپ بۇ قەۋرە ئاددى قەۋرە ئەمەس، مازار قىلىپ تىكلىنىشكە تېگىشلىك دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. 2) بىزنىڭ پاك تەۋرىمىز دېگەن سۆز بىلەن ئۆزىنىڭ ئەۋلىيا ئىكەنلىكىنى نامايان قىلماقچى بولىدۇ. 3) پاك قەۋرە دەپ ئاتىغان قەۋرىسى جايلاشقان ماكانلا ئەمەس، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى 10 پەرسەخ كېلىدىغان جاينىڭمۇ مۇقەددەس زېمىن ھېساپلىنىدىغانلىقى ۋە بۇ جايلارغا دەپنە قىلىنىغان ئادەملەرنىڭ قىيامەت كۈنى يۈسۈپ خوجىنىڭ شاپائىتىگە ئېرىشىدىغانلىقى ئىما قىلىنىدۇ.دېمەك، يۈسۈپخوجا ھايات ۋاقتىدىلا ئۆز قەۋرىسىنىڭ كىشىلەر كېلىپ تاۋاپ قىلىدىغان مازار بولۇپ قېلىشى توغرىسىدا ئالدىن ئالا جامائەت پىكرى ھازىرلاشقا كىرىشكەن. يۈسۈپ خوجا ھىجرىيىنىڭ 1060 - يىلى (مىلادى 1650 - يىلى) يەكەندە رەقىپلىرى تەرىپىدىن زەھەر بېرىلىپ يېڭىسارنىڭ تۇيۇق دېگەن يېرىدە قازا تاپتى. ئاپپاق خوجا ئاتىسىنىڭ جەسىدىنى ئۆزىنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە قەشقەرگە ئېلىپ كېلىپ، يار مۇھەممەت باي نەزىر قىلىپ بەرگەن يەرگە دەپنە قىلدى. شۇندىن كېيىن بۇ يەر ھەزرەت، يۈسۈپ خوجا مازىرى بولسا ھەزرەت مازىرى دەپ ئاتىلىدىغان بولدى. چۈنكى يۈسۈپ خوجىنىڭ مۇرىتلىرى ئۇنى كۆككە كۆتىرىپ ماختاش يۈزىسىدىن «ھەزرەت مازار پادىشاھىم» دەپ ئاتىغان ئىدى.

ئاپپاق خوجا ئاتىسىنى دەپنە قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ قەۋرىسى ئۈستىگە گۈمبەز ياساپ، كىشىلەر تاۋاپ قىلىدىغان زىيارەتگاھقا ئايلاندۇردى. مانا بۇ ئاپپاق خوجا مازىرىدىكى دەسلەپكى قەۋرىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە مازارنىڭ تۇنجى قېتىم ياسىلىشى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. مازار ئۈستىدە مۇنداق 2 خىل راۋايەت بار: بىر خىل راۋاتتە، يۈسۈپ خوجا دەپنە قىلىنغاندىن كېيىن قەۋرىسى كىچىك دائىرە ئىچىگە ئېلىپ قويۇلغان، ئۈستىگە گۈمبەز ياسالغان ئەمەس، دېيىلىدۇ؛ يەنە بىر خىل راۋايەتتە، يۈسۈپ خوجا

---

① سىرۋالمۇخلىس تەزكىرىسىدىن ئېلىندى.

قەۋرىسى تۇنجى قېتىم قاتۇرۇلغان چاغدىلا ئۈستىگە گۈمبەز ياسالغان، دېيىلىدۇ. بىزنىڭچە، مۇشۇ ئىككىنچى رىۋايەت ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن، بۇنى مۇنداق بىر قانچە جەھەتتىن دەلىللەشكە بولىدۇ:

1. يۈسۈپ خوجىنىڭ ۋەسىيىتىدە ئۆزىنىڭ قەۋرىسىنى پاك دەپ سۈپەتلىشىدىن ۋە ئەتراپقا دەپنە قىلىنغانلارنىڭ قىيامەت كۈنى ئۆزىنىڭ شاپائىتىگە ئېرىشىدىغانلىقىنى ئىما قىلىپ كۆرسىتىشىدىن يۈسۈپ خوجىنىڭ ئۆزىنى ئەۋلىيا دىمەكچى بولغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. ئۇ زامانلاردا «ئەۋلىيا» دەپ قارالغان كىشىلەرنىڭ قەۋرىسىگە گۈمبەز قاتۇرۇلۇشى تۇرغان گەپ ئىدى.

2. يۈسۈپ خوجا ئۆز دەۋرىدە شىنجاڭ بويىچە ناھايىتى كۆپ مۇرىتى بار چوڭ ئىشان ئىدى، ئۇنىڭ مۇرىت-مۇخلىسلىرى جەمئىيەتنىڭ ھەممە قاتلاملىرىدا بار ئىدى. ھەتتا يەكەن خانلىقىنىڭ خانى ئابدۇللا خانمۇ يۈسۈپ خوجىغا قول بېرىپ مۇرىت بولغان ئىدى. مازار پەرەستلىك ئەۋج ئالغان شۇ دەۋرنىڭ شارائىتىدا، مۇنداق يۇقىرى ئىناۋەتكە ئىگە چوڭ ئىشان، ئۇنىڭ ئۈستىگە سەئىد بولۇپ تونۇلغان شەخس ئۈچۈن گۈمبەزلىك مازار تىكلەنمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس ئىدى①.

3. ئاپپاق خوجىنىڭ: «ئىسھاق ۋەلىنىڭ تەرەپدارلىرى بولغان لۈكچەكلەر گۇرۇھى قەشقەرنى خالى تاپتى. دادام مازار پادىشاھىنىڭ قەۋرىسىدىكى قۇرۇلۇشقا ئوت قويۇپ قاچتى»② دىگەن سۆزىدىن ئوت قويۇۋېتىلگەن مازارنىڭ قۇرۇلۇشىنى ئاپپاق خوجا ئاتىسىنىڭ قەۋرىسى ئۈستىگە بىنا قىلغان دەسلەپكى گۈمبەز قۇرۇلۇشى دەپ قىياس قىلىشقا بولىدۇ. ھىجرىيىنىڭ 1104 يىلى (مىلادى 1692-يىلى) ئاپپاق خوجىنىڭ ئوغلى خوجا يەھيا ئاتىسىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە مازارنى ناھايىتى ھەشەمەتلىك قىلىپ ياساتتى. بۇ چاغدا خوجا يەھيا ئاپپاق خوجا تەرىپىدىن قويۇلغان قەشقەرنىڭ ھاكىمى ئىدى. 6 ئاي مۇددەتتە تۇرغۇزۇلغان بۇ مازارنىڭ گۈمبىزى ناھايىتى ئېگىز ياسالغانلىقتىن، يۇقىرى قىسمىنى تۇرغۇزۇش قىيىن بولۇپ قايتا-قايتا تۈجۈپىلەپ ئىشلەش نەتىجىسىدە ئاران تۇرغۇزۇلغان. بەزى رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، مازارنىڭ بۇ قېتىمقى قۇرۇلۇشىدا گۈمبەز③ خانىقاسىغا دەرۋازا بېكىتىلگەن بولۇپ، ئادەتتە ئۇ قۇلۇپلاغلىق تۇراتتى. قەۋرە گۈمبەزنىڭ ئىچىگە ئېلىنىپ پىششىق

① «سىرۋالمۇخلىس تەزكىرىسى»
② «مەخدۇم ئەزەم تەزكىرىسى»
③ «ئاپپاق خوجا تەزكىرىسى»

كېسەكتىن ياسالغان ئىدى.

ئاپپاق خوجىنىڭ بۇ قېتىم مازارنى مۇنداق ھەشەمەتلىك ياساشتىكى مەخسىدى مازارنىڭ تەسىرىنى تېخىمۇ زورايتىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ شان شۆھرىتىنى نامايان قىلماقچى ئىدى.

بۇ، مازارنىڭ 2 - قېتىملىق ياسىلىشى ھېساپلىنىدۇ. مازارنىڭ بۇ قېتىمقى ياسىلىشى ھىجرىيىنىڭ 1104 - يىلى ( مىلادى 1692 - يىلى ) دەپ مۇقىملاشتۇرۇشتىكى ئاساسىمىز شۇكى، بەزى تەزكىرىلەردە ئاپپاق خوجىنىڭ« ساھىب قىران » دەپ ئاتالغان ئوغلى ھەسەن خوجا بولسا ئاپپاق خوجا ئۆلگەن ۋاقىتتا 5 ياشتا ئىدى دېيىلىدۇ ۋە مازار ياسالغان ۋاقىتتا ھەسەن خوجىنىڭ 4 ياشتا ئىكەنلىكى ئېيتىلىدۇ. مۇنداق بولغاندا، مازار 1104 - يىلى ( مىلادى 1692 - يىلى ) ياسالغان بولىدۇ. ھىجرىيىنىڭ 1105 - يىلى ( مىلادى 1693 - يىلى ) ئاپپاق خوجا يەكەندە رەقىپلىرى تەرىپىدىن زەھەر بېرىلىپ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، جەسىدى قەشقەرگە يۆتكەپ كېلىنىپ، ئاتىسى يۈسۈپ خوجىنىڭ يېنىدا دەپنە قىلىندى. بۇنىڭ بىلەن ھەزرەت مازارنىڭ ئىناۋىتى تېخىمۇ يۇقۇرى ئۆسۈپ، تەسىرى كېڭىيىپ، ئاپپاق خوجا مازىرى دىگەن نام بىلەن ئاتىلىشقا باشلىدى. ئاپپاق خوجىدىن كېيىن، ئۇنىڭ ئەۋلاتلىرىمۇ بۇ مازارغا قويۇلۇشى بىلەن بۇ يەردىكى قەۋرىلەرنىڭ سانى بارغانسېرى كۆپىيىپ بارىدۇ. مازارنىڭ 3 - قېتىملىق قۇرۇلۇشىغا كەلسەك، بۇ ھەقتىكى راۋايەتلەر ۋە تارىخىي ماتېرىياللار بىر بىرىگە ئوخشىمىغانلىقتىن، بۇنىڭدا خېلى مۇجىمەللىك مەۋجۇت. بۇ مۇجىمەللىك، ئاساسەن، مازارنى ياسىغان ئادەمنىڭ كىملىكى ئۈستىدە كۆرۈلىدۇ. بىراق، ئاپپاق خوجا مازىرىنىڭ كۆل بويىدىكى دەرۋازا پەشتىقى ئۈستىدىكى مەسنىۋى شەكلىدە يېزىلغان پارچە شېئىر ئارقىلىق يۇقۇرىدىكى مۇجىمەللىكنى بىر قەدەر ئېنىقلاشقا بولىدۇ. ئاغزاكى راۋايەتلەردە، مازارنىڭ بۇقېتىمقى قۇرۇلۇشى ئىپپارخاننىڭ ئاكىسى تۇردى خوجىنىڭ ئايالى سۇدەيشياڭ تەرىپىدىن ياسالغان، ئۇ چيەنلۇڭنىڭ بۇيرۇغى بويىچە ئىپپارخان بىلەن تۇردىنىڭ جەسىدىنى 6 ئاي يول مېڭىپ بېيجىڭدىن قەشقەرگە ئېلىپ كېلىپ، ئاپپاق خوجا مازىرىدا قويغان ۋە چيەنلۇڭنىڭ بەرگەن مەبلىغى بىلەن مازارنى ھەشەمەتلىك ياساتقان، نۇرغۇن يەر ۋە تۇگمەنلەرنى مازارغا ئاتاپ ۋەخپە قىلغان دېيىلىدۇ ھەمدە يەرلىك ئاھالىنىڭ سۇدەيشياڭنى «دىلشادە خېنىم» دەپ ئاتىغانلىقى ئېيتىلىدۇ. پەشتاقتا يېزىلغان شېئىردىكى

شەنەۋ بانىئى ئىن تەمىرى پۇركار
بىدانىش ھايى خۇد ۋاقىف بئەسرار.

زىمالى مولكەت ئىن دەھرى ئازاد
مەلىكە نامى پاكى ئوسىت دىلشاد.

بۇ چوڭ قۇرۇلۇشنى سالدۇرغۇچى كىشى ھەممە سىرلاردىن خەۋەردار، ئەقىل - پاراسەتلىك، زامانىنىڭ مال - مۈلۈكلىرىگە باغلىنىپ قالمىغان شەخس ئىدى، ئۆزى (مەلىكە بولۇپ، ئىسمى دىلشاد ئىدى) دىگەن مىسرالاردىن ياساتقۇچى ئايالنىڭ خانلىق خاندانىغا مەنسۇپ دىلشاد ئىكەنلىكى ئېنىق مەلۇم بولىدۇ.

تارىخە ش تەبىئى سەلىما
زىھىجرەت ھەرپى ئەز ئەجىرەن ئەزىما

ئەبجەد ھىساۋى بويىچە ھىجرەت يىلىنى ھىساپلاپ كۆرسەك، ئەجرەن ئەزما [چوڭ ساۋاپ بولسۇن] دىگەن سۆزدىن مازارنىڭ قۇرۇلۇش تارىخى چىقىدۇ، دىگەن مىسرالار مازارنىڭ ھىجرىيە 1226 - يىلى (مىلادى 1811 - يىلى) دىلشاد ئىسىملىك ئايال تەرىپىدىن قايتا ياسىتىلغانلىغىنى كۆرسىتىدۇ.

شاراپەت ھەمدە مۇ ئۇكۇشت ھەر ھال
شۇدە ھەمئەزسە ئادەت مەھرەمى ئال.

دىلشادقا ھەمىشە ئۇلۇغلۇق ھەمدەم ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ سائادەتمەنلىگىدىن پەيغەمبەر ئەۋلادىغا جۈپت بولغان ئىدى) دىگەن مىسرالاردىن دىلشادنىڭ پەيغەمبەر ئەۋلادى دەپ تونۇلغان خوجىلاردىن بىرىنىڭ ئايىلى ئىكەنلىگى بىلىنىدۇ.

بىئىستىدادى ئەززۇلماتى رەستە
چونان ئابى ھايات ئەزچەشمە روستە.

(خۇددى ئابى ھايات ئۆزىنىڭ بۇلىغىدىن ئېتىلىپ چىققاندەك، دىلشاد ئۆزىنىڭ ئىستىدادى بىلەن گۇمراھلىقنىڭ قاراڭغۇلىغىدىن قۇتۇلۇپ چىققان ئىدى) دىگەن مىسرالاردىن دىلشادنىڭ ئەسلىدە مانجۇ ياكى خەنزۇ مىللىتىدىن بولۇپ، كېيىن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغانلىغى بىلىنىدۇ.

بەيايەد ھەمچوخود ئەز شەرقى چىنى
بەدىن دەرگاھ بەرايى خوشەچىنى

(دىلشاد بېيجىڭنىڭ شەرقىي تەرىپىدىن بۇ ئۇلۇغ دەرگاھقا ساۋاپ ئىزدەپ كەلگەن ئىدى) دىگەن مىسرالارنى دىلشادنىڭ بېيجىڭدىن قەشقەرگە ئاپپاق خوجا مازىرىنى ياسىتىش ئۈچۈن ئالاھىدە كەلگەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز.

بۇ يەردە شۇنى تەكىتلەپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، راۋايەت بىلەن شېئىردا بايان قىلىنغان مەزمۇن كۆپ جەھەتتىن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. دىلشاد دىگەن سۆزنىڭ سۇدەيشياڭ قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن يەرلىك خەلق تەرىپىدىن قويۇلغان ئۇيغۇرچە ئىسىم ئىكەنلىكىنى يۇقۇرىدا بايان قىلغان ئىدۇق. لېكىن ئاغزاكى راۋايەتتە، سۇدەيشياڭ چيەنلۇڭنىڭ بۇيرۇغى بويىچە ئىپپارخان بىلەن تۇردى خوجىنىڭ جەسىدىنى ئىچكىرىدىن قەشقەرگە يۆتكەپ كېلىپ «ھەزرەت مازىرى» غا قويغان دىيىلسە، پەشتاق ئۈستىدىكى شېئىردا پەقەت چىنىنىڭ شەرقىدىن كەلگەن دىلشاد ئىسىملىك مەلىكىنىڭ پەشتاق، مېچىت ۋە قەۋرىلەرنى ياساتقانلىقى ئېيتىلىدۇ. شېئىر بىلەن راۋايەتنى بىر-بىرىگە تەتبىقلاپ كۆرگەندە، مازارنىڭ بۇقېتىمقى ياسالغان ۋاقتى جەھەتتە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا زور ئوخشىماسلىق بار. شېئىردا قەۋرىنىڭ ياسالغان ۋاقتى 1226 - ھىجرىيە دەپ يېزىلغان. بۇ، جياچىڭ خانىنىڭ تەختتىكى ۋاقتىغا توغرا كېلىدۇ. ئاغزاكى راۋايەتتە سۇدەيشياڭنى چيەنلۇڭ خان ئەۋەتتى دىيىلىدۇ. مازار جياچىڭ خانىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە ياسالغانلىقتىن، ئۇنى چيەنلۇڭ خان ياساتتى، دىگەن سۆزنىڭ ئاساسسىز ئىكەنلىكى ئېنىق.

يولداش جى داچۈن سابىق «شىنجاڭ تارىخشۇناسلىقى» ژورنىلىدا ئېلان قىلغان ئىپپارخان قەۋرىسى توغرىسىدىكى ماقالىسىدا، ئىپپارخان توغرىسىدا تەپسىلى توختالغان. ئۇنىڭدا بۇ مەسىلىگە ئائىت خەنزۇچە تارىخىي خاتىرىلەرگە ئاساسەن تەھلىل يۈرگۈزۈپ، ئىپپارخان بىلەن تۇردى خوجىنىڭ جەسىدىنى سۇدەيشياڭنىڭ ئىچكىرىدىن قەشقەرگە يۆتكەپ كەلگەنلىكى توغرىسىدىكى راۋايەت ئىنكار قىلىنغان. بۇنداق قاراش مازارنىڭ جياچىڭ خان دەۋرىدە ياسالغانلىقى ۋە كىمنىڭ ياسىغانلىقى توغرىسىدا خەنزۇچە مەنبەلەردە بىر نەرسە دىيىلمىگەنلىكتىن كېلىپ چىققان بولسا كېرەك. دورۇس، يۇقۇرىدىكى شېئىردا دىلشادنىڭ ئىچكىرىدىن بىرەرسىنىڭ جەسىدىنى يۆتكەپ چىقىپ «ھەزرەت مازىرى» دا دەپنە قىلغانلىقى تىلغا ئېلىنمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئىچكىرىدىن چىقىپ مەخسۇس پەشتاق، مېچىت ۋە قەۋرىلەرنى ياساتقانلىقى ئېنىق ئېيتىلغان. دىلشادنىڭ ئىچكىرىدىن چىقىپ بۇ مازارنى ياسىتىشقا تۈرتكە بولغان نەرسە نىمە؟ ئۇنىڭغا كەتكەن راسخوت قەيەردىن كەلگەن؟ مانا بۇ سوئاللارغا ئەينى زامانلاردا چىڭ خاندانلىقىنىڭ يۈرگۈزگەن دىنىي سىياسىتىدىن جاۋاپ تېپىشقا بولىدۇ.

مەلۇمكى، كېزى كەلگەندە دىنىنى ۋاستە قىلىپ، ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى چىڭىتىش چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ بىر خىل سىياسىتى بولۇپ كەلدى. ئۇلار مۇشۇ سىياسەتكە ئاساسەن، بۇددىستلارنىڭ، لامىلارنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش مەقسىدىدە، ئاھالىسى لاما دىنىغا ۋە بۇددا دىنىغا ئېتىقات قىلىدىغان جايلاردا نۇرغۇن بۇتخانىلارنى بەرپا قىلدى، بۇتلارنى ياساتتى. چيەنلۇڭ خاننىڭ دەۋرىدە پەقەت شيەنجۇڭنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا سېلىنغان بۇتخانىلارنىڭ سانى 13 تىن ئېشىپ كەتكەن ئىدى. ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشتىكى غەرىزى جياچىڭ خاننىڭ مۇنۇ شېئىرىدىن ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ

降魔鬼征战，能仁宏誓，且群生奠，嘉庆《御制水月庵诗《《承德府志》 卷十九

چىڭ خاندانلىقى مەخدۇم ئەزەم ئەۋلادى بولغان خوجىلارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنى ئوبدان چۈشىنەتتى. شۇڭا ئۇ، خوجىلارغا قارىتا: پاراكەندىچىلىك سالغانلارنى قاتتىق جازالاش، بويسۇنۇپ تىچ يۈرگەنلەرگە ئەمەل-مەنسەپ بېرىش بىلەن ئۇلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىشتىن ئىبارەت 2 قوللۇق سىياسەت قوللانغان ئىدى. ئاپپاق خوجا مازىرىنىڭ مەيلى كىشىلەر نەزىرىدە بولسۇن، مەيلى غوجىلار نەزىرىدە بولسۇن، يۇقۇرى ئىناۋەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنىڭغا ئالاھىدە ئېتىۋار بىلەن قارىدى. چيەنلۇڭ خاننىڭ 1760-يىلى چۈشۈرگەن يارلىقىدا: «توپىلاڭچى خوجا جاھانلارنىڭ ئاتا-بوۋىسى يۇرت سوراپ كەلگەن. ئۇلار گۇناسىز. ھازىر ئۇيغۇرلار يۇرتى پۈتۈنلەي تىنجىدى. ئۇلارغا دۆلەتنىڭ خەيرىخاھلىقىنى تونۇتۇش ئۈچۈن، قەشقەردىكى بۇرۇنقى خوجىلارنىڭ بارلىق كونا قەۋرىلىرىگە قاراشقا ئادەم قويۇلسۇن، دەل-دەرەخلەرنى كېسىشكە، بەزەپ قىلىشقا يول قويۇلمىسۇن، بۇزۇلغانلىرى قائىدە-نىزام بويىچە رېمونت قىلىنسۇن، ئىگىدارچىلىق قىلىشقا ئەمەلدار قويۇلسۇن» دېيىلگەن. چيەنلۇڭ خاننىڭ بۇ يارلىقى شۇنى ئېنىق كۆرسىتىدۇكى، چىڭ خاندانلىقى «خوجىلار قەۋرىگاھى» دەپ ئاتالغان ئاپپاق خوجا مازىرىنى ياخشى ئاسراپ مۇھاپىزەت قىلىش ئارقىلىق، مازارنى تاۋاپ قىلىدىغان مۇسۇلمانلارنىڭ ۋە خوجىلارنىڭ كۆڭلىنى ئالماقچى بولغان. چيەنلۇڭ خاننىڭ يۇقۇرقى يارلىقىنىڭ ئىجراسى ۋە شۇ يارلىققا ئاساسەن «خوجىلار قەۋرىگاھى» غا قىلىنغان قۇرۇلۇش ئۈستىدە بىرەر ئېنىق مەلۇماتقا ئىگە بولالمىغانلىقىمىز ئۈچۈن، بۇ توغرىدا بىرنەرسە دېيىش تەس، شۇنداقتىمۇ يارلىقتىكى «قەۋرىلەرنىڭ بۇزۇلغان جايلىرى رېمونت قىلىنسۇن» دىگەن سۆزنى سۇدەيشياڭ توغرىسىدىكى راۋايەت بىلەن مۇناسىۋەتسىز، دەپ قاراشقا بولمايدۇ. چيەنلۇڭنىڭ يارلىقى، پەشتاق ئۈستىدىكى شېئىر ۋە ئاغزاكى

راۋايەتلەرنى بىرلەشتۇرۇپ مۇھاكىمە قىلغاندا، شۇبھىسىزكى، چىڭ خاندانلىقى دەۋرىدە ئۇنىڭ بەزى ھۆكۇمرانلىرى تەرىپىدىن مازار قايتا ياسالغان ۋەرېمونت قىلىنغان دىگەن خۇلاسە كېلىپ چىقىدۇ. مازارنىڭ شېئىردىكى ياسالغان يىلىدىن قارىغاندا، سۇدەيشياڭنى قەشقەرگە چىيەنلۇڭ خان ئەمەس، جىياچىڭ خان ئەۋەتكەن دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. ئىپپارخان توغرىسىدىكى ھىكايە چىيەنلۇڭ خانغا باغلانغانلىقتىن، ئاغزاكى راۋايەتتە سۇدەيشياڭنى قەشقەرگە ئەۋەتكەنمۇ چىيەنلۇڭ خان دىيىلىپ قالغان بولسا كېرەك. يارلىقتىكى قەۋرىلەرگە قاراشقا ئادەم قويۇلسۇن، ئىگىدارچىلىق قىلىشقا ئەمەلدارقويۇلسۇن، دىگەن سۆزلەر ئاغزاكى راۋايەتتىكى سودەيشياڭ مازارنى پۇتتۇرگەندىن كېيىن نۇرغۇن يەر-زىمىنلارنى، تۇگمەنلەرنى مازارغا ۋەخپە قىلدۇرغان. كۆللەرنى قازدۇرۇپ، باغلارنى ياسىتىپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە مازاردا ئىستىقامەت قىلىپ تۇرغان، دىگەن سۆزلەرگە ئۇيغۇن كېلىدۇ. يۇقۇرقى باياندىن شۇنى قىياس قىلىشقا بولىدۇكى، جىياچىڭ خان (سورىغان ۋاقتى مىلادى 1796 — 1820-يىللار) سۇدەيشياڭنى ئەۋەتىپ، مازارنىڭ بۇ قېتىمقى قۇرۇلۇشنى ياساتقان. سۇدەيشياڭ بولسا مازارنى باشقۇردىغان ۋە مازار ئەتراپىدىكى خوجىلارنى نازارەت قىلىپ تۇرىدىغان ئەمەلدار بولۇش سۈپىتى بىلەن ھەزرەتتە ئولتۇراقلىشىپ قالغان. سەئىدىيە خانلىغىنىڭ 2-خانى بولغان ئابدۇرىشىت خاننىڭ پىر-ئۇستازى بولۇپ تونۇلغان چوڭ ئىشان خوجا مۇھەممەت شېرىپ بۇزرۇكۋارنىڭ يەكەندىكى مازىرىمۇ جىياچىڭ خان دەۋرىدە 1222-ھىجرىيە (مىلادى 1807-يىلى) ياسالغان. بۇنى يەكەننىڭ شۇ زامانىدىكى ھۆكۇمرانى يۇنۇس ۋاڭ ياساتقان. خۇددى ئاپپاق خوجا مازىرىنى سۇدەيشياڭ ئارقىلىق جىياچىڭ خاننىڭ ياساتقىنىغا ئوخشاش، يەكەندىكى خوجا مۇھەممەت شېرىپ مازىرىنىمۇ يۇنۇس ۋاڭ ئارقىلىق جىياچىڭ خان ياساتقان بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى بۇنداق مازارلارنى خاننىڭ نامىدىن ياساتقاندىن كۆرە، خان تەرىپىدىن قويۇلغان ئەمەلدارلار نامىدىن ياسىتىش، مەلۇم جەھەتلەردىن خانغا پايدىلىق بولسا كېرەك. شېئىردا ئېيتىلغان دىلشاد — ئىپپارخاننىڭ ئۆزى، دەپ ئىزاھلىغۇچىلار بولسىمۇ، مۇنداق قاراش شېئىردىكى مەزمۇننىڭ ئۆزىگە ۋە ئىپپارخاننىڭ تەرجىمىھالى توغرىسىدىكى دەلىل-ئىسپاتلارغا ئۇيغۇن كەلمىگەنلىكتىن، ھېچقانداق ئاساسقا ئىگە ئەمەس. بەزى راۋايەتلەردە سۇدەيشياڭ مازارنى ياساتقاندا گۇمبەزلىك قىلىپ ياساتماي، ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ قۇرۇلۇش تەقلىدى بولغان خۇيزۇلارنىڭ مىچىتى شەكلىدە ياساتقان. ئاپپاق خوجا ۋاقتىدا ياسالغان مازار قۇرۇلۇشىنى سۇدەيشياڭ ئېچىپ، ئۇستىنى ئوچۇق شىپاڭ قىلىپ ياساتقان دىگۈچىلەرمۇ بار.

ھىجرىيە 1293 - يىلىغا كەلگەندە، دىلشاد بىنا قىلدۇرغان مازارنىڭ بۇ شەكلى ياقۇپبەگ تەرىپىدىن چاقتۇرۇلۇپ، قايتىدىن ھازىرقى شەكىلدە ياسىتىلغان.

كۆل بېشىدىكى پارچە شېئىر بار پەشتاق چىقلماي ساقلىنىپ قالغان، مازار گۈمبىزى ئۈستى يۇمۇلاق، ئاستى چاسا ياسالغان بولۇپ، بۇ ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچە مودا بولۇپ قالغان بىر خىل مىللى شەكىلدۇر. مازار دەرۋازىسى ئۈستىدىكى خەتكە كۆز تاشلايدىغان بولساق، ئۇنىڭدىن مازارنىڭ 1293 - ھىجرىيە ( مىلادى 1876 - يىلى ) ياقۇپبەگ تەرىپىدىن سېلىنغانلىغىنى بىلىمىز. بۇ خەت پارچە شېئىردىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنى ئەينى زاماندا قەشقەرنىڭ مەھكىمە شەرئىيەدە قازى كالان بولۇپ تۇرغان ئاخۇنى سەييىر ئەكمەلخان ياقۇپبەگنىڭ ئەمرى بويىچە يازغان، دەپ مۇقىملاشتۇرۇشقا بولىدۇ. چۈنكى شېئىرنىڭ ئاخىرىدا ئاپتورنىڭ ئىسمى ئېيتىلىدىغان جايدا ئەكمەل سۆزى تىلغا ئېلىنغان. بۇ شېئىر 16 مىسرا بولۇپ، ھەر مىسراسىدىن ئەبجەد ھىساۋىدا مازارنىڭ ياسالغان يىلى چىقىدۇ. بۇ شېئىردىكى:

ئاپىرىن مەرھەمەت ئان ئۇلۇۋى جاناپ،

( ئالىجاناپ پادىشانىڭ قىلغان ئىلتىپاتىغا ئاپىرىن ) دىگەن مىسرادىن مازارنى ياقۇپ-بەگنىڭ ياساتقانلىغى چىقىدۇ.

يۇسۇنى مىسرى شىيەم يەئقۇپ كەنئان ھىكەم.

( ئەخلاق ۋە پەزىلەتتە مىسىرلىق يۇسۇپ پەيغەمبەرگە، ئىلمى ھىكمەتتە كەنئانلىق يەئقۇپ پەيغەمبەرگە ئوخشايدۇ ) دىگەن مىسرا بىلەن باشلانغانلىغى، بۇ مازارنىڭ شەكىللىنىشتە ئاپپاق خوجىنىڭ ئاتىسى يۇسۇپ خوجىنىڭ قەۋرىسىدىن باشلانغانلىغىدىن دېرەك بېرىدۇ.

بۇ شېئىردا يەنە: بىناھايى سەفارەشكى ئىرەم ( مازارنىڭ چىرايلىق قۇرۇلۇ-شىدىن ئىرەممۇ رەشكى قىلىدۇ ) دىگەن سۆز بىلەن مازارنىڭ بىناكارلىق سەنئىتى مەدھىيىلىنىپ، ئۇنىڭ كۆركەملىگى قەدىمقى زاماندىن قالغان قىسسىلەردە تەمسىل قىلىپ ئېيتىلىدىغان مەشھۇر ئىرەم شەھىرىگە ئوخشىتىلسا، «جۇش زەررى ھەرىمۇ ئۇسە فابا-چۇن ھەرەم» ( بۇ گۈمبەزنىڭ ئەتراپىدا ھەرەمگە ئوخشاش پاكلىق قايناپ تۇرىدۇ ) دىگەن مىسرادا مازارغا چوقۇنۇش تەرغىپ قىلىنىپ، ئۇ مۇسۇلمانلار ھەج قىلىدىغان جاي — ھەرەمگە ئوخشىتىلىدۇ. قەۋرىلەر جايلاشقان چوڭ گۈمبەزدىن ئون نەچچە مېتىر يىراقلىقتا چاغراق كەلگەن بۇ بىر كۆك گۈمبەز بولۇپ، راۋايەتلەردە ئۇنى ئاپپاق خوجا ئۆزى ھايات ۋاقتىدا بىنا قىلدۇرغان دېيىلىدۇ. بۇ گۈمبەزنىڭ خانىقاسى مېچىت

بولۇپ، ئۇنىڭ ئىشىكى ئۈستىگە يېزىلغان پارچە شېئىردا مازارغا چوقۇنۇشتىن ئىبارەت يۇقۇرقى مەزمۇن تېخىمۇ مۇبالىغىلەشتۈرۈلمىدۇ.

شۇنى ئېنىق ئېيتىشقا بولىدۇكى، ھەر قايسى دەۋرلەردە مازارنىڭ بىنالىرى ئۈستىگە يېزىپ قالدۇرۇلغان خاتىرە خەتلەردە مازار كۆككە كۆتىرىپ ماختالغان ۋە مازار پەرەستلىك كەڭ تەرغىپ قىلىنغان. مازارنى ياساتقۇچىلارغا ئالا ھىمدە مەدھىيىلەر ئوقۇلغان. مازار خانىقاسىنىڭ ئىچىدە ئەسلىدە 72 قەۋرە بار ئىدى، 1947 - يىلدىكى يەر تەۋرەشتە گۈمبەز كۆمتۈرۈلۈپ چۈشۈپ، قەۋرىلەرنى يەنچىپ تاشلىغان. ئازاتلىقتىن كېيىن، 1956 يىلى گۈمبەز قايتا ياسىلىپ، ياقۇپبەگ ياساتقان شەكلى بويىچە ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن. ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە، يەنچىلىپ كەتكەنلەرنىڭ ھەممىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىمكانىيىتى بولمىغانلىقتىن، قىسقارتىلىپ ياسالغان. قەۋرىلەرنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى ئوخشاش ئەمەس.

خوجا ئەۋلادلىرىنىڭ ئىجتىمائى ئورنىنىڭ يۇقۇرى — تۆۋەنلىكىگە ۋە جىنسىغا قاراپ پەرقلەندۈرۈلگەن. يۈسۈپ خوجا بىلەن ئاپپاق خوجا قەۋرىسى ئۈستىگە ئۆلارنى ھۆرمەتلەش ۋە سۈرلۈك كۆرسىتىش يۈزىسىدىن، قىممەتلىك رەختلەردىن ئىشلەنگەن مەخسۇس يوپۇقلار يېپىلغان. بىر قىسىم قەۋرىلەردەقەۋرە ئىگىسىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن يېزىلغان پارچە خەتلەر بار. 56 - يىلى گۈمبەز ۋە قەۋرىلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە، خەتلەر چېلەڭگۈش بولۇپ كەتكەنلىكتىن، بىر بىرىگە چېپىسلاشتۇرۇپ ئوقۇش قىيىن. شۇنىڭدەك بەزى قەۋرىلەرنىڭ خەتلىرى باشقا قەۋرىلەرگە ئالمىشىپ كەتكەنلىرىمۇ بار. مازار خانىقاسى دەرۋازىسىدىن كىرگەندە، ئۇدۇلدىكى قەۋرە ئۈستىگە ھەل بىلەن چىرايلىق يېزىلغان 4 مىسرا پارچە شېئىر كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇ ئەسلىدە ئاپپاق خوجا قەۋرىسىگە يېزىلغان شېئىر بولسىمۇ، كاپىش خوجا قەۋرىسىگە ئالمىشىپ قالغان. بۇ شېئىرنىڭ ئالا ھىدە ئەھمىيەتلىك يېرى شۇكى، ئۇنىڭدا ئاپپاق خوجىنىڭ ۋاپات بولغان يىلى كۆرسىتىلگەن.

شېئىرنىڭ تېكىستى مۇنداق:

بەمەشۇقى بەدو ئەندەر جىھان تاق،
مەقامى ئاشىقىرا ھەم شورۇ جوپىت
بەگوشى دىل رەسەد ئەزھاتىفى غەيب
كى تارىخى ۋە فاتەشرا خودا گوفت

(ئاپپاق خوجا جاھاندا يىگانە مەشۇق بولۇشى بىلەنلا قالماي، ئاشىقلىق ماقامىغا ھەم

يەتكەن ئىدى، يەنى كىشىلەر ئاپپاق خوجىغا ئاشىق ئىدى، ئاپپاق خوجا ئاللاغا ئاشىق ئىدى ) دىلىنىڭ قۇلىقىغا غايىپتىن شۇنداق ئاۋاز كەلدىكى، ئۇنىڭ ۋاپات بولغان تارىخى «خۇدا گۇفت» ( خۇدادىدى ) دېگەن سۆزدىن بىلىنىدۇ ) . خۇدا گۇفت دېگەن سۆزنىڭ ھەرپلىرىنى ئەبجەد ھىساۋى بويىچە رەقەمگە سۇندۇرغاندا، ئۇنىڭدىن ھىجرىيىنىڭ 1105 - يىلى چىقىدۇ. شۇنىڭدەك ئاپپاق خوجىنى ئاللاغا ئاشىق ئىدى دېيىش بىلەن ئۇنىڭ تەسەۋۋۇپ پائالىيەتلىرى مەدھىيىلەنسە، ئاپپاق خوجا كىشىلەرنىڭ مەشۇقى ئىدى دېيىش بىلەن ئۇنىڭ كىشىلەر ئارىسىدىكى نوپۇزى تەشۋىق قىلىنىدۇ. كىچىك گۈمبەزنىڭ ياسالغان ۋاقتى ئۈستىدە ئېنىق مەلۇمات يوق. ئۇنى تۇنجى قېتىم ئاپپاق خوجا ياساتقان، دېگەن راۋايەت مۇقىملاشتۇرۇلغان تەقدىردە، ئاپپاق خوجا مازىرىغا تەۋە بىنالار ئىچىدە بۇ گۈمبەز ئەڭ قەدىمقى بىنا بولۇپ قالىدۇ. گەپ - سۆزلەرگە قارىغاندا، گۈمبەزنىڭ يېنىدىكى مېچىت ئىشىكىنىڭ بىر قانىتىدا مازارنىڭ ۋە ئاپپاق خوجىنىڭ تارىخىي ئەھۋالىنى تونۇشتۇرىدىغان نەقىش بىلەن يېزىلغان خەتلەر بولغان. لېكىن تەخمىنەن مۇندىن 150 يىل بۇرۇن مازارنىڭ شۇ چاغدىكى شەيخى بۇ ئىشىكنى سەيياھ قىياپىتىگە كىرىۋالغان بىر چەتئەللىك ئاسارە-ئەتىقە ئوغرىسىغا 150 سەر تەڭگىگە سېتىپ يېگەن. ئۇنىڭ ئورنىغا سەپلەنگەن ئىشىكنىڭ قانىتىدىكى نەقىشنىڭ سۈپىتىنىڭ تۆۋەنلىكى يەنە بىر قاناتتىن روشەن پەرقلىنىپ تۇرىدىغانلىقى بۇ راۋايەتنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. يۇقۇرىدا ئاپپاق خوجا مازىرىنىڭ تارىخىي ئۆتمۈشى ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتتۈم. بۇ، مۇشۇ جەھەتتىكى دەسلەپكى ئىزدىنىشىمىزدىنلا ئىبارەت.

# ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخى توغرىسىدا

(مۇقەددىمە)

غەيرەتجان ئوسمان

1

ئۇيغۇرلار ئاسىيادىكى قەدىمقى مىللەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ئېتنىك تەركىبىنى شەكىللەندۈرگۈچى ئۇرۇق-قەبىلىلەر بۈگۈنكى شىنجاڭ تېررىتورىيىسىنى ئۆزىنىڭ پائالىيەت مەركىزى قىلىپ كەلگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ تارىخىي ئىزلىرىنى ھازىرقى شىنجاڭ تەۋەسىگە خوشنا بولغان باشقا رايونلاردىن تېپىشقىمۇ بولىدۇ.

شىنجاڭ خەنزۇچە تارىخىي كىتابلاردا «غەربىي يۇرت» دەپ ئاتالغان. بۇ جايلاردا مەلۇم مەزگىل ئۇيان-بۇياندىن ئېقىپ كېلىپ قالغان، ئۇيغۇرلارغا غەيرى رەسمىي قانداش بىر قىسىم ئۇرۇق-قەبىلىلەرمۇ ياشىغان بولۇپ، ئۇلار ئۆزىگە خاس تارىخىي ئىز قالدۇرۇپ، ئۆچمەس مەدەنىيەت ياراتقان. بۇلارنىڭ مەدەنىيىتى قەدىمدىن بىرى ئۈزۈلمەي داۋام قىلىپ، تەرەققىي قىلىپ كەلگەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تارىخى كاتېگورىيىسىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتكەن. شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» (1-قىسىم) دا بۇ مەسىلە ناھايىتى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان: «ئۇيغۇر قەبىلىلىرى غەربىي رايوندا يەرلىك خەلقلەر بىلەن ئۇزاق بىللە ياشاش جەريانىدا، تەدرىجىي ھالدا ئۇلار بىلەن قوشۇلۇپ كەتتى. شۇڭا بۇ يەرلىك خەلقلەرمۇ ھازىرقى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ تارىخىمۇ ئۇيغۇر تارىخىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ.» ①. ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىش ئېلىمىز ۋە چەتئەللەردە ناھايىتى بۇرۇنلا باشلانغان ھەم مەلۇم نەتىجىلەر قولغا كەلگەن. ئەندى ئۇنى بىر قەدەر مۇكەممەل سىستېمىغا سېلىپ چىقىش بۈگۈنكى ئىلىم-پەن خادىملىرىنىڭ مۇھىم خىزمەتلىرىدىن بىرى بولۇپ قالدى. دۇنيانىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا مۇتلەق ساپ مىللىي مەدەنىيەت يوق. دۇنيادىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى ئۆز ئارا ئارىلىشىپ

تۇرىدۇ. يېقىنقى دەۋرلەرگە كەلگەندە، بۇ خىل ئارىلىشىش تېخىمۇ روشەن بولدى. شىنجاڭ مەدەنىيىتى — ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان قەدىمقى بىر قىسىم ئۇرۇق-قەبىلىلەر ئورتاق ياراتقان مەدەنىيەت، مەدەنىيەتنىڭ ئارىلىشىش جەريانى مەدەنىيەتنىڭ مىللى ئالاھىدىلىكىنى ئىنكار قىلمايدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە، مىللى مەدەنىيەتنىڭ مۇكەممەل راۋاجلىنىشىدا ئالاھىدىلىكنى ساقلايدۇ.

ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتكە ئىگە. شىنجاڭنىڭ ئەتراپىنى ئېگىز تاغلار، قۇملۇقلار، بىپايان يايلاق-تۈزلەڭلىكلەر ئايرىپ تۇرىدۇ. باشقا مەدەنىيەت رايونلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە ئەلۋەتتە چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ. شۇڭا مۇستەقىل مەدەنىيەت قۇرۇلمىسى ۋە مىللى ئۇسلۇبىنى شەكىللەندۈرگەن ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارغا قارىغاندا، بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز كونا تاش قورال دەۋرىدىن تارتىپلا شىنجاڭدا تىرىكچىلىك قىلىپ كەلگەن. ئاتۇشتىن ئون مىڭ يىل بۇرۇنقى تاشقا ئايلانغان ئادەم باش سۆڭىكى تېپىلغانلىقى بۇنى ئېنىق ئىسپاتلاپ بەردى. تارىم ۋادىلىرىدا ئىنسانلارنىڭ ياشىغىنىغىمۇ ناھايىتى ئۇزۇن بولدى. شۇ چاغدا يارىتىلغان ئىپتىدائىي مەدەنىيەت بىلەن شىنجاڭنىڭ تارىختىن ئاۋالقى مەدەنىيىتى ئۆز ئارا ۋارىسلىق مۇناسىۋەتتە بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ بىرلىككە كېلىش جەريانىغا ئەھمىيەتلىك، چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. كېيىنكى جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئۇيغۇرلار مەيلى بىرلىككە كەلسۇن ياكى بۆلۈنۈپ كەتسۇن، گۈللەنسۇن ياكى زەئىپلەشسۇن، بۇ يەردىكى مەدەنىيەت دولقۇنسىمان ئالغا راۋاجلىنىۋەرگەن. ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ بۇ خىل راۋاجلىنىش خۇسۇسىيىتى ۋە مۇقىملىق خاراكتېرىنىڭ قوشۇلۇش ئالاھىدىلىكى ئېنىقنى بويلاپ، مەنبەنى سۈرۈشتە قىلىشىمىزغا پايدىلىق، شۇنداقلا ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تەدرىجى تەرەققى قىلىشىدىكى ئورتاق قانۇنىيەتنى تېپىپ چىقىشىمىزغا ئوڭايلىق تۇغدۇرۇپ بېرىدۇ. يەنە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ مۇستەقىل تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى ئېنىقلىۋېلىشىمىزغا ئاسانلىق يارىتىپ بېرىدۇ. مەسىلەن كۇچار، باي قاتارلىق جايلاردىكى مىڭئۆيلەرنىڭ رەسساملىق ئۇسلۇبىدا ھىندى، كۇشان ۋە خەنزۇلارنىڭ رەسساملىق ئۇسلۇبىغا ئوخشايدىغان تەرەپلەر بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىگە خاس ئۇسلۇپ ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ئۇزاق مۇددەت مۇشۇ زېمىندا تىرىكچىلىك قىلىش ۋە كۈرەش قىلىش بىلەن بىللە، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئورتاق پسىخولوگىيىلىك خۇسۇسىيىتى، ئالاھىدە ئىدىيەۋى ھىسسىياتى ۋە جاھاندارچىلىق قىلىش ئۇسۇلىنى شەكىللەندۈرگەن، مىللەتنىڭ ئورتاق گەۋدىسىنى بارلىققا كەلتۈردى. شىنجاڭ مەدەنىيىتى ھىندى، كۇشان،

خەنزۇ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى بىلەن ئۇچرىشىپ، بىر تەرەپتىن، ئەتراپتىكى مىللەتلەرنىڭ مىللى مەدەنىيىتىنىڭ بەزى ئامىللىرىنى قوبۇل قىلىپ، شىنجاڭ مەدەنىيىتىنى تەشكىل قىلدى، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىنى ئەتراپتىكى مىللەتلەرگە سىڭدۈرۈپ، ئەتراپتىكى مىللەتلەرنى ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئۇيغۇرلاشتۇردى (بۇ يەردە گەپ ئاساسەن شىنجاڭ تېررىتورىيىسىدە كېتىۋاتىدۇ). شۇنىڭ بىلەن بىرگە، يەنە ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ قالدى. مەسىلەن، شىنجاڭدا ياشىغان قەدىمقى ساكلار، توخارلار، ھۇنلار ۋە باشقا تارىملىقلارنىڭ مەدەنىيەت ئىزلىرىدىن ھازىرقى ئۇيغۇر مەدەنىيەت غەزىنىسىدە ئۆز ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ كەلگەنلىرى بار. بۇ خىل ئەھۋال شىنجاڭ خەلقىنىڭ مەدەنىيىتىنىڭ بىردەكلىكى ۋە كۆپ خىللىقىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

ئۇيغۇر خەلقى ئۆز زېمىنىدا يىپەك يولىنى ئېچىپ ۋە ئۇنى شەرق بىلەن غەربكە تۇتاشتۇرۇپ، شۇنىڭ بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەر، ھىندىستان، ۋىزانتىيە، ئىران، ئەرەب يېرىم ئارىلى قاتارلىق جايلار بىلەن ئالاقە باشلاندى. بۇ خىل ئالاقە چەتنىڭ بىر قىسىم ئىلغار مەدەنىيىتىنى ئۈزلۈكسىز تۈردە شىنجاڭغا ئېلىپ كىردى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئاشقازىنىنىڭ ھەزىم قىلىشى ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئوزۇغى ۋە قان - گۆشىگە ئايلىنىپ كەتتى. مەسىلەن، بۇددا دىنى ھىندىستاندا پەيدا بولغان بولسا، شىنجاڭدا راۋاجلانغان، شىنجاڭدا ھېچقانداق يەرگە ئوخشىمايدىغان بۇددىزىم مەدەنىيىتى بارلىققا كەلگەن.

شىنجاڭدا شەھەر - قەلئە دۆلەتلىرىنىڭ داۋاملىق بۆلۈنۈپ تۇرۇشى، بىرلىشىشى ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان كۈرەشلەرنىڭ دەھشەتلىك بولۇشىغا سەۋەب بولغان سىنىپىي كۈرەش ۋە مىللى كۈرەشنىڭ ئۆتكۈرلىكىدىن، ئوخشىمىغان سىنىپ، ئوخشىمىغان تەبىقە كىشىلىرى ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەپ، مىللى مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىنى ئاشۇرۇۋەتكەن، كەمسىندۈرگەن. تارىخى ئۇزۇن مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت غەزىنىسى مول بولىدۇ، دېموكراتىك جەۋھەرلەر ۋە فېئوداللىق شاكاللارمۇ بەك ئارىلىشىپ كەتكەن بولىدۇ، شۇڭا ئۇلارنى ئۇزۇن مۇددەت، ئەستايىدىل ئايرىپ چىقىشقا توغرا كېلىدۇ.

بىز ئالدى بىلەن ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىنىڭ ئورتاق قانۇنىيىتىنى تېپىپ چىقىشىمىز لازىم. ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت تارىخىنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى تەكشۈرىدىغان بولساق، بەزى تارماق پەنلەرنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى سېلىشتۇرۇش مۇرەككەپ ۋە قىيىن، بىز ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئۇلارنىڭ ئورتاق قانۇنىيىتىنى قەدىمقى قايسى مەخسۇس تارىخنىڭ توپلىمىدىن ئەمەس، ئۇلارنىڭ قەدىمقى مەدەنىيىتىنىڭ ئومۇمى

گەۋدىسىدىن ئىزدىشىمىز لازىم. بىز قەدىمقى مەدەنىيەت تارىخىنىڭ ئالاھىدىلىكىدىن بۇ خىل ئورتاق قانۇنىيەتنىڭ بەلگىسىنى — ھادىسىسىنى كۆرەلەيمىز. تۆۋەندە ئايرىم-ئايرىم توختىلايلى.

ۋەتەنپەرۋەرلىك — ئۇيغۇرلارنىڭ تەقدىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمقى مەدەنىيىتىنىڭ جەۋھىرىنى قويۇقلاشتۇرغان. بۇ ھەم قەدىمقى ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئېسىل ئەنئەنىلەردۇر. تارىختا شىنجاڭدىكى ھەر قايسى خەلقلەر ئارىسىدا ئۇرۇش-تالاش بولغان بولسىمۇ، بۇلار ئۆز ئارا ئالاقىلىشىش، سودا قىلىش، ئىتتىپاق تۈزۈش، توي قىلىش ھەم كەڭ كۆلەملىك ئارىلىشىپ ياشاش ۋە كىچىكرەك دائىرىدە بىرلىشىپ كېتىش قاتارلىقلار سەۋەبىدىن، تەدرىجىي يوسۇندا بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلىنىپ كەتكەن. ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكى مىللىي زۇلۇم ۋە سىنىپىي زۇلۇمغا قارشى كۈرەش قىلىشنى شەرت قىلغان. ئۇلار ئۆز ۋەتىنىگە ئەڭ قويۇق ھېسسىياتىنى ئىپادىلىگەن. ۋەتەنپەرۋەرلىك — ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي باراۋەرلىك، دوستلۇقنى تەلەپ قىلىش ئارزۇلىرى بىلەن بىردەك بولغان.

ئۇيغۇرلارنىڭ مائارىپ ئىشلىرى ھەر خىل مەدەنىي بىلىملەرنى توپلايدىغان ۋە تارقىتىدىغان غەزنە بولغان. شۇڭا مائارىپ ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىشى ياكى خاراپلىشىشى مەدەنىيەتنىڭ تۈرلۈك ساھەلىرىنىڭ گۈللىنىشى ياكى خاراپلىشىشىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسەتكەن.

ئۇيغۇرلار تارىختا دىنىنىڭ كۈچى مائارىپتا خېلى كۈچلۈك ئورۇنغا ئىگە ئىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمقى سىياسىيونلىرى، مۇتەپەككۇرلىرى ۋە خەلق ئارىسىدىكى ئۇستىلارنىڭ ھەممىسى پېداگوگلار ئىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمقى دەۋردىكى ئىلمىي ئەدىبلىرى، ئىستېتىك قاراشلىرىمۇ ئېنىق سىياسىي تۈسكە ۋە ئەخلاقىي مەنىگە ئىگە ئىدى. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا دىن بىلەن پەننىڭ مۇناسىۋىتى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىنغان، بولۇپمۇ بۇددىزىم دەۋرىدە بۇ مەسىلە مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىنغان. مەسىلەن، بۇددا ئېتىقادى ئۈچۈن ئىبادەتخانا سېلىش توغرا كەلگەنلىكتىن، بىناكارلىق تەرەققىي قىلسا، ئۇنى بۇددا ھۆرمىتىگە لايىق كۆزەللەشتۈرۈش ئۈچۈن نەققاشلىق تەرەققىي قىلدى. ساكيا مۇنى ۋە ئۇنىڭ راھىبلىرىنى تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن ھەيكەلتاراشلىق تەرەققىي قىلدى. ئۇلارنىڭ پائالىيەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئۈچۈن شەخس ۋە سيۇژېتلىق رەسىم سىزىش تەرەققىي قىلدى. بۇتلارنى نازۇك زىبۇ-زىننەتلەر بىلەن بېزەش ئۈچۈن زەرگەرلىك تېخىمۇ تەرەققىي قىلدى. شۇنىڭ بىلەن قول سانائەت، ئېغىر سانائەت ۋە دېخانچىلىق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئالغا سۈرۈلدى.

ئىسلام دەۋرىدىن كېيىن، مەدەنىيەت قاتتىق چېكىنىدى، تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز دەرىجىدە خاراپلاشتى . لېكىن ئىسلام دىنىمۇ شىنجاڭدا ئۆزىگە خاس ئىسلام ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ياراتتى .دىن بەزىدە پەنگە قارىتا ئاز - تولا تۈرتكىلىك رول ئوينىغان بولسا، بەزىدە بوغۇش رولىنى ئوينىغان، بۇنى ئايرىش لازىم .

ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىگە خاس پەلسەپە ئىدىيىسى، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمقى «تۆت زات» كۆز قارىشى بىر خىل پەلسەپىۋى سىستېما بولۇپ شەكىللەنگەن، خوشنا ئەللەرنىڭ پەلسەپىۋى ئىدىيىلىرىنىمۇ قوبۇل قىلغان .

ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمقى مائارىپىدا ھەر خىل مەدەنىيەتلەرنىڭ تەسىرى بار، ھەم بۇ ئىككى دىنىنىڭ تەسىرىمۇ،بار. شۇڭا ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمقى مەدەنىيەت تارىخى باشقا خەلقلەرنىڭ مەدەنىيەت تارىخى بىلەن ئوخشىمايدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمقى ئەدەبىيات - سەنئىتى، ھۈنەر - سەنئىتى خىلمۇ - خىل ۋە مول بولۇپ، ئۇلار «شېئىرىيەت ھەۋەسكارى» ۋە «قولى گۈل» خەلق ،دېگەن نامغا لايىق .

ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمقى مۇتەپەككۇر، سىياسىيون، ئەدىپ، سەنئەتكارلىرىنىڭ ھەممىسى كۆپ تەرەپلىك سەنئەت ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇپ، شېئىرىيەت، ناتىقلىق، رەسساملىق ، خەتتاتلىق، ئويمىچىلىق قاتارلىق ئۇنىۋېرسال سەنئەتتە مۇھىم شەرت ھازىرلىغان. مىلادىنىڭ ئالدى - كەينىدە، شىنجاڭنىڭ شەھەر قەلئەچىلىك ئىشلىرىنىڭ تەرەققى قىلىشىۋە بۇددا دىنىنىڭ كىرىپ كېلىشى بىلەن مۇزىكا، ئۇسۇل ، شېئىرىيەت، دىراما قاتارلىق ئۇنىۋېرسال سەنئەتلەرنىڭ تۈرتكىسى يېڭىدىن تاماشىچىلار ۋە سەھنە بىلەن تەمىنلىدى . ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا شېئىرىيەت ئاساسىي سالماقنى ئىگەللەيدۇ . شېئىرنىڭ تۇراق ، قاپىيە ، ۋەزىن تەرەپلىرىگە قاتتىق تەلەپ قويۇلىدۇ .

2

ماركس بىلەن ئېنگېلس «نېمىس ئىدېئولوگىيىسى» دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق دېگەن ئىدى: «... ئالدى بىلەن بارلىق ئىنسانلارنىڭ ھاياتىنىڭ بىرىنچى ئالدىنقى شەرتىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشىمىز لازىم، بۇ ئالدىنقى شەرت شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، كىشىلەر تارىخنى يارىتىش ئۈچۈن ھايات كەچۈرەلەيدىغان بولۇشى كېرەك. ھايات كەچۈرۈش ئۈچۈن بولسا ئالدى بىلەن كىيىم - كېچەك، ئوزۇق - تۈلۈك، تۇرار جاي ۋە باشقا

نەرسىلەرگە ئېھتىياج چۈشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىرىنچى تارىخىي پائالىيەت مۇشۇ ئېھتىياجلارنى قاندۇرىدىغان ماددى نەشيالارنى ئىشلەپچىقىرىشتىن يەنى ماددى تۇرمۇشنىڭ ئۆزىنى يارىتىشتىن ئىبارەت بولىدۇ. ئەينى زاماندا بۇ يەنە كىشىلەرنىڭ ھايات كەچۈرۈش ئۈچۈنلا ھەر كۈن، ھەر سائەتتە ئېلىپ بېرىش زۆرۈر بولغان (ھازىرمۇ بىر نەچچە مىڭ يىلدىن بۇرۇنقىغا ئوخشاش) بىر خىل تارىخىي پائالىيەتتى يەنى بارلىق تارىخنىڭ ئاساسىي شەرتى بولۇپمۇ ھېساپلىنىدۇ»②. ئۇنداق بولسا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى تارىخنى يارىتىش ئۈچۈن ماددى ئاساس يارىتىش يولىدا نىمىلەرنى قىلدى؟ بۇ ھەقتە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتەيلى:

## ئوۋچىلىق

ئوۋچىلىق — ئىپتىدائى ئىنسانلارنىڭ ئەڭ بۇرۇن شۇغۇللانغان ئەمگەك پائالىيەتلىرىنىڭ بىرى، شۇنداقلا مۇشەققەتلىك ۋە جاپالىق ئەمگەك. ئىنسانلار ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىتلارغىچە يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ تەھلىكىسىگە، ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، قىيىن تۇرمۇش كەچۈرۈپ كەلگەن. يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ زىيانكەشلىكى كېيىنچە ئىنسانلارنىڭ بىرلىشىپ، توپ - توپ بولۇپ، تاياق - توقماق بىلەن قارشى تۇرۇشى ئارقىسىدا قىسمەن توسالغان ئىدى. بولۇپمۇ ئىنسانلارنىڭ ناھايىتى ئۇزاق تىرىشىشى ئارقىسىدا، ئوقيانىڭ كەشىپ قىلىنىشى دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە ئىلگىرىلەش بولۇپ قالدى. ئۇلۇغ ئۇستاز ئېنگېلس بۇ نۇقتىنى ئېنىق شەرھىلەپ: «خۇددى ياۋايىلىق دەۋرىدىكى قىلىچنىڭ، مەدەنىيەت دەۋرىدىكى ئوت ئالغۇچ قوراللارنىڭ رولىغا ئوخشاشلا، ئوقيامۇ جاھالەت دەۋرىدىكى ھەل قىلغۇچ رولغا ئىگە قورال بولۇپ قالغان» ③ دەپ كۆرسىتىدۇ. شىنجاڭ ئىجتىمائى پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىدىكى خادىملار 1970 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1980 - يىل 4 - ئايغىچە، لوپنور رايونى كۆنچى دەرياسىنىڭ ئايىغىدىن بىر قەدىمقى قەۋرىستانلىقتىن 40 - 45 ياشلار ئەتراپىدىكى بىر ئايالنىڭ قۇرۇق جەسىدىنى قېزىپ ئالغان. جەسەتنىڭ بۇنىڭدىن 6474 يىل بۇرۇنقى جەسەت ئىكەنلىكى ئېنىقلاپ چىقىلدى ④. كېيىنكى تەتقىقاتلار يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ، 4000 يىلدىن ئارتۇق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. بۇ قەۋرىدىن يانا بىر تال قومۇش ئوقيانىڭ سۇنۇغى تېپىلدى. بۇ، قەدىمقى تارىملىقلارنىڭ 4000 — 6474 يىللار مۇقەددەم ئوقيا ياسىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ئوقيا ئىشلىتىش — مەرگەنلىك بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادا مەشھۇر ئىدى. جاھاننى تىترەتكەن

ماكېدۇنىيىلىك ئىسكەندەر زۇلقەرنەين (ئالېكساندىر ماكېدۇنىسكى I گىرېتسىيە يېرىم ئارىلىدىن ئوتتۇرا ئاسىياغىچە چوڭ-كىچىك نۇرغۇنلىغان دۆلەتلەرنى يېڭىپ، ھېچقانداق توسالغۇغا ئۇچرىماي غەلىبە قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئوقيانى ئالدىغا قانداق ئاتسا، ئارقىسىغىمۇ شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن ئاتىدىغان، ھېچقانداق ئوۋ قېچىپ قۇتۇلالمايدىغان ئۇيغۇرچە چەۋەندازلىرى تەرىپىدىن يېڭىلىپ، سۈلھە تۈزۈشكە مەجبۇر بولغان ئىدى ⑤. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمقى خەلق — ساكلار (ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمقى ئەجداتلىرىنى شەكىللەندۈرگۈچى خەلقلەرنىڭ بىرى) ئاتلىق ئوقيا ئېتىشنىڭ كەشپىياتچىلىرىدىن بىرى ئىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ھەقىقى ئەجداتلىرى ھىساپلانغان ھۇنلار ⑥ ئاتلىق ئوقيا ئېتىش بىلەن پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا ياكى موڭغۇل دالىسىنىڭ شىمالىدا ناھايىتى ئۇزۇن دەۋران سۈرگەن ئىدى. ھۇنلار باللىرىنى كىچىكىدىن تارتىپ قويغا مىندۈرۈپ ئوۋلىتاتتى. باللار سەل چوڭ بولغاندىن كېيىن تۈلكە، قىرغاۋۇل ئوۋلايتتى. ھۇنلاردا ئوقيا بىلەن ئوۋچىلىق قىلىش، بىر تەرەپتىن، يېمەكلىكلەرنى تېپىش رولىنى ئوينىسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ھەربى خاراكتېرگە ئىگە ئىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ مەرگەنلىك ئادىتى تا يېقىنقى كۈنلەرگىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

## بېلىقچىلىق

تارىخىي ھۆججەتلەرگە قارىغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجداتلىرىنىڭ بىر قىسمى بولغان دىڭلىڭلار ناھايىتى قەدىمقى دەۋرلەردە بايقال كۆلىنىڭ ئەتراپلىرى ھەم ئۇنىڭ غەربىي قىسىملىرىدا خېلى ئۇزاق دەۋرلەرگىچە ياشىغان بۇ نۇقتىنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللىرى ئىسپاتلاپ بەردى. سوۋېت ئىتتىپاقى ئېلان قىلغان بىر قىسىم ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، بۈگۈنكى بايقال كۆلى، يېنسەي دەرياسىنىڭ يۇقۇرى ئېقىنلىرىدا كونا تاش قورال دەۋرىدە ئىنسانلار ياشىغانلىقىغا ئائىت ئىزلار بولغان. بايقال كۆلىنىڭ ئەتراپىدىن قېزىۋېلىنغان يېڭى تاش قورال دەۋرىگە ئائىت ئىزلاردىن كۆپلىگەن سىلىقلاپ ئىشلەنگەن تاش قورال، سۆڭەك قورال، ۋاشاق، ئوقيا قاتارلىقلار قېزىۋېلىندى؛ شۇنداقلا بېلىق قارمىغى، بېلىق تورى ۋە بېلىق سانچىغۇچ (ئارا) مۇ تېپىلدى. بۇلار مىلادىدىن بۇرۇنقى 5000 - يىللاردىن 1000 يىللارنىڭ دەسلىۋىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى نەرسىلەر بولۇپ، ئەينى چاغدا ئۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ ئوۋچىلىقتىن سىرت بېلىقچىلىقتىمۇ كۆپ تەرەققى قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ ⑦.

## ئورمانچىلىق

ئوتتۇرا ئاسىيا — دۇنيادىكى مۇھىم تەبىئى ئورمان بازىسى. ئىنسانلار ناھايىتى قەدىمقى دەۋرلەردىن باشلاپلا بۇ يەردىكى ئۆسۈملۈكلەردىن تىرىكچىلىك ماتىرىيالى ئورنىدا پايدىلىنىپ كەلگەن. كېيىنچە، كىشىلەر سۈنئىي ئورمانلارنى كۆپەيتىپ، يەرلەرنىڭ قۇرغاقلىشىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالغان. ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىقلارنى كۆپەيتىشتە مۇھىم ئاساس بىلەن تەمىنلىگەن. شۇنداقلا مەخسۇس ئورمانچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشتا مۇھىم خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن، قانۇن، تەدبىرلەرنى تۈزۈپ چىققان. مەسىلەن: مىلادي 3 - ئەسىرنىڭ ئالدى - كەينىدە، تارىم ۋادىسىدا قۇرۇلغان پىشامشان دۆلىتى قوللانغان قارۇشتى يېزىقىدا، ئورمان ئاسراشقا دائىر قانۇن - پەرمانلارنى قالدۇرغان. ئۇنىڭدا: «دەرەخلەرنى قالا يىمقان كېسىش مەنئى قىلىنىدۇ»، «كىم بولۇشىدىن قەتئى نەزەر، دەرەخنى يىلتىزى بىلەن قوشۇپ كەسكۈچىلەرگە بىر ئات جەرىمانە قويۇلىدۇ»، «ئۆسۈۋاتقان دەرەخنى كېسىۋېتىشتىن ساقلىنىش كېرەك»، «ئەگەر كەسكۈچىلەر بولسا، بىرقوتاز جەرىمانە قويۇلىدۇ» [6] دېيىلگەن. بۇ، ھازىرغىچە دۇنياغا مەلۇم بولغان ئەڭ بۇرۇنقى ئورمان ئاسراش قانۇنى بولۇشى مۇمكىن. بۇنىڭ ئالدى بىلەن تارىم ۋادىسىدا مەيدانغا كەلگەنلىكى، يەر ئاستىدىن قېزىۋېلىنغان ئالا قىمدار بولغان جاينىڭ ھازىرقى لوپنور رايونىدىكى پىشامشان دۆلىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى ھەرگىز تاسادىپى ئەمەس. دەرەخ بولغاندا بوستانلىق بولىدۇ، ئىنسانلارنىڭ ياشاش، پائالىيەت ئېلىپ بېرىش مۇھىتى بولىدۇ؛ بۇنىڭ ئەكسىچە بولغاندا، كىشىلەر ئۆزىنىڭ ھايات كاپالىتىنى يوقىتىپ قويىدۇ. قەدىمقى تارىمىلىقلار ئۇزاق تەجرىبە - ساۋاقلاردىن كېيىن يۇقۇرقىدەك قانۇنلارنى تۈزۈپ چىققان.

## چارۋىچىلىق

«ئوتتۇرا ئاسىيا دۇنيادا چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنىڭ مەنبەلىرىدىن بىرى ۋە چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ قەدىمقى ماكانى بولغانلىقى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن.» [8] ئۇلۇغ ئۇستاز ف. ئېنگېلس مۇنداق دەيدۇ: «ئەڭ ئالغا كەتكەن قەبىلىلەرنىڭ بەزىلىرىدە — ئارىيىسلار ( Ariyis ) دا، سىمىتلار (Simit ) دا ۋە ئېھتىمال تۇرانلىقلار ( $\mathrm{T^{u}ran}$ ) دىمۇ — دەسلەپتە ئاساسلىق ئەمگەك — ھايۋانلارنى كۆندۇرۇپ بېقىشتىن

ئىبارەت بولغان، كېيىنكى ۋاقىتلارغا كەلگەندىلا ھايۋانلارنى كۆپەيتىش ۋە ئۇلارغا پەرۋىش قىلىش مەشغۇلاتى باشلانغان» ⑨.

كۆنچى دەرياسى ۋادىسىدىن تېپىلغان قەۋرىستانلىقلاردىن توپ-توپ ھايۋانلارنىڭ مۈڭگۈزى، سۆڭەكلىرى تېپىلدى. بۇلار ئەينى چاغدا خېلىلا كەڭ كۆلەملىك مال پادىلىرىنىڭ بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. موڭغۇل يايلاقلىرىدا ياشايدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمقى ئەجداتلىرى، ھۇنلار ۋە ئاسىيادىكى ساكلار (تىگرا خۇلار) چارۋىچى خەلق بولۇپ، ئات ئۆستۈرۈشكە، ئاتلىق جەڭ قىلىشقا ماھىر ئىدى. خەنزۇچە ۋە گرېكچە قەدىمقى تارىخىي ھۆججەتلەردە، ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ قان-قېرىنداشلىرىنىڭ «ئوتلاق، سۇ قوغلىشىپ كۆچۈپ يۈرىدىغانلىقى» يەنى چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقى، گۆش، سۈت، قىمىزنى ئاساسىي ئوزۇقلۇق قىلىدىغانلىقى ئېيتىلغان. شىنجاڭ ئېتى قەدىمدىنلا مەشھۇر ئىدى. «دۇلدۇل» دەپ ئاتالغان ئات مىلادىدىن بۇرۇنلا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى كىشىلەرنى مەپتۇن قىلغان. ئۇلار بۇ ئاتلارغا «ئىلاھىي ئات» (天马) دەپ نام بەرگەن ئىدى.

تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى مەشھۇر ئات سودىسىنىڭ ئەھۋالىدىن چارۋىچىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ موڭغۇل دالىسىدىكى جەمئىيىتىدە قانداق تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەنلىكىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. بۇ چاغلاردا ئۇيغۇرلار باققان ئات ئېسىل نەسىللىك ئاتلاردىن بولۇپ، «ئۇيغۇر ئېتى» (回纥马) دېگەن ئاتالا ھىدە ئىسىم بىلەن مەشھۇر ئىدى. «يېڭى تاڭنامە»، «كونا تاڭنامە» «ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» دىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئەينى چاغلاردا تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئات سودىسى بەك قىزىپ كەتكەن بولۇپ، ھەر يىلى ئۇيغۇرلار ئىچكىرىگە 100 مىڭ تۇياق ئات ساتقان. ھەر بىر ئاتنىڭ باھاسى بىر توپ تاۋار بولۇپ، ئاخىرى تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بىر مىليون 800 مىڭ توپ تاۋارغا قەرزدار بولۇپ قالغان.

چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ ئەقلىي ۋە جىسمانىي ئىقتىدارىنىڭ بۇرۇنراق يېتىلىدىغانلىقى ھەققىدە توختىلىپ، ئۇلۇغ ئۇستاز ف. ئېنگېلس مۇنداق يەكۈننى چىقارغان: «ئېھتىمال، ئارىيىسلار بىلەن سىمىتلارنىڭ چاپسان يېتىلىشى بۇ ئىككى ئىرقنىڭ گۆش ۋە سۈتنى كۆپ ئىستېمال قىلغانلىقىدىن ۋە گۆش بىلەن سۈتنىڭ خۇسۇسەن باللارنىڭ ئۆسۈشىگە ناھايىتى ياخشى تەسىر قىلغانلىقىدىن بولسا كېرەك. ھەقىقەتەن، ئۆسۈملۈك ئوزۇقى بىلەنلا دېگۈدەك قوساق تويغۇزىدىغان يېڭى مېكسىكا پۇئىبلو (Poiblo) ھىندىلىرىنىڭ مېڭىسى ياۋايىلىقنىڭ تۆۋەنكى باسقۇچىدا تۇرغان ۋە لېكىن گۆش بىلەن بېلىقنى كۆپرەك يەيدىغان ھىندىلارنىڭ مېڭىسىگە قارىغاندا كىچىكرەك» ⑩. ئىنسا-

لارجەمىيىتىدىكى تۇنجى قېتىملىق چوڭ ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتىمۇ كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ باشقا ياۋايىلاردىن بۆلۈنۈپ چىقىشى بىلەن بارلىققا كەلگەن» ⑪.

دېمەك، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمقى دەۋرلەردىلا مەدەنىيەتكە قەدەم قويۇشىمۇ مانا مۇشۇنداق چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشى، گۆش، ياغ، سۈت، قىمىز ئىستېمال قىلىدىغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك.

## ئالماشتۇرۇش ۋە سودا

ئىنسانلارنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى ئالماشتۇرۇش پائالىيەتلىرى تۇنجى قېتىم چارۋىچى مىللەتلەر ئارىسىدا باشلانغان. «چۈنكى كۆچمەن چارۋىچىلار قەبىلىسى ئىشلەپچىقارغان تۇرمۇش بۇيۇملىرى باشقا ياۋايىلارنىڭكىدىن كۆپ بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بۇ تۇرمۇش ۋاستىلىرىنىڭ تۇرىمۇ بىر بىرىگە ئوخشىمايتتى. ئۇلاردا باشقا ياۋايىلارغا قارىغاندا خېلى كۆپ سۈت ۋە گۆش - ياغ بولاتتى. شۇنىڭدەك يۇڭ، تېرە ۋە تەۋىتىمۇ بولاتتى. خام ئەشيانىڭ كۆپىيىشى بىلەن توقۇلما بۇيۇملارمۇ بارا - بارا كۆپەيدى. بۇنىڭ بىلەن مۇنتىزىم يوسۇندا داۋاملىشىپ بارىدىغان ئالماشتۇرۇشقا تۇنجى قېتىم ئىمكانىيەت تۇغۇلدى» . ⑫

دېمەك، چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا راۋاج تېپىشى ئىنسانىيەت جەمىيىتىنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى زور ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتىنى پەيدا قىلىپ، قول ھۈنەرۋەنچىلىكى ۋە ئالماشتۇرۇش، سودا ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشى ھەمدە ئىنسانلارنىڭ مەدەنىي جەمىيەتكە قەدەم قويۇشى ئۈچۈن شارائىت يارىتىپ بەردى.

ئالماشتۇرۇشنىڭ تەرەققىياتى سودا ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈردى. يۇقۇرقى مۇلاھىزىگە قارىغاندا، ئەڭ بۇرۇنقى سودا ئىشلىرى چارۋىچى كۆچمەن خەلقلەر ئارىسىدا، جۈملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيادا بارلىققا كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. كېيىنكى چاغلاردا «بىرونزا يولى» ۋە «يىپەك يولى» مۇ چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ پائالىيەت دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشى ۋە سودا ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ ۋۇجۇتقا كەلگەن.

سودا پائالىيىتى، قەدىمقى زاماندا ھەممىلا يەردە مەدەنىيەت تارقاتقۇچى ۋاستە بولۇپ كەلگەن. شۇڭا ئوتتۇرا ئاسىيا «يىپەك يولى» نىڭ مەركىزى بولغاچقا، «دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ تۆت كوچا ئېغىزى» دەپمۇ ئاتالغان. شەرق بىلەن غەرپنىڭ مەدەنىيىتى

بىر بىرىگە ئۆتۈشۈش جەريانىدا، مانا مۇشۇ يەردە ئۇچراشقانلىقتىن، بۇ يەردىكى قەدىمقى، يەرلىك مەدەنىيەت بىلەن بىرلىشىپ، قەدىمقى زامان ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە راۋاجلىنىشىنى ئالغا سۈرگەن. شىنجاڭ خەلقى خېلى بۇرۇنقى دەۋرلەردىلا ئالماشتۇرۇش پائالىيەتلىرىنى باشلىغان.

ئىچكى ئۆلكىلەردىن شاڭ، يىن سۇلالىلىرىنىڭ ئوردىلىرىدا قاش تېشى بۇيۇملىرى ئىشلىتىلگەنلىكىگە ئائىت ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلار تېپىلدى⑬. قاش تېشى ئاساسەن شىنجاڭنىڭ خوتەن رايونىدىن چىققانلىقى ھەممىگە ئايان. دېمەك، شۇ چاغدىن تارتىپلا شىنجاڭ خەلقى قاش تېشى بۇيۇملىرىنى ئالماشتۇرۇش ئورنىدا ئىشلىتىشكە باشلىغان.

## يېزا ئىگىلىكى

ئوتتۇرا ئاسىيادا دېھقانچىلىق ئىشلىرى ئۇزاق قەدىمقى زاماندىلا راۋاج تاپقاق، ئۇلۇغ ئۇستاز ف. ئېنگېلس مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن ئىدى: «تۇران تۈزلەڭلىكىنىڭ ھاۋا شارائىتىدا، ئۇزاق ۋە قاتتىق سوغاق بولىدىغان قىش پەسلىدە لازىم بولىدىغان يەم - خەشەك زاپىسىنى تەييارلىماي تۇرۇپ، كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشىنى كەچۈرۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى، شۇڭا بۇ يەردە ئوت - چۆپ يېتىشتۈرۈش ۋە ئاشلىق تېرىش زۆرۈر شەرت بولۇپ قالدى ... ئاشلىق دەسلەپتە ئۆي ھايۋانلىرىنىڭ يېمى تەرىقىسىدە تېرىلدى، ئۇزاق ئۆتمەيلا ئىنسانلارنىڭمۇ يېمەكلىكى بولۇپ قالدى» ⑭.

شىنجاڭدا، ئىپتىدائىي جەمىيەت باسقۇچىدىلا دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بولغان، مۇتلەق دەۋرى 4000 — 6000 يىللار ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ.

بۇغداي — بۇرۇن ئىراندىن شىنجاڭغا كەلگەن دەپ قارىلاتتى. كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، بۇ خىل قاراشلار تازا پۇت تىرەپ تۇرالماي قالدى، يەنى 4000 يىل بۇرۇنلا بۇغداي شىنجاڭدا تېرىلغان. بۇ جايدىن تېپىلغان بۇغداي مەملىكەت بويىچە ئەڭ بۇرۇن ئۆستۈرۈلگەن بۇغداي ئەۋرىشكىسى، ... مەملىكەت بويىچە شىنجاڭدا بۇغداي ئەڭ بۇرۇن ئۆستۈرۈلگەن بولۇشى مۇمكىن. بۇ، شىنجاڭ خەلقىنىڭ بىر ئۇلۇغ تۆھپىسى». ⑮

تېرىق شىنجاڭنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتى بولۇپ، بۇ يەردە 3000 يىل بۇرۇنلا تېرىق تېرىلغان. چوڭگۇن، ئاق قوناق، ئارپا قاتارلىقلارمۇ شىنجاڭدا بۇرۇنلا تېرىلغان،

كېيىنكى تېرىش شىنجاڭدا ئۇزاق تارىخقا ئىگە. نىيە ناھىيىسىدە شەرقىي خەن دەۋرىگە ئائىت قەۋرىلەردىن پاختا رەختلەر چىققى.

كەندىر — 4000 — 6400 يىل بۇرۇن شىنجاڭدا ئۆستۈرۈلگەن .

قوغۇن - شىنجاڭنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتى. لى شاۋخاڭ يازغان «ئامانلىق تەپسىلى خاتىرىلىرى» دە مۇنداق دېيىلىدۇ: «خەن دەۋرىنىڭ نۇرلۇق خانى ئىسىل زات ئىنتايىن شېرىن قوغۇن يەپ چۈش كۆرگەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا قوغۇن تارتۇق قىلىندى. ئۇ - 穹隆 دەپ ئاتىلاتتى.» خەن شاۋفاڭنىڭ تەتقىقاتىغا قارىغاندا، بۇ خەتنىڭ ئوقۇلۇش ئاھاڭى ئۇيغۇرچىدىكى «قوغۇن» دېگەن سۆزگە يېقىن كېلىدىكەن. ئامېرىكىلىق لوفېر (LOFER) «جۇڭگو - ئىران توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسىدا: «قومۇل قوغۇنى دېگىنى، ئېھتىمال، قوغۇننىڭ بىر خىل سورتى بولۇشى مۇمكىن، ئۇنى ئۇيغۇرلار قوغۇن (kOgün) دەپ ئاتايدۇ» دەپ يازغان. دېمەك، «穹隆» نىڭ قوغۇن ئىكەنلىكى ئېنىق. بۇنىڭدىن شىنجاڭ قوغۇنىنىڭ مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 2 - ئەسىردىلا ئىچكىرىگە تارقالغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ [15].

يۇقۇرقىلاردىن باشقا، شىنجاڭدا زىغىر، ئۈزۈم، چىلان، ياڭاق، ئامۇت، ئەينۇلا، شاپتۇل، ئۈرۈك، بىدە قاتارلىقلارمۇ قەدىمقى دەۋرلەردىلا ئۆستۈرۈلگەن. خەن سۇلالىسىدىن كېيىن بىدە، ئۈزۈم، پاختا، قوغۇن، ياڭاق، سامساق، يۇمغاقسۈت، پۇرچاق، ئانار، تەرخەمەك، سەۋزە، پالەك قاتارلىقلار ئىچكى ئۆلكىلەرگە كىرگەن.

## قول ھۈنەرۋەنچىلىك

شىنجاڭدا قول ھۈنەرۋەنچىلىك قەدىمقى دەۋرلەردىلا باشلانغان. بۇ يەردىن كونا تاش قورال، يېڭى تاش قورال دەۋرىگە ئائىت كۆپلىگەن مەدەنىي يادىكارلىقلار تېپىلدى. قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ تۈرىمۇ خىلمۇ - خىل ئىدى.

يولداش ۋاڭ بىڭخۇا: «بۇنىڭدىن بۇرۇنقى 4000 - يىللاردا شىنجاڭدا ئۆزىگە خاس يەرلىك مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ئۇلۇغ مەدەنىيەت يارىتىلغان»، «بۇ دەۋرنىڭ مەدەنىي يادىكارلىقلىرى باشقا ھېچقانداق مەدەنىيەتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمايدۇ». «بۇ جايدىن تېپىلغان پالاس، شەك - شۈبھىسىزكى، مەملىكىتىمىز بويىچە ئەڭ بۇرۇن ئىشلەنگەن گىلەم ئەۋرىشكىسى»، «ئاسىيا بويىچە بۇ جايدا ئەڭ بۇرۇن كىگىز ئىشلەپچىقىرىلغان» [16] دەيدۇ.

ئۆتتۈك ھەققىدە مېكوۋىن ئۆزىنىڭ «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمقى دۆلەتلەر تارىخى» دىگەن كىتاۋىدا ئاللىقاچان توختىلىپ ئۆتكەن ۋە «ئىلى ۋادىسى، ھىندى ۋادىسى، دىگىرىس يۇخارادىس ۋادىسى، شۇنىڭدەك خۇاڭخې ۋادىسىدىكى رايونلاردا ياشىغان قەدىمقى كىشىلەر ياغاچتىن ئىشلەنگەن كەشلەرنى كىيەتتى، تېرىدىن ئىشلەنگەن ئۆتتۈك كىيمەيتتى، ئۆتتۈك ئاسىيانىڭ. بولۇپمۇ شىنجاڭنىڭ ئەنئەنىۋى مەھسۇلاتى» دەپ يەكۈن چىقارغان ⑰. شىنجاڭنىڭ كىگىز چىلىك ئىشلىرىمۇ 4000 — 6400 يىللار بۇرۇن باشلانغان. مۇشۇ دەۋرلەردە ئاددى توقۇمىچىلىق، سېۋەت توقۇش ئىشلىرى بولغان. 1981 - يىلى بارىكۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسىدىكى كۇيسۇ گوڭشېسىدىن تېپىلغان 3100 يىلدىن ئىلگىرىكى قەدىمقى قەۋرىگاھلىقتىن يىپەك توقۇلما بۇيۇملار چىقتى، بۇ، قەدىمقى گرېك ۋە رىملىقلارنىڭ شىنجاڭنىڭ «SreG» ( يىپەك ئېلى ) دەپ ئاتىغانلىقىنىڭ ئاساسسىز ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاشقا ياردىمى بولىدۇ.

رەڭلىك ساپاللار مىلادىدىن جەق بۇرۇنلا شىنجاڭدا بارلىققا كەلگەن. يۇقۇرقىلاردىن باشقا كۆپلىگەن قول ھۈنەرۋەنچىلىك مەھسۇلاتلىرى شىنجاڭدا بارلىققا كېلىپ ئەتراپقا تارالغان.

⑮

## يول ۋە قاتناش

يول ۋە قاتناش — ئىنسانىيەت تەرەققىياتىدىكى مۇھىم نەرسە. ئىپتىدائى قاتناش ئومۇمەن ئىنسانلار جەمىيتى بىلەن بىرگە بارلىققا كەلگەن. ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقى تەرەققىيات مۇساپىسىنى يول ۋە قاتناشتىن باشلىغان بولۇشى مۇمكىن.

ئىنسانلارنىڭ ھەقىقى قاتناش تارىخى ئۈستىدە مۇلا ھىزە يۈرگۈزسەك، قاتناش قوراللىرى بىلەن رەسمى، ھەقىقى قاتناش تارىخى دەۋرىگە قەدەم قويغىلى تەخمىنەن 4000 يىل بولغان.

ئامېرىكىلىق ئىساك ئاسىمۇپ «قاتناش ئىنقىلاۋى» دىگەن ماقالىسىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئات - ئۇلاقتىن قاتناش قورالى سۈپىتىدە پايدىلىنىش تەخمىنەن مىلادىدىن 2000 يىل بۇرۇن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، 4000 يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بىرى ئات قۇرۇقلۇقتىكى ئاساسلىق قاتناش قورالى بولۇپ كەلدى ... 20 - ئەسىردىن بۇرۇن گەرچە پار ماشىنىسى ۋە بېنزىن بىلەن ھەركەتلىنىدىغان ،ئاتسىز ھارۋا، ياكى «ئاپتوماتىك ھارۋا» لار مەيدانغا كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ۋاقىتلاردا بۇ خىل ئۇلاق كۈچى ئىشلىتىلمەيدىغان «ھارۋا» لار قاتناش قورالى بولماستىن،

بەلكى پۇلدارلارنىڭ كۆڭۈل ئاچىدىغان يېڭى ۋاستىلىرىدىن ئىبارەت ئىدى» ⑱.

خەنزۇچە تارىخىي ھۆججەتلەرگە قارىغاندا، تۇرپان ئويمانلىقىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجداتلىرىنى مىلادىدىن بۇرۇن «ھارۋا ئۇستىلىرى» (车师) دەپ يازغان. بۇ ھەم ناھايىتى ئۇزۇنغىچە مىللەت نامى قىلىپ قوللىنىلغان. «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» دە: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجداتلىرى ھۇنلاردۇر، ئۇلار ئېگىز چاقلىق ھارۋىلاردا يۈرگەنلىكى ئۈچۈن، يۈەن ۋېي دەۋرىدە ئېگىز ھارۋىلىقلار (高车) دەپ ئاتالغان» دېيىلگەن. «ئوغۇز نامە» دە ئوغۇز خانىنىڭ ھارۋا ياسىغان ئۇستىغا «قانقۇلۇق» دەپ ئىسىم قويغانلىقى ئېيتىلغان. قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدا ھارۋىنى «قانقا» دەپ ئاتايتتى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجداتلىرى ئۆزلىرى ياسىغان ھارۋىلار بىلەن قاتناشنى راۋاجلاندۇرۇشتا مۇھىم تۆھپە قوشتى.

## ئولتۇراق تۇرمۇش

ئالماشتۇرۇش، سودا، يېزا ئىگىلىكى، قول ھۈنەرۋەنچىلىك قاتارلىقلارنىڭ ئۈزلۈكسىز بارلىققا كېلىشى ۋە راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، شىنجاڭ خەلقى 4000 - 6400 يىل بۇرۇن ئولتۇراق تۇرمۇشقا كۆچۈشكە باشلىغان. چۈنكى دېھقانچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئاساسەن مۇھىم تۇرمۇش ئاساسىدا ئورۇنلىنىدىغان ئەمگەك پائالىيىتى.

پروفېسسور ئا. ف. ياكوۋسكى «9 - 10 - ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر ھەم تۇرپان قەبىلىلىرى توغرىلىق ئەرەب ۋە پارس ھۆججەتلىرى» دىگەن ماقالىسىدا مۇنداق يازىدۇ: «... ئۇلارنىڭ (ئۇيغۇرلارنىڭ) كۆپچىلىك قىسمى باشقا تۈركى تىلدا سۆزلىشىدىغان، ئاۋالراق ئولتۇراق ھالەتكە كۆچۈپ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان ... خەنزۇ قەبىلىلىرى بىلەن ماۋارا ئۇننەھر ئارىلىقىدا ياشىغۇچى خەلقلەر ئارىسىدا ئەڭ مەدەنىيەتلىك خەلقلەر بولۇپ كەلدى.»

سودا ۋە يېزا ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىش ئۇيغۇرلارنى مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ ياشاشقا مەجبۇر قىلغان ئىدى. كېيىنچە بازار ۋە شەھەرچىلەر شەكىللىنىشكە باشلىدى. بۇلار ئەلۋەتتە ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائى كوللېكتىۋنى تېخىمۇ زىچلىققا يۈزلەندۈرەتتى. ئىجتىمائى ھەمكارلىق تېخىمۇ كۈچەيدى. ئۆز ئارا تەسىر مەدەنىيەتنىڭ يۈكسىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشى تۇرغان گەپ ئىدى.

ئىزاھلار:

① «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 1 - قىسىم، 237 - بەت.

② ئېنگېلس: «ئائىلە، خۇسۇسى مۈلۈك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى»، 34 - بەت.

③ « خەلق گېزىتى» نىڭ 1981 - يىل، 2 - ئاينىڭ 17 - كۈنىدىكى سانى، 1 - بەت.

④ مەھمۇت قەشقىرى: «تۈركى تىللار دىۋانى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى، 1 - توم، 151 -بەت.

⑤ سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى، موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى ئىلمىي كومىتېتى تۈزگەن «موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئومۇمى تارىخى»، پەننەشرىياتى 1956 - يىل ، خەنزۇچە نەشرى، 41 - 46 - بەتلەر؛ جۇۋېيجۇ: «چېلى ۋە روزەنلەر»، شائخەي خەلق نەشرىياتى، 1983 - يىل نەشرى، 10 - بەتكە ئېلىنغان سىتات.

⑥ ۋاڭ بىڭخۇا: «مەملىكىتىمىزدىكى ئەڭ بۇرۇنقى ئورمانچىلىق قانۇنى»، «شىنجاڭ گېزىتى» خەنزۇچە، 1982 - يىل 2 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، 3 - بەتكە قاراڭ.

⑦ ۋاڭ جىژلەي : «ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ھەققىدىكى تەتقىقات»، « شىنجاڭ ئىجتىمائى پەنلەر تەتقىقاتى» (ئىچكى سان)، 1983 - يىل، 3 - سان.

⑧ ف . ئېنگېلس: «ئائىلە، خۇسۇسى مۈلۈك ، دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى »، ئۇيغۇرچە نەشرى، 275 - بەت.

⑨ ف. ئېنگېلس: «ئائىلە، خۇسۇسى مۈلۈك ، دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 38 - بەت.

⑩ ف . ئېنگېلس: « ئائىلە ، خۇسۇسى مۈلۈك ، دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى »، ئۇيغۇرچە. 275 - بەت.

⑪ ف. ئېنگېلس : »ئائىلە، خۇسۇسى مۈلۈك ، دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى »،بەت،ئۇيغۇرچە.

⑫ ۋاڭ بىڭخۇا: «غەربىي خەن دەۋرىدىن ئىلگىرىكى شىنجاڭ بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىنىڭ تارىخىي مۇناسىۋىتى توغرىسىدا ئىزدىنىش»، «شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژورنىلى » خەنزۇچە، 1984 - يىل، 4 - سان، ئىجتىمائى پەن قىسمى .

⑬ . ئېنگېلس : «ئائىلە، خۇسۇسى مۈلۈك، دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 277 - بەت.

⑭ قۇربان ۋەلى: «شىنجاڭ خەلقىنىڭ تارىخىي تۆھپىلىرىدىن تۆت تامچە» «شىنجاڭ ياشلىرى». 1984 - يىل، 2 - سانىغا كەلتۈرۈلگەن نەقىل.

⑮ ۋاڭ بىڭخۇا: « كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى قەدىمقى قەۋرىلەرنىڭ قېزىلىش ئەھۋالى ۋە بۇ جەھەتتىكى دەسلەپكى مۇلاھىزە»

⑯ فەن شاۋ خاڭ: «شىنجاڭ قوغۇنىنىڭ پەيدا بولۇش تارىخى ۋە ئۇنى ئۆس-

( داۋامى 112 - بەتتە )

# ئاتاقلىق ئالىم مەھمۇت قەشقەرى ۋە مىللەتشۇناسلىق توغرىسىدا

## «تۈركى تىللار دىۋانى» نىڭ 1- تومىنى ئوقۇغاندىن كېيىن

ئابدۇرېھىم ھەبىبۇللا

«تۈركى تىللار دىۋانى» (تۆۋەندە قىسقارتىپ «دىۋان» دېيىلىدۇ) نىڭ 1- تومىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، بىزنىڭ تەپەككۇر دۇنيايىمىزدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا ئەسىرگە ئائىت بىر پۈتۈن ئىجتىمائى ھاياتىنىڭ مەنزىرىسى شەكىللىنىدۇ. بىر مىللەتنىڭ تارىخىنى ئۆگىنىش - تەتقىق قىلىشتا، شۇ مىللەتنىڭ ئەجداتلىرى ياشىغان تارىخىي دەۋرلەرگە ئالاقىدار قازما - يازما يادىكارلىقلارغا ۋە مۇناسىۋەتلىك خاتىرىلەرگە مۇراجىئەت قىلماي مۇمكىن ئەمەس. «قۇتادغۇبىلىك» ۋە «دىۋان» ئۇيغۇر ۋە تۈركى تىلدا سۆزلىشىدىغان باشقا خەلقلەرنىڭ ئوتتۇرا ئەسىرگە ئالاقىدار بىر پۈتۈن ئىجتىمائى قىياپىتى توغرىسىدا مەلۇمات بېرىلگەن يازما يادىكارلىقلار ئىچىدە، زامانىمىزغا يېتىپ كەلگەن مەزمۇنغا باي، مۇكەممەل يادىكارلىقلاردىن بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.[1]

مەھمۇت قەشقەرى بىلەن زامانداش يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز ئەسىرى «قۇتادغۇ بىلىك» تە ئۇيغۇر ۋە تۈركى تىلدا سۆزلىشىدىغان باشقا خەلقلەرنىڭ 11- ئەسىرگە ئائىت بىر پۈتۈن ئىجتىمائى قىياپىتىنى تىل سەنئىتىنىڭ تاجىسى بولغان شېئىرىيەت ۋاستىسى بىلەن يورۇتۇپ بەرگەن بولسا، ئاپتور ئۆز ئەسىرى «دىۋان» دا لۇغەتچىلىك ۋاستىسى بىلەن ناھايىتى ئىخچام، ئوبرازلىق قىلىپ يورۇتۇپ بەرگەن.

بۇ ماقالىدا، «دىۋان» نىڭ 1- تومىنى ئوقۇغاندىن كېيىن ئالغان دەسلەپكى تەسىراتىمىز ئاساسىدا، «دىۋان» نىڭ تىلشۇناسلىقتا ئالەمشۇمۇل كاتتا بىر ئەسەر بولۇشى بىلەن تەڭ مىللەتشۇناسلىق ساھەسىدىمۇ بىزنىڭ ئۆگىنىشىمىز - ئىزدىنىشىمىز ئۈچۈن زۆرۈر بولغان قىممەتلىك بىر ئەسەر ئىكەنلىكى، ئۆز نۆۋىتىدە ئاپتورنىڭ كاتتا بىر مىللەتشۇناس ئىكەنلىكى توغرىسىدىلا ئۆزەكى مۇلاھىزە يۈرگۈزىمەن.

## 1

ئاپتور «دىۋان» نىڭ كىرىش قىسمىدىلا تۈركىي قەبىلىلەر توغرىسىدا توختىلىپ: «تۈركلەر ئەسلى يىگىرمە قەبىلىدۇر ... ھەر بىر تۈرك قەبىلىسىنىڭ بىر مۇنچە ئۇرۇقلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ سانى ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ ئۆزىگىلا مەلۇم. مەن بۇلاردىن ئاساسىي ۋە ئانا قەبىلىلەرنىلا يازدىم. ئۇرۇق - ئايماقلىرىنى تاشلىدىم. كىشىلەردە ئوغۇز تۈركمەنلىرىنى بىلىشكە ئېھتىياج بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇلارنىڭلا ئۇرۇقلىرىنى، ماللىرىغا باسىدىغان تامغىلىرىنى كۆرسەتتىم» ① دەيدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئۇلاپلا يىگىرمە قەبىلىنىڭ نامىنى بىر - بىرلەپ كۆرسىتىدۇ. تېكىست قىسمىدا، ئوغۇز تۈركمەنلىرىنىڭ يىگىرمە ئىككى ئۇرۇغىنىڭ نامىنى ۋە يىگىرمە بىرىنىڭ ماللىرىغا باسىدىغان تامغىلىرىنى شەكلى بويىچە كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ.

ئاپتور ئۆز ئەسىرىنىڭ كىرىش قىسمىدىلا قەبىلىلەرنىڭ نامىنى تېكىستتە، بەزى قەبىلىلەرنىڭ ئۇرۇقلىرى بىلەن چارۋا ماللىرىغا تامغا بېسىشتەك ئادەتلىرىنى ۋە تامغا شەكىللىرىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتۈشى بىزنى تولىمۇ قىزىقتۇرىدۇ، ئۇنى ھەرگىز ئاددىي تونۇشتۇرۇش دەپ قارىيالمايمىز، بەلكى «دىۋان» نىڭ ئۇيغۇر ۋە تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ ئېتنىك قاتلام ۋە مىللەت جەھەتتىكى خۇسۇسىيەتلىرىمۇ تونۇشتۇرۇلغان مىللەتشۇناسلىققا ئائىت بىر زور ئەسەر ئىكەنلىكى توغرىسىدا بېرىلگەن بىشارەت دەپ قارايمىز. ئاپتورنىڭ بۇ ساھەدىكى يۈكسەك ماھارىتى «دىۋان» نىڭ 1 - تومىدا. سۆزلەم ئورنىدا بېرىلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا ئەسىرگە ئائىت ئىشلەپچىقىرىش، پۇل مۇئامىلە، سودا - سېتىق؛ ھاكىمىيەت دەرىجىلىرى، سىنىپىي تەبىقە، قانۇن، ھەربىي تۈزۈم، ھەربىي تاكتىكا قاتارلىق ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تۈزۈمگە ئالاقىدار سۆز - ئاتالغۇلار (بۇ نۇقتىلار مەخسۇس تەتقىقات تېمىسىغا مەنسۇپ، ئەلۋەتتە) دىن باشقا، ئىجتىمائىي ئەخلاق، ئەدەبىي - سەنئەت شەكلى قاتارلىق مەنىۋى تۇرمۇش پائالىيىتى؛ يېمەك - ئىچمەك، كىيىنىش - ياسىنىش، ئولتۇرۇش - قوپۇش قاتارلىق ماددىي تۇرمۇش پائالىيىتى شەكلى قاتارلىق مىللىيەت جەھەتتىكى خۇسۇسىيەتلىرىنى ئەكس ئېتىدىغان سۆز ئاتالغۇ، بۇيۇملار ناملىرىدا ۋە ئۇلارنىڭ ئىزاھىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

① «دىۋان» ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 - توم، كىرىش قىسمى، 38 - 37 - بەتلەر.

# شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى چەتئەللەر بىلەن ئىلمىي ئالماشتۇردى



چېن خۇا فرانسىيەدىكى
زىيارەت مەزگىلىدە پارىژ شەھرىنى
ئېكسكۇرسىيە قىلدى.



چېن خۇا پارىژ شەھرىنىڭ
زەپەر دەرۋازىسى ئالدىدا.



ئابدۇشۈكۈر تۇردى خەلقارا تۈركىي تىل سىستېمىسىدىكى مەملىكەتلەر-
نىڭ 2 - قېتىملىق فولكلور سەمىنارىدا يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلماقتا.



ئابدۇشۈكۈر تۇردى تۈركىيەدە چەتئەللىك ئالىملار بىلەن ئېكى شەھىرىنى
ئېكىسكۇرسىيە قىلماقتا.



مۇشۇنىڭ بىلەن ئامىنە غاپپار پاكىستاندا ئېچىلغان خەلقارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتى.



مۇشۇنىڭ بىلەن ئامىنە غاپپار پاكىستاندىكى بۇزكالا قەدىمقى بۇددا ئىبادەتخانىسىنىڭ خارابىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىۋاتقا.



مۆشۆنىڭ. ئامىنە غاپپارلار گوللاندىيىلىك ئالىملار بىلەن بىللە.



مۆشۆنىڭ بىلەن ئامىنە غاپپار شاتىردىكى بۆددا دىنىغا ئائىت تاش سۆرەت-
لەرنى ئېكىسكۇرسىيە قىلغاندا تارتقان سۆرەت.

«مىللەت ئادەملەرنىڭ ئۇزاق ۋە دائىم بىر بىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ تۇرۇشى، نەسىلدىن-نەسىلگە بىلله ياشىشى نەتىجىسىدىلا شەكىللىنىدۇ...»*. دېمەك، بىر مىللەتنىڭ مىللىيەت جەھەتتىكى خۇسۇسىيەتلىرى تارىختىكى مەلۇم ئىنسانلار توپىنىڭ، يەنى شۇ مىللەتنىڭ ئېتنىك قاتلىمى تەركىۋىدىكى ئۇرۇق-ئايماق، قەبىلىلەرنىڭ ئورتاق بىر ماكان دائىرىسىدە ئۇزۇنغىچە ئالاقىلىشىپ، بىرلىشىپ ياشىشى نەتىجىسىدە، ھەر قايسى تارىخىي باسقۇچلاردىكى تۇرمۇش شارائىتى، يەنى ماددى-مەنىۋى تۇرمۇش پائالىيەتلىرى ئاساسىدا تەدرىجى شەكىللەنگەن. بىر مىللەتنىڭ ھازىرقى مەۋجۇت مىللىيەت جەھەتتىكى خۇسۇسىيەتلىرى ئەنە شۇ خۇسۇسىيەتلەرنىڭ راۋاجىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ خۇسۇسىيەتلەر مەلۇم بىر مىللەتنىڭ مىللەت بولۇپ شەكىللىنىشىدىكى مەركەزلىك پەرقلىرىدىن بولۇپ سانىلىدۇ.

تارىختىكى مەلۇم ئىنسانلار توپىنىڭ تىل، تۇرمۇش، جۇغراپىيە شارائىتى ۋە ئۇرۇق-ئايماق، قەبىلە مۇناسىۋەتلىرى جەھەتتە مەلۇم ئورتاقلىقتا ئىگە بولغاندا شەكىللەنگەن مىللىيەت جەھەتتىكى خۇسۇسىيەتلىرىمۇ مەلۇم ئورتاقلىقتا ئىگە بولىدۇ. مەسىلەن، ئوغۇز تۈركمەنلىرىدىكى چارۋا ماللارغا تامغا بېسىش ئادىتى تۈركى تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ ھەممىسىگە دېگىدەك ئورتاق ئادەت. ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز قاتارلىق قېرىنداش مىللەتلەردە تا يېقىنقى زامانلارغىچە ھەر جايدا، ھەر كىشى ئۆز ئالدىغا مەلۇم شەرتلىك بەلگە بىلەن چارۋا ماللىرىنىڭ قولا قلىرىغا ئەن سېلىش، ساغرىسىغا ياكى قاشىرىغا تامغا بېسىش ئادەتلىرى ساقلىنىپ كەلگەن ئىدى. دەرۋەقە، بۇ — تۈركى تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ ئۇزاق تارىخىي ئۆتمۈشتىكى كۆچمەنلىك دەۋرىدە شەكىللەنگەن ئادەتلىرىنىڭ داۋامى. يالغۇز مۇشۇنداق تامغا-بەلگىلەرنىڭ ئۆزىلا مىللەتشۇناسلىقتا مەخسۇس تەتقىق قىلىنىدىغان بىر ساھە. بىز تامغا-بەلگىلەرنىڭ شەكلىدىن، بىرىنچىدىن، ئۇلارنىڭ شەكىللىنىش جەريانىنى ئۆگەنسەك، ئىككىنچىدىن، ئۇلارنىڭ شەكلىگە قاراپ شۇ مىللەتنىڭ ئۇزاق تارىخىي ئۆتمۈشتىكى ئىقتىسات-ئادەتلىرىنىڭ مۇناسىۋەت تەسىرلىرىنى، ھەتتا ئۇلارنىڭ يېزىق (قەدىمقى يېزىقى بارلارنىڭ) شەكلىنىڭ ئۆزگىرىشلىرىنىمۇ ئۆگىنەلەيمىز. مەسىلەن، ئوغۇز تۈركمەن ئۇرۇقلىرىدىكى، بەزى تامغا شەكىللىرىنى كۈن ۋە مەلۇم بىر خىل قۇشنىڭ شەكلى دەپ پەرەز قىلىشقا، بۇ ئارقىلىق تۈركى قەۋمىلىرـ

* ستالىن: «ماركسىزىم ۋە مىللى مۇستەملىكە مەسىلىسى»، 1958 - يىل، بېيجىڭ، مىللەتلەر نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 54 - بەت

دە تەبىئەت ھادىسىلىرىگە چوقۇنىدىغان ئىپتىدائىي ئېتىقات - ئادەتلىرىنىڭ بولۇپ ئۆتكەنلىكىنى ئىسپاتلىغىلى بولىدۇ. بىزنىڭ دىققىتىمىزگە سازاۋەر بىر نۇقتا شۇكى، ئاپتورنىڭ مىللەتشۇناسلىق ساھەسىدە بەرگەن مەلۇماتلىرى «دىۋان» دەۋرىدىن بۇرۇن ئۆتكەن ئاپتور - سەيياھلارنىڭ ئاڭلىغان ياكى كۆزگە چېلىققان قىسمەن ئەھۋاللار ئاساسىدا يېزىلغان خاتىرىلەردىن ئېلىنغان ئەمەس، نەچچە يىللىق جاپالىق ئەمىلىي تەكشۈرۈش ئاساسىدا بىۋاستە خەلق ئىچىدىن توپلانغان جانلىق پاكىت - راۋايەتلەردىن ئىبارەت. ئاپتورنىڭ بۇ ساھەدىكى ئەمگىكى تۆۋەندىكى نۇقتىلاردا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ:

1. ماددىي - مەنىۋى مەدىنىيەت جەھەتتە: «دىۋان» نىڭ 1 - تومىدا ئۇيغۇر ۋە تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ ئۆز دەۋرىگە ئائىت بىر پۈتۈن ماددىي - مەنىۋى ھاياتىي پائالىيەتلىرىنىڭ شەكلى، ئۇسۇلى توغرىسىدا ئىنتايىن قىممەتلىك ماتېرىياللار بېرىلگەن.

«مىللەتلەر بىر بىرىدىن پەقەت تۇرمۇش شارائىتى بىلەنلا ئەمەس، مىللىي مەدىنىيەت خۇسۇسىيەتلىرى ئىپادىلىنىدىغان روھىي قىياپەتلىرىدىمۇ پەرق ئېتىدۇ.» (ستالىن: يۇقۇرقى ئەسەر، 56 - بەت) دىمەك، بۇ مىللەتلەر بىر - بىرىدىن تىل، ماكان ئورتاقلىقىدىن باشقا، تۇرمۇش شارائىتى، يەنى ماددىي ھاياتى، مەنىۋى مەدىنىيەت خۇسۇسىيەتلىرى ئىپادىلىنىدىغان روھىي قىياپىتى قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ پەرق ئېتىدۇ، دىگەنلىك بولىدۇ.

مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا، ماددىي مەدىنىيەت — ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلاش يولىدىكى تارىخىي كۈرەش ئەمىلىيەتلىرىدە ياراتقان پۈتۈن جەمىيەتنىڭ ماددىي بايلىغى. بۇ مەنىدىن ئالغاندا، يەنى ئۇنىڭ رولى، تەسىرى ۋە ئىمكاسىدىن قارىغاندا، ماددىي مەدىنىيەتنى ئىنسانلارنىڭ جەمىيەت بايلىغىدىن بەھرىمەن بولۇشتىكى

---

تۇرۇش تارىخى» «شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئىلمى ژورنىلى» (ئۇيغۇرچە) 1982 - يىل 1 - سانىغا قاراڭ.

⑰ قۇربان ۋەلى: «شىنجاڭ خەلقىنىڭ تارىخىي توھپىلىرىدىن تۆت تامچە»، «شىنجاڭ ياشلىرى»، 1984 - يىل، 2 - سان، 49 - بەتتە كەلتۈرۈلگەن نەقىل.

⑱ قۇربان ۋەلى: «شىنجاڭ خەلقىنىڭ تارىخىي توھپىلىرىدىن تۆت تامچە»، «شىنجاڭ ياشلىرى»، 1984 - يىل 2 - ساندا كەلتۈرۈلگەن نەقىل.

⑲ «بىلىم — كۈچ» ژورنىلى، 1983 - يىل 5 - سان.

پائالىيەت شەكلى، ئۇسۇلى دەپ كونكرېتلاشتۇرۇشقىمۇ بولىدۇ. بۇ ئۇسۇل، شەكىل ئىنسان-لارنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدىكى ئەڭ تىپىك ئىنكاس بولۇپ، ئۇ ئىنسانلارنىڭ يېمەك - ئىچمەك، كىيىنىش - ياسىنىش، ئولتۇرۇش - قوپۇش جەھەتلەردىكى كۈندىلىك تۇرمۇ-شىدا ئەكس ئېتىدۇ، مەسىلەن :

1 ) يېمەك - ئىچمەك جەھەتتە، « دىۋان » نىڭ 1 - تومىدىلا ئۇيغۇر ۋە تۈركى تىلدا سۆزلىشىدىغان باشقا خەلقلەرنىڭ سۈت، ئاشلىق، ماي، شېكەر، مېۋە قاتارلىق تەركىپلەردىن تەييارلىنىدىغان ئىچىملىك. تاماق تۈرلىرى ئون نەچچە خىلغا يېتىپ بارىدىغانلىقى ،ھەتتا بەزى ئىچىملىك - يېمەكلىكلەرنىڭ، مەسىلەن، سىركە، شۆلتا، شاراپ قاتارلىق ئىچىملىك ۋە ئۇۋا ( 121 - بەت )، قاغۇت ( 528 - بەت )، بۇخسى ( 551 - بەت )، كۆرسەك ( 628 - بەت )، تۇتماچ — چۆپ ( 592 - بەت ) قاتارلىق تاماقلارنى ھازىرلاش ئۇسۇلى تونۇشتۇرۇلغان. بۇ يېمەكلىكلەرنىڭ بىر قىسمىنىڭ، مەسى-لەن ئۇۋا، قاغۇت، بۇخسى، كۆرسەك قاتارلىقلارنىڭ بىزنىڭ دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلمىگەنلىكىنى ( ئۇيغۇرلاردىن باشقا تۈركى تىلدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەردە ھېلىمۇ مەۋجۇت بولۇشى مۇمكىن ) ھېساپقا ئالمىغاندا، قالغان كۆپ قىسمى، بولۇپمۇ ئاساسلىق يېمەكلىك ھېساپلانغان ئەتمەك — نان بۈگۈنگىچە ئەينەن ساقلىنىپ كەلمەكتە .

مىللەتلەرنىڭ يېمەك - ئىچمەك جەھەتتىكى خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ پەرقى يېمەك-لىكلەرنى ھازىرلاش ۋە ئىستېمال قىلىش ئۇسۇلىنىڭ ئوخشىماسلىقىدىن باشقا، ئاساسلىق، تۇراقلىق يېمەكلىكتىكى ئوخشىماسلىقتا تىپىك ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، ئۇي-غۇرلار كۈندىلىك تۇرمۇشىدا ئىككى ۋاق چاي، بىر ۋاق ئاش بىلەن غىزالىنىدۇ. بۇ بىر ۋاقلىق ئاش كۆپ تەركىپلىك خېرىتلەر بىرگە ئارىلاشتۇرۇپ ھازىرلىنىدۇ، شۇنىڭدەك ئۇن تامىقى ۋە قىيمىلىق تاماقلار كۆپرەك ئىستېمال قىلىنىدۇ. باشقا بەزى مىللەتلەردە بولسا، بىر ۋاق نان شەكلىدىكى ئاساسلىق يېمەكلىك بىلەن سۇيۇق - سېلەڭ ئىچىلىپ، ئىككى ۋاق ئاش ئىستېمال قىلىنىدۇ، بۇ ئاشلار بىر خىل خېرىتتىن بىر خىل يېمەكلىك ھازىرلاش ئاساسىدا ئىستېمال قىلىنىدۇ. شۇڭا بۇنداق قورۇلما ۋە سۇيۇق سېلەڭ - يېمەكلىكلەرنىڭ تۈرى كۆپ، تەمى ھەرخىل بولىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك جەھەتتىكى ئادىتىدىن قارىساق، ئەتمەك يەنى ناننىڭ، باشقا مىللەتلەرنىڭ يېمەك ئادىتىدىن قارىساق، موما، بولكا قاتارلىقلارنىڭ ئاساسلىق يېمەكلەردىن ئىكەن-لىكى مەلۇم بولىدۇ. « دىۋان » دا تونۇشتۇرۇلغان يېمەكلىكلەر ئىچىدە ئەتمەكنىڭ ئۆز دەۋرىدىلا پۇشكەچ ( چاۋات نان )، توقاچ، سانجۇ ( گىردە سىمان نان )، قاتلىما،

ئاۋۋز ( بۇغداي، ئارپا ئۇنىدىن قىلىنىدىغان جەۋەندە ) قاتارلىق تونۇردا پىشۇرۇلىدىغان تۇرلىرىنىڭ ۋە تۇرمەك - تۇرمەل، پوشكال، كۆمەچ قاتارلىق قازان، تاۋىدا پىشۇرۇلىدىغان شەكىللىرىنىڭ بارلىقى، ئەتمەك يەنى ناننىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزۇن ئۆتمۇشتىن تارتىپلا ئاساسلىق يىمەكلىكى بولۇپ كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. « دىۋان » دەۋرىدىن كېيىنكى تەرەققىيات جەريانىدا، نان تۇرىگە گۆش نان، گۆش گىردە، گىردە قاتارلىق شەكىللەرمۇ قوشۇلدى.

« دىۋان » نىڭ 1 - تومىدا، ئەتمەكتىن باشقا يىمەكلىكلەر ئىچىدە چۆپ، شورپا، كاۋاپ، ھېسىپ، قىيزا قاتارلىق ئۇزۇقلۇق تەركىۋى يۇقۇرى تاماقلاردىن تاشقىرى، سۇيۇقئاش تۇرىدىنلا ئۈچ خىلى ( مەسىلەن ئوگرە، كەسمە، قوشقاچ تىلى كەسمە ) تونۇشتۇرۇلىدۇ. مەلۇمكى، سۇيۇقئاش ئۇيغۇرلاردا بولۇپمۇ يېزىلاردا كەڭ ئىستىمال قىلىنىدىغان تاماقلار سۇپىتىدە ( ئۇزۇپ تاشلانغان سۇيۇقئاشمۇ شۇنىڭ ئىچىدە ) تا بۇگۇنكى كۇنگىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە. سۇيۇقئاش گەرچە مېھمان ھۆرمىتىگە ئالدىنقى قاتاردا تۇرمىسىمۇ، ئۇنىڭ ھاردۇق چىقىرىدىغان، ئىسسىق باسىدىغان، ئىشتەي تەشەيدىغان خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن سورۇنلاردا تەرىپلىنىدىغانلىقى ھەممىگە مەلۇم.

يىمەك - ئىچمەك جەھەتتە، كېيىنكى دەۋرلەردە قويۇقئاش ( پولو )، بەتتە، گاڭپەن، لەغمەن، مانتا ۋە باشقا قورۇما يىمەكلىكلەر ئۆزلەشتى. لېكىن، بۇ يىمەكلىكلەر ئەسلىدىكى ھازىرلىنىش ئۇسۇلى، مەزمۇنىدىن پۇتۇنلەي ئۆزگەرگەن ياكى قىسمەن ھالدا ئۆزلىشىپ ئۇيغۇرلارنىڭ مۇھىم يىمەكلىكلىرىنىڭ خىللىرىغا ئايلىنىپ قالدى. بەزنى قىزىقتۇرىدىغان بىر ھال شۇكى، « دىۋان » دەۋرىدىن بۇرۇنلا ناننى پەدەزلەش ئۇچۇن توكۇچ ( چەككۈچ ) ئىشلىتىلگەن. بۇ « توكۇچ » سۆزىنىڭ تەلەپپۇزى تا بۇگۇنكى كۇنگىچە ئەينەن ساقلىنىپ كەلمەكتە. شۇنىڭدەك، « دىۋان » دەۋرىدىن بۇرۇنلا سېغىز ئىشلەنگەن ۋە ئىچ پۇشۇغى ئورنىدا سېغىز چايناش ئادىتى شەكىللەنگەن. ۋاھالەنكى، سېغىز بۇگۇن مەخسۇس كارخانىدا ئىشلىنىدىغان، كىشىنى جەلىپ قىلىدىغان، بازىرى ئىتتىك بۇيۇملاردىن ھېساپلانماقتا. بۇنىمۇ غەرىپنىڭ يېڭى ئىستىمال بۇيۇملىرى قاتارىدا قوبۇل قىلىنىۋالدۇق.

2 )، كېيىنىش - ياسىنىش جەھەتتە. « دىۋان » نىڭ 1 - تومىدا ئۇيغۇرلارنىڭ كېيىنىش - ياسىنىش، ئولتۇرۇش - قوپۇشىغا ئالاقىدار بۇيۇملارنىڭ ناملىرى ۋە ئۇلارنىڭ چۇشەندۇرۇلگەن شەكىللىرىگە نەزەر سالساق، ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ ساھەدىكى ئادەت - قائىدىلىرىنىڭ بۇگۇنگىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقىنىنى كۆرىمىز. مەسىلەن،

«دىۋان» نىڭ 1-تومىدا تونۇشتۇرۇلغان چورۇق، ئۆتۈك، تون (يانچۇقلۇق، يانچۇقسىز چاپان)، بەرتو (پەلەي)، ئىچمەك، كىرلىك جۇۋا قاتارلىق كىيىم تۈرلىرى، ئاياللاردىكى مۇنچاق، ئۈنچە - مەرۋايىت، ئالتۇن قاداق، ئالتۇن (كۈمۈش) ھالقا، بىلەيزۈك قاتارلىق زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ تۈرلىرى، ئۆرۈم چاچ، ماڭلاي چاچ قويۇش، رومال سېلىش، ئۇپا - ئەڭلىك سۈرۈش، ئەر - ئاياللار بۆك (دوپپا) كىيىشتەك ئادەتلەر؛ كىگىز، تەڭلىمات، گىلەم، چارچاپ (زەدىۋال ئورنىدا تامغا تارتىلىدىغان بېزەك) قاتارلىق ئۆي بىساتلىرى ئىشلىتىش، ئۆيگە سۇپا، ئوچاق سېلىشتەك ئادەتلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە. بولۇپمۇ كەڭ يېزىلاردا شۇنداق.

3) مەنىۋى مەدەنىيەت جەھەتتە. مەنىۋى مەدەنىيەت — ئىنسانلارنىڭ جەمئىيەت بايلىقىدىن بەھرىمەن بولۇشىنىڭ روھىي جەھەتتىكى ئىنكاسى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى مەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ قانداقلىقىغا، شۇ دەۋردىكى ماددىي مەدەنىيىتىنىڭ دەرىجىسىگە قاراپ باھا بېرىشكىمۇ بولىدۇ.

مەنىۋى مەدەنىيەتنى كەڭ مەنىدىن ئالغاندا، ئۇنىڭ جەمئىيەت كەيپىياتىغا، ماددىي مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرىگە قاراپ، ئۇنى ئىنسانلارنىڭ ماددىي مەدەنىيەت يارىتىش تارىخىي ئەمەلىيەتلىرى جەريانىدا ياراتقان روھىي بايلىقى دېيىشكە بولىدۇ. مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ بۇ رولىدىن باشقا، يەنە كىشىلەرنىڭ مۇناسىۋىتىگە، روھىيىتىگە، غايىسىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئۆزىگە خاس رولىغا، سىياسىي، مەدەنىيەت - مائارىپ، ئىلىم - پەن تەرەققىياتىغا ئوخشىمىغان دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىدىغان رولىغا قاراپ، ئۇنى ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاق ئۆلچىمى دەپ كونكرېتلاشتۇرۇشقىمۇ بولىدۇ.

«دىۋان» دا ئۇيغۇر ۋە تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان باشقا خەلقلەرنىڭ ئۆز دەۋرىگە ئائىت ئىجتىمائىي ئەخلاقى ئەھۋالى مەلۇم سۆزلەملەرگە بېرىكتۈرۈلۈپ بېرىلگەن خەلق ئىچىدىكى كۈچلۈك مىللىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئەدەبىي پارچىلار — شېئىر - قوشاق، ماقال - تەمسىل ۋە باشقا سەنئەت شەكىللىرى ئارقىلىق ناھايىتى ئىخچام، ئوبرازلىق ئىپادىلەنگەن مەسىلەن:

تۈلكە ئۆز ئىنىگە ھۈرسە قوتۇر بولۇر*
سۈرەن چىقسا ئۇرۇق - تۇققان توپلىشۇر

* «دىۋان»، 76 - بەت

يىغا ( دۈشمەن ) كەلسە، خەلق توپى تەۋرىشۈر ( م 199 ) *
ئارپاسىز ئات داۋان ئاشالماس
ياردەمچىسىز باتۇر سەپ يىمىرەلمەس ( م 167 )
قۇت ( بەخت ) بەلگىسى بىلىم ( م 167 )
بەلگە بولسا، يولدىن ئازماس
بىلىم بولسا، سوزدىن قايماس ( م 123 )
ئالغىن ئۆگـۈل مەندىن ئوغۇل ئەردەم تىله
نويدا ئۇلۇق بىلگە بولۇپ، بىلكىڭ ئۆلە ( ش 72 )
( ئوغۇل مەندى ئۆگۈت - نەسىھەت ئال، پەزىلەت تىلە،
خەلق ئارىسىدا ئۇلۇق ئالىم بولۇپ بىلىمىڭنى تارقات )
ئەمگەك بىكار كەتمەس ( م 149 )
ئىشچاننىڭ ئېرىنى ياغلىق، هورۇننىڭ بېشى قانلىق ( م 62 )
ئەردەم بېشى تىل ( م 145 )
ئۇلۇقنى ئولۇقلسا، قۇت بولۇر ( م )
مىهمان كەلسە، قۇت كېلەر ( م 124 )

مىسالغا ئېلىنغان بۇ پارچىلاردا ۋەتەنگە، خەلققە كۈچلۈك مۇھەببەت، دۈشمەندىن دائىم هۇشيار تۇرۇشقا، دۈشمەنگە قارشى هەممە بىر ياقىدىن باش چىقىرىشقا كۈچلۈك چاقىرىق؛ بىرلىك - ئىتتىپاقلىققا، ئۆملۈككە (كوللىكتىپقا)، ئەمگەككە ياكراق مەدھىيە؛ تەجرىبە - ساۋاقلارنى قوبۇل قىلىشقا، نادانلىقنى تاشلاپ، ئەخلاقلىق پەزىلەتلىك، خۇش مۇئامىلىلىك، خۇش سۆز، مىهمان دوست بولۇشقا، بىلىم ئېلىپ، ئىلىم پەن - بىلەن يۇرتنى ئاقارتىشقا، تىرىشىپ ئىشلەپ، ئەلگە تۆھپە يارىتىشقا كۈچلۈك دالالەت ئەكس ئەتسە، ۋەتەندىن، خەلقتىن يۈز ئۆرۈگەن خائىنلارغا كۈچلۈك نەپرەت ئەكس ئەتكەن .

بۇ ئەدىبىي پارچىلاردا ئەكس ئەتكەن گۈزەل ئىجتىمائى ئەقلاق بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدە كەڭ تارقىلىپ يۈرگەن « ئانا يۇرتۇڭ ئامان بولسا، رەڭگى - روييۇڭ سامان بولماس؛ توپتىن ئايرىلغاننى بۆرى يەر؛ ياتنىڭ يۇرتىدا سۇلتان بولغىچە ، ئۆز يۇرتۇڭدا ئۇلتان بول؛ ئاتاڭنىڭ بالىسى بولغىچە، ئەلنىڭ بالىسى بول؛ يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى چىقماس، چېڭى چىقسىمۇ دېڭى چىقماس؛ ئىش

* «م» ماقالنى، «ش» شېئىرنى، سانلار بولسا بەت نومۇرىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۆملۈكتە، كۈچ بىرلىكتە؛ ئىش ئاشقا تارتىدۇ، ھورۇنلۇق باشقا (تارتىدۇ)؛ ئىشلىگەننىڭ يۈزى يورۇق، ئىشلىمىگەننىڭ يۈزى چورۇق؛ بەخت نەدە، پىشانەڭدىكى تەردە؛ ئالىم بولساڭ، ئالەم سېنىڭكى؛ بىلىكى چىڭ بىرنى يېڭەر، بىلىمى چوڭ مىڭنى يېڭەر)؛ دوستقا مۇھەببەت، دۈشمەنگە نەپرەت؛ باتۇر چۈشىدە دۈشمەن كۆرەر؛ دۈشمەننى كۈندۈزى ئويلا، كېچىسى پايلا؛ ئىززەت قىلساڭ، ئىززەت تاپارسەن، چايناپ يېسەڭ لەززەت (تاپارسەن)؛ قېرى كەلسە ئاشقا، ياش كەلسە ئىشقا» دېگەن ماقال - تەمسىللەردە ئۆز ئىپادىسىنى تېخىمۇ كونكرېت تاپقان. بۇنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى مەنىۋى مەدەنىيەت جەھەتتىكى مىللىي خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ تېخىمۇ راۋاجلانغانلىقى، بېيىغانلىقى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

مۇندىن باشقا، «دىۋان» دا يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز دەۋرىگە ئائىت مەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسلىق تەركىبىي قىسمىدىن بىرى بولغان ئۇسۇل، مۇزىكا، ئاممىۋى كۆڭۈل ئېچىش، تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى قاتارلىق مىللىي سەنئەت خۇسۇسىيەتلىرى ئەكس ئېتىلدىغان نۇرغۇن سۆز - ئاتالغۇلارنى ئۇچرىتىمىز. مەسىلەن بۇدۇڭ (ئۇسۇل)، سوغدىچ (قاتارى بەزمە ئولتۇرۇش، باراۋەت، مەشرەپ)، تومرۇاڭ (داپ - دۇمباق)، سىبىزغۇ (نەي)، چۆگەن ئويۇنى، ئات بەيگىسى قاتارلىقلار. ئۇسۇل، ئولتۇرۇش، مەشرەپنى ئەڭ قەدىمقى، مىللىي خۇسۇسىيەتكە باي ئاممىۋى سەنئەت شەكىللىرىدىن، بىرى داپ - دۇمباق، (ناغرا)، نەينى ئەڭ قەدىمقى ئاممىۋى چالغۇ ئەسۋاپلىرىدىن بىرى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

ئۇسۇل بىلەن ئولتۇرۇش، مەشرەپنى ئالساق، ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بىر خىل سەنئەت شەكلى. مەملىكىتىمىزدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرىگە ئائىت خەنزۇچە مەنبەلەردىكى بايانلاردا: «ئادەتتىكى چاغلاردا (ماتەملىك چاغلارغا نىسبەتەن-ئا) چوڭ - كىچىك، ئەر - ئايال يىغىلىشىپ ناخشا ئېيتىپ ئۇسۇل ئوينىشىدۇ» * دەپ زىكىر قىلىنىدۇ. بۇ 4 - 5 - ئەسىرلەرگە تەئەللۇق خاتىرە. بۇنىڭدىن ئۇسۇلنى شۇ ئەسىرلەردىلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدىن نۇرغۇن ئەسىر بۇرۇن شەكىللەنگەن دېيىشكە بولىدۇ چۈنكى، بىر مىللەتنىڭ مەلۇم مىللىي خۇسۇسىيىتىنىڭ شەكىللىنىشىگە، بولۇپمۇ ئۇنىڭ تۇراقلىشىشىغا بىر قانچە ئەسىر جەريان كېتىدۇ، ئەلۋەتتە. مەلۇمكى، ئۇسۇل مۇئەييەن بىر سورۇندا ئوينىلىدۇ. بىز ئېيتىۋاتقان بەزمە،

* «ۋېينامە» «قاڭقىللار (ئۇيغۇرلار) تەزكىرىسى»، 6 - جىلد، 193 - تەزكىرە، 2308 - بەت).

ئولتۇرۇش، مەشرەپ ئەنە شۇنداق سورۇندىن ئىبارەت. بۇنىڭغا ئاساسەن، ئۇسۇل بىلەن بەزمە-مەشرەپ شەكىللىنىشتىن تارتىپلا «قوشكېزەك» شەكىللەنگەن دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئىنتايىن كەڭ ئاممىۋىلىق، ئىستجىمائىلىققا ئىگە. بۇ ئۇقتىنى رايونىمىزدىكى كەڭ يېزا ئاھالىسىنىڭ خالىغاندىلا ئۇسۇل مەشرىپى ئوينايدىغانلىقى، ھەتتا چالغۇ ئەسۋاپلىرى يوق شارائىتتىمۇ لېگەن - پەتنۇس قاتارلىق نەرسىلەرنى داپ ئورنىدا چېلىپ، كالتە مەشرەپ ئۆتكۈزىدىغان ئادەتلىرىدىنمۇ ئىسپاتلىغىلى بولىدۇ. ئۇسۇل قەدىمدىن تارتىپلا شۇنداق كەڭ ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە بولغاچ، ئۇ كىشىلەرنىڭ قەلبىدە نازۇك ھىس، تۇيغۇ تەسەۋۋۇرلىرىنى قوزغايدىغان خۇلۇق، ھىسسىيات ئىپادىسىگە باي بىر سەنئەت تۈرى سۈپىتىدە، ھازىرمۇ مىللى سەنئەتلىرىمىز بابىدا ئالاھىدە ئورۇن تۇتماقتا. بىز بەزمە - مەشرەپنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ مىللى مەدەنىيەت جەھەتتە مەنىۋى قىياپىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان مۇھىم سەنئەت شەكىللىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىگە نەزەر سالساق، بىرىنچىدىن، ئۇنىڭ باھار سەيلىسى، باغ باراۋىتى، كاۋاپ (شورپا) باراۋىتىگە ئوخشاش تۈرىنىڭ كۆپلۈكى، ئويۇن - چاقچاق، نەغمە-ناۋا، ناخشا - ئۇسۇل ئاساسلىق مەزمۇن قىلىنغان ئاممىۋى مەنىۋى پائالىيەت ئىكەنلىكىنى، ئىككىنچىدىن، مەشرەپنىڭ قاتتىق ئىنتىزامچانلىقىدىن ئۇنىڭ كىشىلەرنى ئەخلاقلىق - پەزىلەتلىك بولۇشقا يېتەكلەپ، ئىجتىمائى ئەخلاقنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان مۇھىم بىر سەنئەت ۋاستىسى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. شۇڭا ئۇ، ئۇزاق تارىخي ئۆتمۈشتىن بۇيان ئۈزۈلمەي داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

ئاپتور يەنە مىللەتشۇناسلىق تەتقىقات مەزمۇنلىرىدىن بىرى بولغان ئادەم ئىسىملىرى، تەقۋىم — كالىندارچىلىق، توي - تۆكۈن، ھەتتا باللار ئويۇنى، باللار تىلى قاتارلىق ساھەلەرگىمۇ ئۆز ئەسىرىدىن ئورۇن بەرگەن. مەسىلەن، ئۇيغۇرلاردىكى بۈگۈنكى 12 ھايۋانلىق مۆچەل بويىچە يىل ھىساپلاش ئادىتىنىڭ شەكىللىنىش جەريانى ھەققىدە مەخسۇس بىر تارىخي ھىكايە ① بېرىلگەن. بەزىلەر: ئۇيغۇرلاردا كالىندارچىلىق يوق، دەپ قارايدۇ، بۇ، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس، ئۇيغۇرلاردا كالىندارچىلىق بارلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭغا قاتتىق دىققەت قىلىدۇ. بۇ،بىرسى ئۆلسە، ئۇنى يەرلىكتە قويغاندىن كېيىن مۆچەل يىلىنىڭ يەنە بىر قېتىم سۈرۈشتۈرۈلۈپ، ئېلان قىلىنىشىدا ئىسپاتلىنىدۇ.

ئاپتورنىڭ ئۇيغۇر ۋە تۈركى تىلدا سۆزلىشىدىغان باشقا خەلقنىڭ مىللىيەت جەھەتتىكى خۇسۇسىيەتلىرىنى تونۇشتۇرۇشىدا بىر مۇھىم ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ ئۆزى

① «دىۋان»، 1 توم، 45 -، 449 - بەتلەر.

ئىسلام دىنىنىڭ تەقۋادار مۇرىدى بولۇپ تۇرۇغلۇق ئىسلام ئەقىدە - قائىدىلىرىنى
قايرىپ قويۇپ، ئۇيغۇر ۋە تۈركى تىلدا سۆزلىشىدىغان باشقا خەلقلەرنىڭ مىللىيەت
جەھەتتىكى ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرىنى تونۇشتۇرىدۇ. مەلۇم زۆرۈرىيەت بىلەن
بەزى ئەرەپچە ئادەم ئىسىملىرىنى تونۇشتۇرغاندىن باشقا، رەسمى سۆزلەم
ئورنىدا ئەرەپچە ئىسىملارنى، دىنىي ئېتىقات بىلەن سىڭگەن مەلۇم ئادەت - قائىدىلەر-
نى، مەسىلەن توي - تۆكۈن قاتارلىق ئىشلاردىكى دىنىي رەسمىيەتلەرنى تونۇشتۇرماي-
دۇ، ئەكسىچە، توي - تۆكۈن ئىشلىرىدىكى قۇدىلىشىشقا ئادەم قويۇش، تويلۇق تەييار-
لاش، توي كېچىسى قىز بىلەن يەڭگە ئەۋەتىش، چاچقۇ چېچىش، قولداشلارغا، قۇدا
تەرەپلەرگە تۇققانلارغا سوغات قىلىش، توي مەشرىۋى بېرىش، كېلىن ئۆيىگە چىمىلدىق
قىلىش، ھەتتا بۆشۈك تويى ئۆتكۈزۈشتەك ئادەت- قائىدىلەرنى تىلغا ئالىدۇ. بۇ
ئادەت قائىدىلەر ھېلىمۇ داۋاملاشماقتا.

يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان ئۇيغۇرلارنىڭ ماددى - مەنىۋى مەدىنىيەت جەھەتتىكى
خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ شەكىللىنىش - تەرەققى قىلىش جەريانىغا نەزەر سالساق، ئۇلار
نىڭ ناھايىتى ئۇزاق تارىخىي ئۆتمۈشتە شەكىللىنىپ، «دىۋان» دەۋرىگە كەلگەندە
تېخىمۇ تۇراقلىشىش، بېيىش، رەڭدارلىشىش، تېخىمۇ كۈچلۈك مىللى تۈس ئېلىش
باسقۇچىغا كىرگەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. بۇ، كىيىنىش - ياسىنىش جەھەتتە ئىستىمال
قىلىنغان بۇيۇملارنىڭ بەزىلىرىنىڭ ئاتىلىشى قول سانائەتنىڭ ئىپتىدائى مەھسۇلات-
لىرىدىن (مەسىلەن، بۆز، ئەلتىرەجۇۋا، يىرىك يۇڭ توقۇلما، تاش، قۇلۇلە سۆڭەك-
دىن ياسالغان مۇنچاقلار)؛ بەزىلىرىنىڭ قول سانائەتنىڭ خېلى تەرەققى قىلغان دەۋرى-
دىكى پاختا - يۇڭ، يىپەك توقۇلمىلار، ئالى مويىلاردىن ئىشلەنگەن جۇۋا، يانچۇق-
لۇق چاپان، پەلتۇ؛ ئۈنچە - مەرۋايىت ،ئالتۇن - كۈمۈشتىن ئىشلەنگەن بېزەكلەردىن
ئىكەنلىكىدە ۋە قولياغلىق تۇتۇشنىڭ ئومۇملاشقانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. قولياغلىق گەر-
چە ئاددى نەرسىدەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما ئىجتىمائى تۇرمۇشنىڭ لاتاپەتلىك دەرى-
جىسىنى، كىشىلەرنىڭ ھېزە - سەھەت تۇيغۇسىنى ئەتتۇرىدىغان مۇھىم بەلگە.
مۇندىن باشقا، ئۇ دەۋردە ئاياللاردا باغىرداق تاقاش ۋە كىيىم - كېچەكلەرگە دەزمال سې-
لىشمۇ ئومۇملاشقان. قولياغلىق، باغىرداق، دەزمال غەرپ ئەللىرىدە خېلى كېيىن مەي-
دانغا كەلگەن بۇيۇملاردىندۇر، ۋاھالەنكى، بىز باغىرداقنى غەرپ مەدىنىيىتى ھىساۋىدا

قوبۇل قىلىپ، ئاللىقاندافتۇ «لىپىتىك» دەپ ئاتىۋالدۇق.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى مەنىۋى قىياپىتى تەسۋىرلەنگەن ئەدىبىي پارچىلاردىكى چاقىرىق، خىتاپ، دالالەت، پەند-نەسىھەت، تەجرىبە-ساۋاق قاتارلىق مەزمۇنلارغا ئۇلارنىڭ ئۇۋچىلىق دەۋرىدىكى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى تۇرمۇش شارائىتلىرىنى ياخشىلاش يولىدا بېسىپ ئۆتكەن تارىخىي باسقۇچلاردىكى روھىي ھالىتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

ئۇيغۇر ۋە تۈركى تىلدا سۆزلىشىدىغان باشقا خەلقلەرنىڭ ماددى-مەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ «دىۋان» دەۋرىگە كەلگەندە، ئومۇمى يۈزلۈك يۈكسىلىشى ھەرگىز تەسادىپى ئەمەس، چۈنكى، بىرىنچىدىن، ئۆز دەۋرىگە كەلگىچە ماددى مەدەنىيەتتە تەدرىجى بارلىققا كېلىۋاتقان تەرەققىيات ئاساسىدا، ماددى مەدەنىيەتكە تەسىر كۆرسەتكىدەك مەنىۋى مەدەنىيەت، يەنى ئىجتىمائى ئەخلاق ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللەنگەن؛ ئىككىنچىدىن، قاراخانىلار سۇلالىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن بىرلىك، ئاسايىشلىق شارائىتىدا، تۇراقلىشىشقا يۈزلىنىۋاتقان ئىجتىمائى ئەخلاق جەمىيەتنىڭ ھەممە ساھەسىگە جىددى تەسىر كۆرسەتكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە يىپەك يولىنىڭ تېخىمۇ راۋاجلىنىشى ماددى-مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ يۈكسىلىشىنى تېخىمۇ كۈچلۈك كاپالەتكە ئىگە قىلغان. بىز يۇقۇرىدا بايان قىلغان ماددى-مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى ئۆز دەۋرىدىكى ماددى تۇرمۇشنىڭ پاراۋانلىقىدا، روھىي جەھەتتىكى جۇشقۇنلۇق، جەمىيەت كەيپىياتىدىكى ساغلاملىقتا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. «دىۋان» دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ۋە تۈركى تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ ماددى-مەنىۋى مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى ئالغاندا ۋە شەرقنىڭ، مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا دۇنيانىڭ ماددى-مەنىۋى مەدەنىيەت تەرەققىياتىدا خېلى يۈكسەك سەۋىيىگە يەتكەن، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىدا ئۆزىگە مۇناسىپ تەسىر كۆرسەتكەن، دەپ ئېيتساق ھەرگىز ئارتۇق كەتمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، قاراخانىلار دەۋرى دۇنيا ئىلىم-پەن جامائەتچىلىكى ئالدىدا، ئۇيغۇرلارنىڭ ماددى-مەنىۋى مەدەنىيەت تەرەققىيات تارىخى باسقۇچىدا «ئالتۇن» دەۋر دەپ ئاتىلىشقا مۇناسىپ بولغان. شۇ مەدەنىيەتنىڭ ۋەكىلى ۋە ۋارىسلىرىدىن بولغان مۇتەپەككۇر يۈسۈپ خاس ھاجىپ، كاتتا تىلشۇناس ۋە مىللەتشۇناس مەھمۇت قەشقەرى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆلمەس ئالەمشۇمۇل ئەسەرلىرىدەك تارىخىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى دەل شۇ دەۋرنىڭ مەھسۇلىدۇر. بۇنىڭغا ئاساسەن، تۈركى قەۋملىرى ئىچىدە، 6-7-ئەسىرلەردىلا يېزىق تىلى قوللانغان ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ ئاساسلىق قەبىلىلىرىنىڭ بىرى بولۇش

سۈپىتى بىلەن، ئۆز دەۋرىنىڭ ماددى - مەنىۋى مەدىنىيەت تەرەققىياتىنى ئومۇمى يۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈشتە يېتەكچى رول ئوينىغانلىقىدىن گۇمانلىنىشقا ئاساسىمىز يوق. قاراخانىلار دەۋرىدىكى «خاقانىيە تۈرك تىلى» دەپ ئاتالغان ئۇ ئەدەبىي تىلمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ شۇ يېزىق تىلىدىن ئىبارەت. بۇ يېزىقتا يېزىلغان نۇرغۇن قىممەتلىك يادىكارلىقلار مەۋجۇت. بۇ ۋەجىدىن ئالىملار ئۇنى «قەدىمقى تۈرك يېزىقى» دەپمۇ ئاتايدۇ.

III

بىر مىللەتنىڭ بۈگۈنكى مەۋجۇت ماددى - مەنىۋى جەھەتتىكى خۇسۇسىيەتلىرىنى، شەكىللىنىش - تەرەققى قىلىش جەريانىدىن قارىغاندا، مەلۇم ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتتىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. ئەمما، ماددى مەدىنىيەت مەنىۋى مەدىنىيەتنىڭ ئاساسى بولۇشىدىن تاشقىرى، كىشىلەرنىڭ جەمىيەت بايلىقىدىن بەھرىمەن بولۇشىدىكى پائالىيەت شەكلى، ئۇسۇلى سۈپىتىدە، ئۇلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ؛ مەنىۋى مەدىنىيەتمۇ ئىجتىمائى ئەخلاق سۈپىتىدە، ماددى مەدىنىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ۋە جەمىيەت ھاياتىنىڭ ھەممە ساھەسىگە ئوخشىمىغان دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇ ئالاھىدىلىكلەر جەمىيەت ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن تەڭلا پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ ياكى يوقىلىپ، ئورنىغا دەرھال ئىككىنچى بىر خىل ماددى - مەنىۋى مەدىنىيەتنىڭ بارلىققا كەلمەيدىغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ مىللەتلەرنىڭ ماددى - مەنىۋى جەھەتتىكى مىللى خۇسۇسىيەتلىرى مەلۇم ئورتاقلىقتا ۋە تارىخىي ئىجىللىقتا ئىككىنلىكى ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس. دەل شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ خۇسۇسىيەتلەر بىر مىللەتنىڭ مىللەت بولۇپ شەكىللىنىشىدىكى مەركەزلىك پەرقلەردىن بولۇپ قالغان. لېكىن، بۇنىڭدىن ئۇ پەرقلەر ئۆزگەرمەيدىغان مۇتلەق نەرسە دىگەن مەنا چىقمايدۇ، ئەلۋەتتە.

«مىللەتمۇ ھەر بىر تارىخىي ھادىسىگە ئوخشاش، ئۆزگىرىش قانۇنىيىتىگە ئىتائەت قىلىدۇ»، «ئۇنىڭ تارىخىي باشلىنىشى ۋە ئاخىرى» بار بولغىنىدەك، «مىللى خاراكتېرمۇ» ھېچقاچان «ئۆزگەرمەيدىغان مەڭگۈ نەرسە ئەمەس» *. مەلۇمكى، مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائى تەرەققىياتى تەكشى بولماسلىقتىن، ئۇلارنىڭ ئىشلەپ-

* ستالىن : «ماركسىزىم ۋە مىللى مۇستەملىكە مەسىلىسى»، 1958 - يىل، بېيجىڭ، مىللەتلەر نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 75 - بەت.

چىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. بۇ پەرقلەر ئۆز نۆۋىتىدە مىللىيەت جەھەتتىكى پەرقلىرىدىمۇ ئەكس ئېتىدۇ. ئەمما، بۇ پەرقلەر ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا، جۈملىدىن مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنىڭ قويۇقلىشىشىغا، ئۆز ئارا ئۆگىنىش- تەسىر كۆرسىتىشكە ئەگىشىپ تەدرىجى ئۆزگىرىپ، بېيىپ، رەڭدارلىشىپ بارىدۇ. بىز «دىۋان» نىڭ 1 - تومىدا، نۇرغۇن يىپەك رەختلەرنىڭ نامى سۆزلەم ئورنىدا بېرىلىپ ئۇنىڭ «چىنىدا ئىشلەنگەن بىر خىل يىپەك رەخت» دەپ ئىزاھلانغانلىقى، «باقىر» دىگەن سۆزلەمنىڭ «چىنىدا قويۇلغان بىر خىل مىس ئاقچىنىڭ ئېتى، ئېلىم- سېتىمدا ئىشلىتىلىدۇ» دەپ چۈشەندۈرۈلگەنىنى كۆرىمىز. بۇ، بىرىنچىدىن، ۋەتىنىمىزدە مىللەتلەر ئارا ھەمكارلىشىش، ئۆگىنىش، تەسىر كۆرسىتىشنىڭ تارىختىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقانلىقىدىن؛ ئىككىنچىدىن، بىرلىك ئىناقلىق، ھەمكارلىقنىڭ تارىختىن بۇيان ئاساسىي ئورۇندا تۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئۇندىن باشقا، ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەتلەردە، بۈگۈنكى كۈنلەردە شىم- كاستيۇم- يوپكا، شىبلىت- توپلى، جۇگسەنفۇ كىيىش؛ چاچ قويۇش، چاچ بۇدرىلىتىش قاتارلىق كىيىنىش- ياسىنىش ئادەتلىرىنىڭ ئومۇملىشىشى، سۇپا ئورنىغا كاڭ، كارۋات قويۇش، مەش ئىشلىتىشتەك يېڭى ئادەتلەر، كېينچە، پولو، بەتتە، لەغمەن، گاڭپەن، مانتا قاتارلىق يىمەكلىكلەرنىڭ ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئۆزگىرىپ ئۆزلىشىپ مۇھىم يىمەكلىكلەردىن بولۇپ قېلىشى، جۈملىدىن نان، كاۋاپ، سامسا، پولو قاتارلىقلارنىڭ ۋە ھەر خىل قورۇلما يىمەكلىكلەرنىڭ رايونىمىزدىكى مىللەتلەر ئىچىدە ئىشتىياق بىلەن ئىستىمال قىلىنىدىغان مەلۇم ئورتاق تاماقلار قاتارىغا ئۆتۈشى، ساگزىنىڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بايراملىق نېمەتلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشى ۋاھاكازالار، ئەنە شۇ قانۇنىيەتنىڭ مۇقەررەرلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. شۇنىڭدەك بەزى ئادەتلەر مەلۇم جەھەتتە ئادەت شەكلىدىن قالغاندەك قىلسىمۇ، لېكىن قىسمەن جەھەتتە ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىۋېرىدۇ. مەسىلەن، ئاياللاردا ئالتۇن قاداقلىق، پۆپۈكلۈك دوپپا كىيىش ئادەتلىرى ئۆزۈلگەن بولسىمۇ، ئەمما دوپپىنىڭ ئاساسىي شەكلى ئۆزگەرگىنى يوق، دوپپا ھازىر تېخىمۇ نەپىسلەشتى، رەڭدارلاشتى، تۈرىمۇ كۆپەيدى، يۇقۇرى ھۆرمەت ۋە ئىززەت تۇيغۇسىنى ئىپادىلەيدىغان تون كىيدۈرۈش ئادىتىنىڭ ئورنىنى دوپپا كىيدۈرۈش ئالدى، بەزى دوپپا ئىچكى- تاشقى سورۇنلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ مىللەت جەھەتتىكى سىمۋولى بولۇپ قالدى.

ۋەتىنىمىزنىڭ رەڭدار، مەزمۇنغا باي مەدىنىيەت غەزىنىسىگە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا مەدىنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئۆزىگە مۇناسىپ تۆھپە قوشقان ئۇيغۇرلار ئازات-

لىقتىن كېيىن، ئۆتمۈشتىكى بىر مەزگىللىك تۇرغۇنلۇق ئاسارىتىدىن ئۈزۈل - كېسىل قۇتۇلدى، سىياسى باراۋەرلىككە ئىگە بولدى، ئىقتىسات، مەدەنىيەت جەھەتتە گۈللىنىدىغان، تارىختىن قېپقالغان ئەمەلىيەتتىكى تەڭسىزلىكنى يوقىتىدىغان يېڭى دەۋرگە قەدەم قويدى. بۇنىڭ بىلەن، كوممۇنىزىمدىن ئىبارەت ئورتاق نىشان ئۈچۈن، ۋەتەن مۇداپىئەسى سېپىدىن تارتىپ، سانائەت - قاتناش، يېزا ئىگىلىك، مەدەنىي - مائارىپ قاتارلىق ساھەلەردە، ھەرمىللەت خەلقى باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، دوستلۇق، ھەمكارلىق ئاساسىدا ئورتاق كۈرەش قىلىدىغان يېڭى ئىجتىمائىي كەيپىيات، يېڭى مۇناسىۋەت بارلىققا كەلدى. بۇ — مىللەتلەرنىڭ ئومۇمىي يۈزلۈك تەرەققىياتىنى، ھەمكارلىق، دوستلۇق، ئىتتىپاقلىقىنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرىدىغان ئاماسلىق ئامىل، شۇنىڭدەك جەمئىيىتىمىزنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاقىنىڭ تېخىمۇ يۈكسەك دەرىجىگە كۆتەرىلگەنلىكىنىڭ ۋە بېيىغانلىقىنىڭ ئىپادىسى.

جۇڭگودىكى ھەرمىللەت خەلقى ئەزەلدىن ئەخلاق، ئەدەپ - قائىدىگە، ۋىجدانى گۈزەللىككە قاتتىق دىققەت قىلىدىغان خەلق. بۇ، خەلقىمىزنىڭ تاجاۋۇزچىلىققا، ئادالەتسىزلىككە، زوراۋانلىققا قارشى تۇرۇشتەك ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئىنتىزامچان روھىدا، تىرىشچان، ئەمگەكچان، ئىقتىساتچىل، ئاددى - ساددا ياشاشتەك تۇرمۇش ئىستىلىدا ئىپادىلىنىدۇ. خەلقىمىزنىڭ بۇ ئەخلاق - پەزىلىتى مەملىكىتىمىزنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت جەھەتتىكى قىممەتلىك بايلىقى، ئۇيغۇر خەلقى مەملىكىتىمىزنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت غەزىنىسىگە، يۇقۇرىدا زىكىر قىلىنغاندەك، ئۆزىگە مۇناسىپ تۆھپە قوشقانلىقى بىلەن پەخىرلىنىدۇ.

بىز ھازىر تارىختىكى ھەرقانداق دەۋرلەردىن تۈپتىن پەرقلىنىدىغان، ھەممە جەھەتتە كەڭ ئەۋزەللىككە ئىگە دەۋردە ياشىماقتىمىز. بۇ بىزنى، بولۇپمۇ ياشلارنى ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي جەھەتلەردە ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشتە كەڭ شارائىت ۋە تولۇق ئىمكانىيەتكە ئىگە قىلدى، شۇنىڭ ئۈچۈن، بۈگۈنكى كۈننىڭ قەدرىگە يېتىپ، ھەر خىل ھاۋايى - ھەۋەس، ناچار ئارزۇ - ئىستەكلەرگە بېرىلمەي، تىرىشىپ بىلىم ئېلىپ، قەلبىمىزنى ئىلىم - پەن نۇرى بىلەن يورۇتىشىمىز كېرەك. تېخىمۇ گۈزەل كېلەچەك تېخى ئالدىمىزدا. بىز بۇ كېلەچەكتە ۋەتىنىمىزنى 4نى زامانىۋىلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىشقا ئاشۇرغاندىلا ئىگە بولالايمىز. ۋاھالەنكى، 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش بىزدىن ئۆزىمىزنى ئىلىم - پەن بىلەن قوراللاندۇرۇشنى، تىرىشىپ ئىشلەشنى، يۈكسەك ئەخلاق - پەزىلەتكە ئىگە بولۇشنى، 4 پىرىن-

( داۋامى 125 - بەتتە )

# ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى ماھمۇت قەشقەرىنىڭ نادىر ئەسىرى «تۈركى تىللار دىۋانى»

## — «تۈركى تىللار دىۋانى» نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى نۇسخىسىنىڭ نەشىردىن تولۇق چىققانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن

**تاھىرجان مۇھەممەت**

«ئۇيغۇر خەلقىنىڭ غۇرۇرى، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر ئوغلانى، تۈركى تىلشۇناسلىقىنىڭ بوۋىسى مەھمۇت قەشقەرىنىڭ نادىر ئەسىرى» ① — «تۈركى تىللار دىۋانى» (تۆۋەندە قىسقارتىپ «دىۋان» دەيمىز) نىڭ 1-، 2-، 3-، توملىرى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تىل تەتقىقات ئىنستىتۇتى تەرىپىدىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. بۇ ئەسەرنىڭ 1 - تومىنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسىمۇ نەشرگە تاپشۇرۇلدى، 2 - ۋە 3 - توملىرى نەشرگە بېرىلىش ئالدىدا تۇرماقتا. دېمەك، «دىۋان» يېزىلىپ 911 يىلدىن كېيىن ئۆز ئېلى — جۇڭگودا، ئۆز ئانا تىلى — ئۇيغۇر تىلىدا (جۈملىدىن خەنزۇ تىلىدا) تۇنجى قېتىم نەشر قىلىنىپ كەڭ كىتابخانلار بىلەن بىۋاستە كۆرۈشتى ۋە كۆرۈشكۈسى. بۇ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ (خۇسۇسەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ) مەدەنىي ھاياتىدىكى ئىپتىخارلىنارلىق زور ۋەقە. بۇ ۋەقە قىزغىن تەنتەنە قىلىشقا، تارىخ سەھىپىلىرىگە ئۆچمەس قىلىپ يېزىشقا ئەرزىيدۇ. بىز مەزكۇر ماقالىمىزدا «دىۋان» نىڭ ئومۇمىي مەزمۇنىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

مەملىكىتىمىزنىڭ چوڭ ھەجىملىك، مول مەزمۇنلۇق داڭلىق قامۇسى «سىخەي» دە «تۈركى تىللار دىۋانى» مۇنداق ئىزاھلانغان:

«تۈركى تىللار دىۋانى» — ئېلىمىزنىڭ 11 - ئەسىردە ئۆتكەن ئۇيغۇر فىلولوگى مەھمۇت قەشقەرى تەرىپىدىن يېزىلغان مەشھۇر ئەسەر. ئەسەردە تۈركى سۆزلەملەر ئەرەپ يېزىقى بىلەن ئىپادە قىلىنغان ھەم ئەرەپ تىلى شەرھىلەنگەن. شەرھىدە مول قاپىيەلىك نەسىرلەر، تۇراقلىق ئىبارىلەر، ماقال - تەمسىللەر ۋە شېئىر - نەقىل تەرى-

قىسىمدە بېرىلگەن. بۇ نادىر ئەسەر يالغۇز تۈركى تىللارنى تەتقىق قىلىشتىلا زور قىممەتكە ئىگە بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئەينى دەۋردىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى، جۇغراپىيەسى، ئەدەبىياتى، ئۆرپ - ئادىتى ۋە ئىجتىمائىيەت ئەھۋالى قاتارلىقلارغا ئائىت تەتقىقاتىمىزنى قىممەتلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىن قىلىدۇ» ②.

ئۇلۇغ ئالىم، تىلشۇناس تۈركى تىلىنىڭ ئۇزاق تارىخقا ئىگە باي تىل ئىكەنلىكىنى، «تۈركى تىلىنىڭ ئەرەپ تىلى بىلەن بەيگىگە چۈشكەن ئىككى ئاتقا ئوخشاش تەڭ چېپىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئېنىق كۆرسىتىش ئۈچۈن» ۋە بۇ تىل ئىگىلىرىنىڭ ئۆز زامانىسىدا ماددى ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ يۇقۇرى پەللىسىگە يەتكەنلىكىنى جاھانغا نامايان قىلىش ئۈچۈن ھەمدە كېيىنكى ئەۋلادلىرىغا «ئەبەدى يادىكارلىق ۋە پۈتمەس - تۈگمەس بىر بايلىق قالدۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلۇغ تەڭرىگە سىغىنىپ، بۇ كىتابنى تۈزۈپ چىققان»④. روشەنكى، «دىۋان» ئەرەپلەرنىڭ تۈركى تىلنى ئۆگىنىشىگە ئاسانلىق يارىتىش ئۈچۈنلا تۈزۈلگەن ئاددىغىنا سېلىشتۇرما لۇغەت كىتابى بولماستىن، بەلكى ئۇ، گۈللەنگەن قاراخانىلار سۇلالىسى (خاقانىيە) دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركى خەلقلەرنىڭ جەمىيەت قۇرۇلمىسىنى لۇغەتشۇناسلىق يولى بىلەن سۈرەتلەپ چىققان مۇكەممەل قامۇستۇر .

«دىۋان» 3 تومدىن تەركىب تاپقان، ئۇنىڭدا جەمى 8000 گە يېقىن ساپ تۈركى سۆزلەم ھەم ھەر بىر سۆزلەمنىڭ ئاستىدا ئىخچام، مېغىزلىق شەرھىسى بار. «دىۋان» ئومۇمەن تۆۋەندىكىدەك مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

1 . «دىۋان» دا 80 چە تۈركى قەبىلە ۋە ئۇرۇق بىر قەدەر تەپسىلى تونۇشتۇرۇلغان. ئۇلارنىڭ تارىخىغا، ئېتنوگراپىيىسىگە ئائىت ئاجايىپ قىممەتلىك مەلۇماتلار بېرىلگەن.

---

سىپتا، ۋەتەن بىرلىكىدە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا چىڭ تۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. چۈنكى ئۇ، بىزنىڭ ئىشلىرىمىزنىڭ غەلىبە قىلىشىدىكى تۈپ كاپالەت. بىز بارلىق سۆز- ھەركەتلىرىمىزنى ئەشۇ- شەرت ۋە تەلەپكە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشىمىز، بويسۇندۇرۇشىمىز لازىم.

ماقالا «دىۋان» نىڭ 1 - تومىنى ئوقۇغاندىن كېيىن ئالغان دەسلەپكى تەسىراتىم ئاساسىدا يېزىلغاچقا، مەھمۇت قەشقىرىنىڭ مىللەتشۇناسلىق جەھەتتە قوشقان تۆھپىسىگە باھا بېرىشكە مۇناسىپ ئەمەس، ئەلۋەتتە. پەقەت كۆپچىلىك بىلەن ئورتاقلىشىش مەقسىدىدە قىسقىچە، يۈزەكى مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ كۆردۈم. سەۋىيەم چەكلىك، يۈرگۈزگەن مۇلاھىزەم ھەر جەھەتتە كەمچىلىك - خاتالىقلاردىن خالى ئەمەس. كۆپچىلىكنىڭ تەنقىت - تۈزىتىش بېرىشىنى سورايمەن.

2 . «دىۋان» دا تۈركى قەبىلىلەرنىڭ جايلىشىشى، بولۇپمۇ قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ ئەينى زاماندىكى تېررىتورىيەسى قاتارلىقلار يەر شارىنىڭ يۇمۇلاقلىقى ئۇقۇمى بويىچە تەخمىنەن خەرىتە قىلىپ كۆرسىتىلگەن.ئاپتورنىڭ ئۆز تىلى بويىچە «دائىرە» دەپ ئاتالغان بۇ خەرىتە، ئاسىيانىڭ مۇشۇ دەۋرگىچە يېتىپ كەلگەن ئەڭ مۇكەممەل ۋە ئەڭ قەدىمىي خەرىتىسىدۇر. بۇ.خەرىتىدە 100 دىن ئارتۇق مەشھۇر شەھەر، قىشلاق ۋە 38 دەك چوڭ كۆل، تاغ، دەريا، ھەتتاكى دېڭىز ئاددى گېئومېتىرىلىك شەكىلدە ئىپادىلىنگان . يەنە بىر ئەھمىيەتلىك يېرى شۇكى، كىتاپتا بۇ خىل جۇغراپىيەۋى نامىلارنىڭ كۆپىنچىسى بىرەر مۇھىم ۋەقەگە ياكى بىرەر تارىخىي راۋايەتكە بېغىشلاپ تونۇشتۇرۇلغان.

3 . «دىۋان» دا سۆز - ئىبارىلەرنىڭ ئىستىمال مەنىسىنى جانلىق ۋە ئىنچىكە ئىپادە قىلىش ئۈچۈن، ئاپتور كىتاپقا 242 كۇپلېتچە ھەر خىل تېمىدىكى ئەدىبىي پارچە، 200 مىسرادىن ئارتۇق ھەر خىل مەزمۇندىكى ماقال - تەمسىل ۋەھېكمەتلىك سۆزنى ئۆرنەك تېرىقىسىدە كىرگۈزگەن.

4 . «دىۋان» دا تۇرلۇك زىرائەت، گۈل - گىيا ۋە داۋۇ - دەرەخلەرنىڭ ناملىرى، ھەر خىل ھايۋانلار، ئۇچار قۇشلار، ھەتتا قۇرۇت - قوڭغۇز قاتارلىقلارنىڭ ئاتلىرى ،شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ قىسمەن مۇھىم خۇسۇسىيەتلىرى ئايرىم - ئايرىم تونۇشتۇرۇلغان. چارۋىچىلىق ۋە مال دوختۇرلۇققا ئائىت بىر قىسىم بىر قەدەر ئومۇمىي ئىبارىلەرمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈلگەن.

5 . «دىۋان» دا ھۈنەر - سەنئەتكە ، ئۇيغۇر ۋە تۈركى تىلدا سۆزلىشىدىغان باشقا خەلقلەرنىڭ كۈندىلىك ماددى ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىغا ئالاقىدار نۇرغۇن مەلۇماتلار بېرىلگەن. ئالايلى، بەزى غىزالارنىڭ ئېتىلىش ئۇسۇللىرى ، خىلمۇ - خىل چالغۇ ئەسۋاپلار، زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرى، قاچا - قومۇچلار، كىيىم - كېچەكلەرنىڭ ۋە ئۇلارغا دەزمال باسىدىغانلىقى ، ھەتتا ئاياللارنىڭ باغىرداق (لىپىتىك) تارتىدىغانلىقى قاتارلىق كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ ھەممە ساھەلىرىدىن زۆرۈر چۈشەنچىلەر بېرىلگەن.

6 . «دىۋان»دا تىبابەتچىلىككە تەۋە مەلۇماتلارمۇ ئاز ئەمەس. كىتاپقا ئۇيغۇر ۋە تۈركى تىلدا سۆزلىشىدىغان باشقا خەلقلەر كۆپرەك ئىستىمال قىلىدىغان بەزىبىر ئۆسۈملۈك ۋە مىنېرال دورىلىرىنىڭ نامىمۇ كىرگۈزۈلگەن ھەم بەزى ئادەتتىكى ۋە تارقىلىشچان كېسەللىكلەر توغرىسىدىمۇ توختىلىپ ئۆتۈلگەن.

7 . «دىۋان » دا ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشى ۋە ھاكىمىيەت دەرىجىلىرى، ھۆكۈمرانلارنىڭ تەبىقىلىرى ۋە ئۇنۋانلىرىغا ئائىت ئاتالغۇلار خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ، جۈملىدىن

ھەربى تۈزۈم، جەڭ ۋە تاكتىكا توغرىسىدىكى سۆز - ئىبارىلەرمۇ خېلى سالماقنى ئىگ-
گىلەيدۇ. مانا بۇلار، ئەينى زامانلاردىلا ئۇيغۇر ۋە تۈركى تىلدا سۆزلىشىدىغان باشقا
خەلقلەر ياشىغان بۇ كەڭ دىياردا مۇنتىزىم ھەربى قوشۇننىڭ ۋۇجۇتقا كەلگەنلىكىنى،
شۇنىڭدەك ھەربى ئىلىمنى تەتقىق قىلغۇچى ۋە ھەربى مەشقنى ئۆگەتكۈچى مەخسۇس
ئەمەلدارلارنىڭ تەسىس قىلىنغانلىقىنى دەلىللەيدۇ.

8 . «دىۋان» دا كالىندارچىلىق ۋە ئاستىرونومىيىگە ئائىت بىلىملەرمۇ بار. ئاللا ي-
لى، ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركى خەلقلەرنىڭ ناھايىتى قەدىمدىلا يىللارنى مۆچەل بىلەن
ھىساپلايدىغانلىقى، ئاي، ھەپتە ۋە كۈنلەرگە خاس ئات قويغانلىقى ئەسلىتىپ ئۆتۈل-
گەن. خۇسۇسەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئاستىرونومىيە ساھەسىدىكى پەلەك بۇرچلىرى ھەم سەي-
يارىلەرنى خېلى بۇرۇنلا بايقاش ھەم ئۇنى ئىلمىي تەتقىق قىلىش ئارقىلىق كۆپلى-
گەن يۇلتۇز - سەييارىلەرگە خاس ئىسىم قويغانلىقى قەيت قىلىنغان.

يۇقۇرىدا تىلغا ئېلىنغانلاردىن باشقا، «دىۋان» نىڭ يەنە بىر قىممەتلىك يېرى
شۇكى، «ئۆز دەۋرىنىڭ ئاجايىپ بىلىمدانى، ئېنسىكلوپېدىست ئالىم مەھمۇت قەشقىرى
قەلىمىگە مەنسۇپ نادىر ئەسەر» ⑤ دە تۈركى تىللارنىڭ فونېتىكىلىق، گىراماتىكىلىق
قائىدە - قانۇنلىرى «خاقانىيە تىلى» (ئۇيغۇر تىلى) نىڭ فونېتىكىلىق، گىراماتىكىلىق
قانۇنىيەتلىرى ۋە لېكسىكولوگىيىلىك خۇسۇسىيەتلىرى ئاساسىدا تولىمۇ ئىخچام ۋە چۈشى-
نىشلىك قىلىپ ئىلمىي چۈشەندۈرۈلگەن. دىمەك، ئالىم، تىلشۇناس مەھمۇت قەشقىرى
«دىۋان» دىن ئىبارەت بۇ ئۆلمەس ئەسەردە، تۈركى تىللار بىلەن ئەرەپ تىلىنى ئىن-
چىكە سېلىشتۇرغاندىن باشقا، يەنە تۈركى تىللارنىمۇ ئۆز ئارا ئىنچىكە سېلىشتۇرۇش
ئارقىلىق، سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق ئىلمىگە دۇنيادا تۇنجى بولۇپ ئاساس سالغان.

قىسقىسى، «جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەدىنىيەت غەزىنىسىدىكى جۇلالىق مەرۋايىت،
مەڭگۈلۈك يادىكارلىق، پۈتمەس - تۈگىمەس بايلىق «دىۋان» — دۇنيادا بىرىنچى
قېتىم مەيدانغا چىققان تۈركى تىللار لۇغىتىلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ بىزنى
ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونى ۋە كەڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا ئالاقىدارمول تارىخىي بىلىملەر
بىلەن تەمىنلىگەنلىكىدىن ئېيتقاندا، ئۇنى ئىخچام بىر ئېنسىكلوپېدىيە دەپ ئاتىساق قىل-
چىمۇ مۇبالىغە قىلغان بولمايدۇ» ⑥. «دىۋان» نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى
نۇسخىسىنىڭ تولۇق نەشردىن چىقىشى ھەر مىللەت كىتاپخانلارنى، بولۇپمۇ، مەملىكەت
ئىچكى - تېشىدىكى كەڭ ئىلىم ئەھلىلىرىنى تولىمۇ خوشال قىلدى. شۇنداقلا، ئىجتى-
مائىي پەن ساھەسىدىكى ئىلمىي تەتقىقاتنى تېخىمۇ جانلاندۇردى. شۈبھىسىزكى، ھەر
مىللەت كىتاپخانلا جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ قىممەتلىك مىراسى بولغان «دىۋان» نىڭ

مەملىكىتىمىز تارىخىدا تۇنجى قېتىم يورۇقلۇققا چىقىشىغا غەمخورلۇق ۋە يېتەكچىلىك قىلغان ھەر دەرىجىلىك پارتىيە - ھۆكۈمەتكە چىن قەلبىدىن رەھمەت ئوقۇيدۇ؛ بۇ شاھانە ئەسەرنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشىگە تېگىشلىك ئەجرە قوشقان بارلىق ئىلمىي خادىملارغا چىن قەلبىدىن مىننەتدارلىق بىلدۈرىدۇ. بۇ يەردە يەنە شۇنىمۇ قەيت قىلىپ ئۆتۈشكە بولىدۇكى، ئېلىمىزنىڭ ھەر مىللەتتىن تەركىپ تاپقان تەتقىقات خادىملىرى، مائارىپچىلىرى بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، قويۇق ھەمكارلىشىپ كۈچىنى كۈچكە ئۇلاپ، «دىۋان» ئۈستىدىكى تەتقىقاتنى، ئوقۇ - ئوقۇتۇشنى قەدەممۇ - قەدەم چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يېقىن كەلگۈسىدە دىۋانشۇناسلىقنى بەرپا قىلغۇسى. دىۋانشۇناسلىقنىڭ بەرپا قىلىنىشى مەملىكىتىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتتىن ئىبارەت ئىچكى چوڭ قۇرۇلۇشىدا تېخىمۇ يېڭى، تېخىمۇ پارلاق سەھىپىلەرنى ئاچقۇسى.

ئىزاھلار:


1. لى كەي: «مەھمۇت ۋە ئۇنىڭ ‹تۈركىي تىللار دىۋانى› ھەققىدە» («كاشغەر»، خەنزۇچە نەشرى، 1983 - يىل 2 سان، 7 - بەت).
2. چېڭ يى قاتارلىقلار: «يىپەك يولىدا ساياھەت»، 1981 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 153 - بەت).
3. «ئوكيانۇس»، 1979 - يىل، شاڭخەي لۇغەت كىتاپلىرى نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان بىر توملۇق نۇسخا، 1795 - بەت.
4. مەھمۇت قەشقىرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى نۇسخىسى، بىرىنچى توم، 5 - بەت.
5. يۇقۇرقى كىتاپ، 3 - بەت.
6. غ. سەيدۇۋاققاسوۋ «مەشھۇر ‹دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك› نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى ھەققىدە»، سوۋېت «كوممۇنىزم تۇغى» گېزىتى، 1983 - يىل 22 - 23 - فېۋرال سانلىرى.

# شېڭ شىسەيىنىڭ جىياڭ جيېشىغا بېقىنىشىدىكى ئىچكى سىر

جاڭ مىڭ

1933 - يىل 12 - ئاپرېل كۈنى، شىنجاڭدا فېئودال مىلىتارىست جىن شۇرېننى تەختتىن چۈشۈرۈش مەقسەت قىلىنغان سىياسى ئۆزگىرىش يۈز بەرگەن، تۆرلۈك تارىخىي ئامىللارنىڭ قوشۇلۇپ كېلىشى بىلەن، شېڭ شىسەي شىنجاڭنىڭ ھەربى - مەمۇرى ھوقۇقىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالغان. شېڭ شىسەي تەختكە چىقىپ 1944-يىل 9 - ئايدا شىنجاڭدىن كەتكەنگە قەدەر بولغان 12 يىل ئىچىدە، شىنجاڭنىڭ جەمىيەت تەرەققىياتى مۇنۇ ئۈچ باسقۇچنى بېسىپ ئۆتتى:

1933 - يىلدىن 1938 -يىلىغىچە، شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش، كومپارتىيە بىلەن بىرلىشىش سىياسىتىنى ئىجرا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەر تەرەپلىمە ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ماجۇڭيىڭنىڭ بېسىپ كىرىشى بىلەن كېلىپ چىققان شىنجاڭ ۋەزىيىتىدىكى قالايمىقانچىلىقنى تۈگەتتى، سوۋېت كومپارتىيىسى ئەزالىرى ۋە جۇڭگو كومپارتىيىسى ئەزالىرىنىڭ باشلامچىلىغىدا، ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى رەتكە سېلىپ، ئىقتىسات ۋە مەدەنىيەتنى ئەسلىگە كەلتۈردى ۋە راۋاجلاندۇردى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ۋە ئىنقىلاپ قىلىش ئىدىيىسىنى تارقاتتى. دېمەك، بۇ يىللار شىنجاڭ جەمىيىتىنىڭ يۇقۇرى ئۆرلەش باسقۇچى بولغان ئىدى.

1939 - يىلدىن 1941 - يىلىغىچە، يەنە تۆرلۈك تارىخىي ئامىللارنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، شېڭ شىسەي ئۆزىنىڭ شەخسى ئورنىنى قوغداپ قېلىشنى كۆزدە تۇتۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش، كومپارتىيە بىلەن بىرلىشىش سىياسىتىدىن بىتەرەپلىككە، ئارىسالدىلىققا، ئوڭ - سولغا تەۋرىنىشكە يۈزلىنىپ، شامالنىڭ يۆنىلىشىگە قاراپ كېمە ھەيدەش سىياسىتىنى ئىجرا قىلدى. ئۇنىڭ «شىنجاڭدىكى 6 بۈيۈك سىياسەتنى ئاساس قىلغان سىياسى گۇرۇھ - گومىنداڭ

بىلەن گۇڭچەنداڭنىڭ سىرتىدىكى ئۈچىنچى مۇستەقىل سىياسىي گۇرۇھ دۇر» دەپ ئوچۇق جاكالاپ، «6 يۇلتۇز جەمىيىتى» نى مەخپىي تەشكىللىگەنلىكى ئەنە شۇ ئۆزگىرىشنىڭ روشەن ئالامىتى ئىدى. بۇ يىللار ئىلغارلىق بىلەن ئەكسىيەتچىلىك گىرەلىشىپ كەتكەن، سىياسىي ۋەزىيەت داۋالغۇپ تۇرغان يىللار بولۇپ، جەمىيەت تەرەققىياتى تۇرغۇن ھالەتكە چۈشۈپ قالغان ئىدى.

1942 - يىلدىن 1944 - يىلغىچە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ فاشىزىمغا قارشى ئۇرۇشى قىيىن باسقۇچتا تۇرغان، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى كومپارتىيىگە قارشى 3 قېتىم دولقۇن قوزغىغان، ياپون باسقۇنچىلىرى «چوڭ تازىلاش» ئېلىپ بېرىۋاتقان، پارتىيىمىز ۋە ئارمىيىمىز مۇشكۇل شارائىتتا تۇرىۋاتقان، شىنجاڭدا خىزمەت قىلىۋاتقان سوۋېت كومپارتىيىسى ئەزالىرى ۋە جۇڭگو كومپارتىيىسى ئەزالىرى سىياسىي ۋە تەشكىلىي جەھەتلەردىن تەييارلىقسىز ھالەتتە تۇرىۋاتقان ئەھۋالدا، شېڭ شىسەي 6 بۈيۈك سىياسەتنى چۆرۈپ تاشلاپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە ئاسىيلىق قىلىپ، جياڭ جيېشىغا بېقىنىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا ۋە كومپارتىيىگە قارشى تۇرۇش يولىغا قاراپ ماڭدى، شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى مىسلىسىز زور بالايى - ئاپەتكە ئۇچراپ، شىنجاڭنىڭ جەمىيەت تەرەققىياتىدا زور چېكىنىش يۈز بەردى.

ئەمدى بىز ئىبلىس شېڭ شىسەينىڭ قانداق قىلىپ جياڭ جيېشى بىلەن تۇمشۇق يالىشىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە ساتقىنلىق قىلغانلىقى، ئۆزىنىڭ سادىق دوستلىرى — سوۋېت كومپارتىيىسى ۋە جۇڭگو كومپارتىيىسىگە ئاسىيلىق قىلغانلىقىنى كۆرۈپ باقايلى.

مەن نەنجىڭ ئازات قىلىنغان چاغدا، جۇنتۇڭ* سىستېمىسىدىكى بىر ئىشپىيون باشلىقىنىڭ قېچىش ۋاقتىدا ھودۇقۇپ تاشلاپ كەتكەن 4 پارچە خاتىرە دەپتىرىنى كۆرۈپ چىقىش پۇرسىتىگە ئىگە بولغانلىقىم ئۈچۈن، ئۇنىڭدىن بەزى ئەھۋاللارنى بىلىش ئىمكانىيىتى تۇغۇلدى. جۇنتۇڭ سىستېمىسىدىكى بۇ ئىشپىيون باشلىقىنىڭ

* جۇنتۇڭ (军统) دىگەن سۆز 国民党中央军事调查统计局 (گومىنداڭ مەركىزىي كومىتېت ھەربىي ئىشلارنى تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىش، ئىستاتىستىكىلاش ئىدارىسى) دىگەن سۆزنىڭ قىسقارتىلمىسى بولۇپ، بۇ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ سېسىق نامى پۇر كەتكەن، جىنايىتى چېكىدىن ئاشقان فاشىستلىق - ئىشپىيونلۇق تەشكىلاتى. — تەرجىماندىن.

ئىسمى تاڭ زۇڭ. ئۇ شۇ چاغدا جياڭ جيېشىنىڭ مۇھاپىزەت ئىشخانىسى 2-باشقارما 6-گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى ھەم تەكشۈرۈپ ئىستاتىستىكىلاش ئىدارىسى(军统局)باشلىقىنىڭ ياردەمچىسى بولۇپ، جياڭ جيېشى گۇرۇھىنىڭ ھەر قايسى ئىشپىيون سىستېمىلىرى يوللاپ بەرگەن ئاخباراتلارنى توپلاپ ۋە تەكشۈرۈپ جياڭ جيېشىغا ئىنكاس قىلىش ئىشىغا مەخسۇس مەسئۇل بولغان. ئۇ جياڭ جيېشىنىڭ ئىشەنچلىك يېقىن ئادىمى ئىدى.

شىنجاڭنىڭ شۇ مەزگىلدىكى تارىخىنى تەتقىق قىلغۇچى يولداشلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن، تۆۋەندە تاڭ زۇڭنىڭ خاتىرىسىدىكى شىڭ شىسەينىڭ جياڭ جيېشىغا يېقىنلاشقانلىقىغا دائىر ئەھۋاللارنى ئۈزۈندە قىلىپ بەرمەكچىمىز.

(1)

تاڭ زۇڭ 1942-يىل 5-ئاينىڭ 23-كۈنىدىكى خاتىرىسىدە مۇنداق دەپ يازغان: «چۈشتىن كېيىن بېيپەيگە زىيارەت ئۈچۈن بېرىپ، جاڭ يۈەنفۇ، شىڭ شىجى بىلەن كۆرۈشتۈم. (شىجى يېيۈڭ دەپمۇ ئاتىلىدۇ) شىڭ شىسەيگە ۋاكالىتەن ۋېييۈەنجاڭ جاناپلىرى* بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن كەلگەن ئىكەن». «مەن جاڭ يۈەنفۇدىن شىڭ شىسەينىڭ كومپارتىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى سورىدىم. ئۇ: شىڭ شىسەي كومپارتىيە بىلەن ھەرگىز بىر يولدا ئەمەس، دەپ جاۋاپ بەردى.»

شىڭ شىسەي ئۆزىنىڭ بەشىنچى ئىنىسى شىڭ شىجى (شۇ چاغدا شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە دۇبەن مەھكىمىسى چېگرا ئىشلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقى) نى ئۆزىگە ۋاكالىتەن جياڭ جيېشى بىلەن كۆرۈشۈشكە ئەۋەتكەنلىكى ئۇنىڭ جياڭ جيېشىغا يېقىنىش ئۈچۈن باسقان بىرىنچى قەدىمى ئىدى.

جاڭ يۈەنفۇ بولسا شىڭ شىسەينىڭ گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىدە تۇرۇشلۇق ۋەكىلى بولۇپ، شىڭ شىسەي ياپونىيەدە ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە، پۇل خىراجەت جەھەتتىن ئۇنىڭ زور ياردىمىگە ئېرىشكەن. شۇڭا شىڭ شىسەي ئۇنى ئۆزىنىڭ شەپقەتكارى دەپ ھېساپلىغان. شىڭ شىسەي شىنجاڭدا ھاكىمىيەتنى ئىگىلەش بىلەنلا، ئۇنى شىنجاڭ ھۆكۈمىتىنىڭ نەنجىڭدا تۇرۇشلۇق ۋەكىلى قىلىپ ئەۋەتكەن. بۇ ئادەمنى مەن نەنجىڭ ۋە ۋۇخەندە كۆرگەن ئىدىم. ئۇ بىر كونا بيوروكرات سىياسى دەللال،

* جياڭ جيېشىنى دېمەكچى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق.— تەرجىماندىن.

ئەپيۇنكەش، ئىدىيىسى ئەكسىيەتچى بولۇپ، ئۇنىڭ چىن لىفۇ، چېن گوفۇلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قويۇق ئىدى. شېڭ شىسەينىڭ جياڭ جيېشىغا بېقىنىشىنى ئەنە شۇنىڭ ۋاستىچىلىكى بىلەن بولغان دېيىشكە بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

شېڭ شىسەينىڭ قول ئاستىدىكى ئىشپىيون باشلىغى قورچاق شىنجاڭ ئۆلكىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسىنىڭ باشلىغى لى يىڭچى شىنجاڭ ئازات بولغاندىن كېيىن قولغا ئېلىنغان، ئۇنىڭ 1951 - يىل 3 - ئاينىڭ 16 - كۈنى يازغان بىرپارچە ئىقرارماتېرىيالى—«شېڭ شىسەينىڭ جىنايى قىلمىشلىرى» دا مۇنداق دېيىلگەن: « مىنگونىڭ 31 - يىلى ياز پەسلىدە، شېڭ شىسەي ئۆز ئىنىسى شېڭ شىجىنى ئۇشتۇمتۇتلا ئايروپىلان بىلەن چۇڭچىڭغا ئەۋەتتى. بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدى ... كۈز پەسلىدىن كېيىن، جۇ شاۋلياڭ، ۋۇ جۇڭشىن، ۋوڭ ۋېنخاۋ، سۇڭ شىيلىڭ، ماۋ باڭچۇ، ۋۇز يشياڭ قاتارلىقلار كەينى - كەينىدىن غەرپكە كېلىشتى. شۇنداق قىلىپ شېڭ شىسەي ئۇلار بىلەن مادارا قىلىشقا باشلىدى.» (ئىلاۋە: جۇشاۋلياڭ 8 - ئۇرۇش رايونىنىڭ قوماندانى، ۋوڭ ۋېنخاۋ ئىقتىسادىي ئىشلار مىنىستىرى، ماۋباڭچۇ هاۋا ئارمىيىسى باش قوماندانى — ئاپتور). مانا بۇمۇ شېڭ شىجىنىڭ چۇڭچىڭغا بېرىپ جياڭ جيېشى بىلەن كۆرۈشۈشى شېڭ شىسەينىڭ جياڭ جيېشىغا بېقىنىشتىكى بىرىنچى قەدىمى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

تاڭ زۇڭنىڭ خاتىرىسىدە يېزىلىشىچە، جۇشاۋلياڭ، ماۋ باڭچۇ، ۋۇ ۋېنخاۋلارنىڭ شىنجاڭغا سەپەر قىلغانلىقىنى 1942 - يىل 7 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئاخشىمى خې جۇرېن ئۇختۇرغان ئىكەن، خې جۇرېن دىگىنى خې جۇڭخەن بولسا كېرەك — ئاپتور). 7- ئاينىڭ 14- كۈنى تاڭ زۇڭنىڭ خاتىرىسىدە مۇنداق دەپ يېزىلغان: «ئەتىگەندە مەن پىڭيۈەن بىلەن بىرگە جۇسىلىڭ جاڭگۇەننى زىيارەت قىلىشقا باردىم. جۇ بۇ قېتىم ۋېييۈەنجاڭ جانابلىرىغا دوكلات قىلىش ئۈچۈن شىنجاڭدىن ئايروپىلان بىلەن چۇڭچىڭغا ئالاھىدە كەلگەن ئىكەن.»

جۇشاۋلياڭنىڭ شۇ قېتىم شىنجاڭغا كېلىشى چوڭ ئىشقا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇ جياڭ جيېشىغا ۋاكالىتەن شېڭ شىسەي بىلەن تۇنجى قېتىم يۈز تۇرانە ئۇچراشقان. بۇ ئۇچرىشىش ئەھۋال ئۇقۇش، ۋەزىيەتنى كۆزىتىپ بېقىش، مۇددىئانى سىناپ كۆرۈشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلار بىر بىرىنى جەلپ قىلىش، ئۆز ئارا يېقىنلىشىشنىڭ شەرتلىرى جەھەتتە بىر بىرىگە بىشارەت بېرىشكەن. ...

جياڭ جيېشى جۇ شاۋلياڭنىڭ دوكلادىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئىنتايىن ئېھتىياتچان پوزىتسىيە تۇتقان. تاڭ زۇڭنىڭ خاتىرىسىدە مۇنداق دەپ يېزىلغان: «1942 - يىل 7 - ئاينىڭ 16 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، پىرقە، ھۆكۈمەت ۋە ئارمىيە كاتىۋاشلىرى مەجلىسىدە

لىيۇ مۇئاۋىن مىنىستىر ۋېيىۋنجاڭ جاناپلىرىنىڭ مۇنۇ ئىككى يولىيورۇغىنى يەتكۈزدى: 1) شىنجاڭ ۋەقەسىنى بىلگەنلەر كۆپ سۆزلىمىسۇن، بىلمىگەنلەر سورىمىسۇن. ئەگەر بىرسى سوراپ قالسا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىزگە بولغان پوزىتسىيىسى ناھايىتى ياخشى دەپ جاۋاپ بېرىلسۇن. 2) جۇڭگو كومپارتىيىسى مەسىلىسىدە، بىرسى بىلەن سۆھبەت قىلىش توغرا كېلىپ قالسا، جۇڭگو كومپارتىيىسىدە ئويغىنىش بار، ئۇلار تووا قىلىپ ئىتتىپاقلىشىشنى خالايدىكەن، دەپ جاۋاپ بېرىلسۇن. ئۇنىڭدىن باشقا سۆزلەرنى قىلىش ھاجەتسىز.»

بۇ ھال ئىشنىڭ تېخى نازۇك باسقۇچتا تۇرۇۋاتقانلىقى، جياڭ جيېشى پەيتنى قولدىن بەرمەي، شىنجاڭ مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىشنى بىرىنچى دەرىجىلىك چوڭ ئىش دەپ بىلىپ، شەخسەن ئۆزى تۇتۇۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. تاڭ زۇڭ 1942-يىل 8-ئاينىڭ 15-كۈنىدىكى خاتىرىسىدە: «چۈشتىن ئىلگىرى سائەت 10 دا، ۋېيىۋەنجاڭ جاناپلىرى ئايروپىلان بىلەن لەنجوغا سەپەر قىلدى. نۇرغۇن كىشى بىلەلمىگىدى» دەپ يازغان. شۇنىڭغا ئۇلاپلا، 1942-يىل 8-ئاينىڭ 20-كۈنىدىكى خاتىرىسىدە مۇنداق دەپ يازغان: «لەنجودىن تېلېفون: ۋېيىۋەنجاڭ جاناپلىرى لوجويىڭ، ماۋبا گېچۇ، ۋۇ زېشياڭ قاتارلىقلارنىڭ شۇ كۈنى ئايروپىلان بىلەن لەنجوغا يېتىپ كېلىشىنى بۇيرۇدى... ئاڭلىشىمچە، ۋېيىۋەنجاڭ جاناپلىرى شىنجاڭدىن شېڭ شىسەي بىلەن جويىمىڭنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن ئايروپىلان ئەۋەتكەن ئىكەن، شېڭ شىسەي جويىمىڭ بىلەن بىللە كەلمەپتۇ. ۋۇ زېشياڭ بولسا شىنجاڭغا ئەۋەتىلگەن دىپلوماتىيە خادىمى. شېڭ شىسەي دىپلوماتىيە ئىشلىرىنى مەركەزنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرۇپ بەردى. بۇ، شىنجاڭنى بىرلەشتۈرۈشنىڭ بىرىنچى قەدىمى ئىدى. شېڭ شىسەي يەنە زورلۇق تېپىلغاندا مەركەزنىڭ شىنجاڭغا بىر دىۋىزىيە ئەسكەر كىرگۈزۈشىگىمۇ ماقۇل بولغان. لېكىن شېڭ شىسەي كۆرەڭلىك بىلەن قەد كۆتىرىپ تۇرۇۋاتقان بولغاچقا، تاكى ئامالسىز ھالەتكە چۈشۈپ قالمىغىچە، ئۆز قولىدىكى ھوقۇقنى ھەرگىز باشقىلارغا ئۆتكۈزۈپ بەرمەيدۇ. ئاڭلىشىمچە، شېڭ شىسەي ئىنتايىن گۇمانخور بولۇپ، ھەر قانداق ئادەمگە ئىشەنمەيمىش. شۇڭا ۋېيىۋەنجاڭ جانابلىرى ئايروپىلان ئەۋەتىسىمۇ، جويىمىڭ بىلەن بىللە كەلمەپتۇ. بۇنىڭ ئىچىدە خېلى گەپ باردەك قىلىدۇ، ئۇنى تېخى ھە دېگەندىلا ھەل قىلىپ كەتكىلى بولمىسا كېرەك.»

ئۇنىڭ «شېڭ شىسەي كۆرەڭلىك بىلەن قەد كۆتىرىپ تۇرۇۋاتقان بولغاچقا، تاكى ئامالسىز ھالەتكە چۈشۈپ قالمىغىچە، ئۆز قولىدىكى ھوقۇقنى ھەرگىز باشقىلارغا ئۆتكۈزۈپ بەرمەيدۇ» دېگىنى توغرا. «شېڭ شىسەي ئىنتايىن گۇمانخور بولۇپ، ھەر

قانداق ئادەمگە ئىشەنمەيمىش. شۇڭا ۋېيىۋەنجاڭ جانابلىرى ئايروپىلان ئەۋەتىسمۇ، جۈيەمىسلىك بىلەن بىللە كەلمەيتۇ» دېگىنىمۇ توغرا. شىڭ شىسەي ئىنتايىن گۇمانخور بولۇش بىلانلا قالماي، بەلكى ئۆتكەن ئىشلارنىمۇ ئېسىدىن ئاسان چىقارمايدۇ. مەسىلەن، 12-دېكابىر ۋەقەسىدە جاڭ شۆلياڭ جياڭ جيېشىغا ھەمرا بولۇپ نەنجىڭگە قايتقاندا، ئايروپىلاندىن چۈشۈش بىلانلا ئۇنى نەزەر بەنت قىلىپ قويغان ئىدى. بۇ ۋەقەنىڭ بولۇپ ئۆتكىنىگە 6 يىل بولغان بولسىمۇ، لېكىن شىڭ شىسەي ئۇنى ئېسىدىن چىقارمىغان. «بۇنىڭ ئىچىدە خېلى گەپ باردەك قىلىدۇ. ئۇنى تېخى ھەدىگەندىلا ھەل قىلىپ كەتكىلى بولمىسا كېرەك» دېگىنىگە كەلسەك، ئىش ھەقىقەتەن شۇنداق. تۆۋەندىكى ئەھۋال بۇنىڭ بىر مىسالى:

تاڭ زۇڭ 1942-يىل 8-ئاينىڭ 28-كۈنىدىكى خاتىرىسىدە مۇنداق دەپ يازغان: «شىنجاڭ پۇلى بىلەن فابى* پۇلىنىڭ قىممىتى 6 ھەسسە پەرقلىنىدۇ. شىڭ شىسەي مەركەزنىڭ شىنجاڭدا پۇل ئىشلىتىشتە شىنجاڭ پۇلىنى ئىشلىتىشىنى، فابى پۇلىنى شىنجاڭ پۇلىغا ئالماشتۇرماستىن. شىنجاڭغا بېرىدىغان پۇلنىڭ 50 پىرسەنتىگە ئامېرىكا دوللىرى، 30 پىرسەنتىگە چاي، شېكەر، رەخت ۋە ھەر خىل مال، 20 پىرسەنتىگە فابى پۇلى بېرىشنى ئۈمىت قىلىدىكەن. شىنجاڭدا مال باھاسىنى تۇراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن، بىرىنچى قەدەمدە شىڭ شىسەينىڭ تەلىۋىنى قوبۇل قىلىش، ئىشنى مەركىزىي بانكا تاشقى پېرۋوتنى ئۆزى باشقۇرۇشتىن باشلاپ، پۇل تۈزۈمىنى تەدرىجى بىرلىككە كەلتۈرۈش كېرەك.»

تاڭ زۇڭنىڭ خاتىرىسىدىن قارىغاندا، شۇ چاغدا شىڭ شىسەي پەقەت دىپلوماتىيە ھوقۇقىنىلا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن. شىنجاڭنىڭ دىپلوماتىيە ئىشلىرى، ئاساسەن، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن شىنجاڭنىڭ مۇناسىۋىتىدىن ئىبارەت ئىدى. شىڭ شىسەي ئىلگىرىكى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش مەۋقەسىدىن بىردىنلا بۇرۇلۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا غالجىرلىق بىلەن قارشى تۇرغانلىقى ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن شىنجاڭنىڭ مۇناسىۋىتى ئىنتايىن جىددىيلىشىپ، قىيىن مەسىلىگە ئايلىنىپ قالغان ئىدى. شىڭ شىسەي بۇ ئېغىر يۈكنى جياڭ جيېشىغا تاشلاپ بەرسە، ئۆزىگە ھېچقانداق زىيان يەتمەيتتى.

*گومىنداڭ ھۆكۈمىتى 1935-يىل 11-ئاينىڭ 4-كۈنى كۈمۈش پۇلنى مەنئى قىلىپ، شۇ ۋاقىتتىكى مەركىزىي بانكا، جۇڭگو بانكىسى، قاتناش بانكىسى، جۇڭگو دېخانلار بانكىسى تارقاتقان قەغەز پۇلنى «فابى» (法币) دەپ ئاتىغان.

شېڭ شىسەينىڭ جياڭ جيېشىغا بېقىنىشتىكى شەرتلىرى، ئاخىرقى ھېساپتا، سۇڭ مېيلىڭ جياڭ جيېشىنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىلى سۈپىتىدە شىنجاڭغا كېلىپ شېڭ شىسەي بىلەن سۆزلىشىش ئارقىلىق كېلىشىلگەن. تاڭ زۇڭ 1642-يىل 9-ئاينىڭ 3-كۈنىدىكى خاتىرىسىدە مۇنداق دەپ يازغان: «ۋېيىۋەنجاڭ جانابلىرى (8-ئاينىڭ) 26-كۈنى شىنىڭغا يېتىپ باردى، خانىمى شىنجاڭغا يۈرۈپ كەتتى». 1942-يىل 9-ئاينىڭ 14-كۈنىدىكى خاتىرىسىدە مۇنداق دەپ يازغان: جياڭ جيېشى «ئەسلى ئۆزى بېرىپ شېڭ شىسەي بىلەن كۆرۈشمەكچى ئىدى، شىنجاڭ ئايرودرومىنى نەچچە يۈز روسىيە ئەسكەرلىرى ساقلاپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن بارالمىدى. ھال سوراشقا خانىم باردى. شىنجاڭدا بۈگۈن بايراق يەڭگۈشلەندى. مەركەزدىن خادىم ئەۋەتىپ ياردەملىشىش توغرىسىدا ئىلتىماس يوللاندى.»

جياڭ جيېشى شەخسەن ئۆزى شىنجاڭغا بېرىپ شېڭ شىسەينى تەسلىم قىلماقچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن شېڭ شىسەي ئىنتايىن گۇمانخور بولغاچقا، «ئايرودرومنى بىر قانچە يۈز روسىيە ئەسكەرلىرى ساقلاپ تۇرۇۋاتىدۇ» دېگەن بانا بىلەن، جياڭ جيېشىنىڭ كېلىشىنى رەت قىلغان. ئەمەلىيەتتە، سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ 8-پولكى ئۇ چاغدا قومۇلدا بولۇپ، ئۈرۈمچى ئايرودرومىدا «روسىيە ئەسكەرلىرى» زادىلا يوق ئىدى.

سۇڭ مېيلىڭ 1942-يىلى 8-ئاينىڭ ئاخىرىدا شىنجاڭدىن قايتىپ كېلىپ، 9-ئاينىڭ 1-كۈنى جياڭ جيېشى بىلەن نىڭشاغا بىللە بارغان». 9-ئاينىڭ 3-كۈنى جياڭ جيېشى: «شىئەنگە بېرىپ 1-، 2-، 5-، 8-، ئۇرۇش رايونلىرىنىڭ قوماندانلىرىنى يىغىپ مەجلىس ئاچقان، 1943-يىل 9-ئاينىڭ 14-كۈنى «شىئەندىن ئايروپىلان بىلەن چۇڭچىڭغا قايتىپ كەلگەن».

جياڭ جيېشى شىنجاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، غەربىي شىمالدىكى شەنشى، گەنسۇ، نىڭشيا، چىڭخەي 4 ئۆلكىدە نەق بىر ئاي ئايلىنىپ يۈرۈپ، ھەربىي كۈچلىرىنى يۆتكەپ، تەھدىت ۋە ئالداش ۋاستىلىرىنى قوللىنىپ، شېڭ شىسەينى ئاخىرى باش ئەگدۈرگەن.

6 بۈيۈك سىياسەتنىڭ سىمۋولى بولغان 6 بۇرجەكلىك يۇلتۇز شەكلىدىكى قىزىل بايراق، چۈشۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا كۆك ئاسمان، ئاق قۇياش، قىزىللاشقان زېمىن بەلگىلىك بايراق* چىقىرىلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ پەقەت «بايراقنىڭ يەڭگۈشلىنىشى» دېگەنلا ئىبارەت بولۇپ، ھەممە ھوقۇق يەنىلا شېڭ شىسەينىڭ چاڭگىلىدا ئىدى. شېڭ شىسەينىڭ ئەسلىدىكى ۋەزىيىتى — شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە دۇبەنى،

* گومىنداڭنىڭ ئاتالمىش دۆلەت بايرىقى. — تەرجىماندىن.

شىنجاڭ ئۆلكەسىنىڭ رەئىسى — دىن باشقا، ئۇنىڭغا يەنە گومىنداڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقە بۆلۈمىنىڭ مۇدىر ھەيئىتى، گومىنداڭ مەركىزىي تەپتىش ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى، 8 - ئۇرۇش رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى دىگەن مەنسەپلەر قوشۇلدى. بۇ، شېڭ شىسەينىڭ جياڭ جيېشىگە بېقىنغانلىقى ئۈچۈن جياڭ جيېشى تەرىپىدىن ئۇنىڭغا بېرىلگەن ئىنئام ئىدى. بۇ چاغدا شىنجاڭ يېرىم مۇستەقىل ھالەتتە تۇراتتى.

شېڭ شىسەي ئۆزىنىڭ بۇ ئاسىيلىق قىلمىشىنى قول ئاستىدىكىلەرگە ۋە شىنجاڭدىكى ئاممىغا قانداق ئىزاھلىدى؟

لى يىڭچى يۇقۇرىدا ئېيتىلغان ئىقرار ماتىريالى — «شېڭ شىسەينىڭ جىنايى قىلمىشلىرى» دا مۇنداق دەپ يازغان: « شۇ يىلى (1942 - يىلى) قىش پەسلىدە، شېڭ شىسەي ھەر قايسى ئىدارىلاردىكى مۇھىم خادىملارنى خۇپىيانە چاقىرىپ، ھەر ھەپتىنىڭ 2 - ۋە 6 - كۈنلىرى ئاخشىمى يېڭى بىنا (شېڭ شىسەينىڭ ئولتۇراق جايى) نىڭ مەجلىس زالىدا سەنمىنجۇيىنى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇردى. ئېسىمدە قېلىشىچە، بىرىنچى قېتىملىق ئۆگىنىش باشلانغاندا ئۇ مۇنۇ سۆزلەرنى قىلغان: « سوۋېت - گېرمان ئۇرۇشى سوۋېت ئىتتىپاقى زىمىنىدا بولۇۋاتىدۇ. ئۇرۇشنىڭ قاچان ئاخىرلىشىدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى غەلىبە قىلغان تەقدىردىمۇ، شىنجاڭغا بۇرۇنقىدەك كۈچلۈك ياردەم بېرەلمەسلىكى مۇمكىن. بىز ھازىر سەنمىنجۇيىنى ئۆگىنىپ، مەركەزگە يېقىنلىشىشقا تەييارلىنىشىمىز كېرەك »».

سوۋېت ئىتتىپاقى بولماي قالدى، ئەمدى يېڭى يۆلەنچۈك تېپىش كېرەك. شۇ چاغدىكى ئەھۋالدا، پەقەت جياڭ جيېشىغا يەنى ئامېرىكا - ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىگە تايىنىش كېرەك، مانا بۇ — شېڭ شىسەينىڭ ئۆز ھوقۇق ئورنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن بىۋاستە كۆزلىنىشتىن ھاسىل قىلغان مەنتىقىي خۇلاسىسى. ئۇنىڭ « جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش »، « سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش »، سىياسى پىرىنسىپ دىگەنلىرىنىڭ ھەممىسى بىكار گەپ. ئۇنىڭ قارىشىچە، پىرىنسىپنى ئۆزگەرتكىلى، پىرىنسىپ ئۈستىدە سودىلاشقىلى بولىدۇ، پىرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش ئاخماقلارنىڭ ئىشى !

لى يىڭچىنىڭ 1951 - يىل 1 - ئاينىڭ 26 - كۈنى يازغان ئىقرار ماتىريالى — « شېڭ شىسەينىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كومپارتىيىگە قارشى تۇرغان جىنايى پاكىتلىرى » دا مۇنداق دىيىلگەن: « مىنگونىڭ 32 - يىلى 1 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، ئۇ گومىنداڭنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقە بۆلۈم مۇدىر ھەيئەتلىكىگە تەيىنلەنگەنلىكى مۇناسىۋىتى بىلەن دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ غەربىي زالىدا ئۆتكۈزگەن يىغىندا: « مېنىڭ

چە. ماركسىزىم - لېنىنىزىمدا نۇقسان بار. بۇندىن كېيىن مەنىلا ئەمەس، بەلكى مېنىڭ ئەۋلاتلىرىمنىڭمۇ ئۇنىڭغا ئېتىقات قىلىشقا بولمايدۇ»، دېگەن».

شېڭ شىسەي ئۆزىنىڭ «ئاممىغا مۇراجىئەت» دېگەن ئىمىسىدە: «سەنمىنجۈيى — 6 بۈيۈك سىياسەتنىڭ قائىدە - پىرىنسىپى، 6 بۈيۈك سىياسەتمۇ ئۆلكىمىزدە سەنمىنجۈيىنى يولغا قويۇشنىڭ كونكىرىت لايىھىسى» دېگەن. ۋاھالەنكى، ئۇ ئىلگىرى سۆزلىگەن سۆزلىرىدە، يازغان نەرسىلىرىدە: «6 بۈيۈك سىياسەتنىڭ نەزىرىيە ئاساسى — دىيالېكتىك ماتېرىيالىزىم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزىم» دەپ ئېرىنمەي تەكرارلايتتى. ئەمدىلىكتە تىلىنى بىر يالماپلا باشقىچە مۇقامغا توۋلاشقا باشلىدى. دېمەك، ئۇنىڭ ئۈچۈن بۇ دۇنيادا نومۇس دېگەن نەرسە مەۋجۇت ئەمەس!

ئەمدى شېڭ شىسەينىڭ جياڭ جېيىشىغا نېمە دېگەنلىكىنى كۆرۈپ باقايلى!

1942 - يىلى شېڭ شىسەي جياڭ جېيىشىغا ئۆز قولى بىلەن بىر پارچە خەت يازغان. ئەن نىڭ دېگەن كىشى «شىنجاڭنىڭ ئىچكى سىرى» دېگەن ماقالىسىدا بۇ خەتنى نەقىل كەلتۈرگەن. ئۇنىڭدا مۇنداق دەپ يېزىلغان: «يېقىندا كەمىنە خىزمەتچىلىرىنىڭ ئىنىسى شىجى چۇڭچىڭغا بېرىپ، جانابلىرى بىلەن كۆرۈشۈشكە مۇيەسسەر بولغانلىقى ھەمدە سەمىمىي كۈتۈلۈشكە ئېرىشكەنلىكى ئۈچۈن ئىنتايىن مىننەتدار بوپتۇ. شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، جانابلىرىنىڭ «سەنمىنجۈيىنىڭ ئۆزىمۇ سوتسىيالىزىم» دېگەن تەبىرلىرىنى ئېيتىپ بەردى. بۇنى ئاڭلاپ ئىنتايىن تەسىرلەندىم. كەمىنە خىزمەتچىلىرى «6 بۈيۈك سىياسەت دەرسلىكى» دېگەن ناباپ ئەسىرىمنىڭ 2 - قىسمىدىمۇ جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ بىرىنچى باسقۇچىدا سەنمىنجۈيى يولغا قويۇلىدۇ، ئىككىنچى باسقۇچىدا سوتسىيالىزىم يولغا قويۇلىدۇ. دېگەن ئىدىم، مانا بۇ كەمىنە خىزمەتچىلىرىنىڭ ئىدىيىسى جانابلىرىنىڭ نەزىرىيىسى بىلەن دەل ماس كېلىدىغانلىقىنى تېخىمۇ ئىسپاتلايدۇ».

بۇنىڭدىن كۆرىمىزكى، جياڭ جېيىشى شېڭ شىسەيگە پەشتاقتىن چۈشۈۋېلىش ئۈچۈن شوتا قويۇپ بەرگەن. شېڭ شىسەي بولسا ئۇنىڭغا پۈتۈن كۈچى بىلەن ماسلاشقان. ئۇلارنىڭ ئورتاق ئاساسى بىر، يەنى ئىنقىلاپقا ئاسىيلىق قىلىش. بىرسى بۇرۇنراق — 1927 - يىلى؛ بىرسى كېيىنرەك — 1942 - يىلى، خالاس.

(2)

شېڭ شىسەينىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش، كومپارتىيە بىلەن بىرلىشىشتىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كومپارتىيىگە قارشى تۇرۇشقا ئۆتۈش جەريانىدىكى

ئەھۋال زادى قانداق بولغان؟

تاڭ زۇڭ 1942 - يىل 7 - ئاينىڭ 9 - كۈنىدىكى خاتىرىسىدە مۇنداق دەپ يازغان:

« مەزمۇنى: سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ باش ئەلچىسى ۋېيىۋەنجاڭ جانابلىرى بىلەن كۆرۈشتى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئۈزۈلگەن.

سوۋېت ئىتتىپاقى باش ئەلچىسى پەن يۈشىن چۈشتىن كېيىن ۋېيىۋەنجاڭ جانابلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، شېڭ شىسەينىڭ ئىلگىرى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن تىل بىرىكتۈرگەنلىك جەريانىنى ۋە يېقىندىن بۇيان يۈز ئۆرۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدا ئىشلەۋاتقان خادىملىرىنى قولغا ئالغانلىقىنى بايان قىلدى. ئۇنىڭ مەقسىدى ۋېيىۋەنجاڭ جانابلىرىدىن ( شېڭ شىسەينى — ت ) جازالاشنى تەلەپ قىلىش ئىكەن. باش ئەلچى پەن يۈشىن مولوتوفنىڭ 3 - ئىيۇل كۈنى بۇيرۇققا بىنائەن شېڭ شىسەيگە خېتىنىڭ ئەسلى نۇسخىسىنى ( جياڭ جېيشىگە — ت ) يۈز تۇرانە تاپشۇردى. بۇ خەتتە شېڭ شىسەينىڭ 1934 - يىلى شىنجاڭدا كوممۇنىزىمنى يولغا قويۇشىمدە ئۇنى تەدرىجى ھالدا كەنسۇ، شەنشى ئۆلكىلىرىگىچە كېڭەيتىش توغرىسىدا كىلىپ بەرگەنلىكى، 1936 - يىلى شىئەن ۋەقەسى يۈز بەرگەندە، جاڭ شۆلياڭغا ردەم بېرىشنى كۈچلۈك تەشەببۇس قىلغانلىقى، 1941 - يىلى جۇڭگودىن ئايرىلىپ سوۋېت جۇمھۇرىيىتى قۇرۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قوشۇلۇش توغرىسىدا تەكلىپ بەرگەنلىكى، بۇلارنىڭ ھەممىسى زور خاتالىق بولۇپ، ئۇنى سوۋېت ئىتتىپاقى نەسىھەت بىلەن توسقانلىقى ئېيتىلغان ھەمدە ئۇرۇمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇل باكۇنىن، ھەربى ئىشلار باش مەسلىھەتچىسى لاتوفلارنىڭ شېڭشىچىنى ئۆلتۈرگەنلىكى توغرىسىدىكى گۇمانىنى قەتئى رەت قىلغان. مولوتوفنىڭ بۇ خېتى شېڭ شىسەينىڭ 10 - مايدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئەۋەتكەن مەكتۇبىغا بېرىلگەن جاۋاپ ئىكەن ( بىرلىكتە سوراق قىلىش ئۈچۈن شېڭ شىسەي ئۇلارنىڭ ئادەم ئەۋەتىشىنى تەلەپ قىلغان ) ».

جياڭ جيېشى سوۋېت ئىتتىپاقى باش ئەلچىسى پەن يۈشىن تاپشۇرغان مولوتوفنىڭ شېڭ شىسەيگە ئەۋەتكەن جاۋاپ خېتىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، بۇ داۋمىنىڭ بۇ خەتنى دەرھال تەرجىمە قىلىپ تاڭ زۇڭنىڭ مۇھاكىمە قىلىپ كۆرۈشكە تاپشۇرۇپ بېرىشنى بۇيرۇغان. تاڭ زۇڭنىڭ 1942 - يىل 7 - ئاينىڭ 11 - كۈنىدىكى خاتىرىسىدە، ئۇلارنىڭ مۇھاكىمە نەتىجىسى خاتىرىلەنگەن:

« ھازىرقى باسقۇچتىكى مۇناسىۋەت ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غەرىزى » دېگەن كىچىك ماۋزۇ ئاستىدا، ئەھۋال ئۈستىدە ئۇلار مۇنداق ھۆكۈم قىلىشقان:

«1. سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن شېڭ شىسەيىنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈززۈلگەن؛
2. سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭدىكى ئىشلىرىدىن ۋاز كەچكىنى يوق، بەلكى ئۇنى يېڭىدىن راۋاجلاندۇرۇشى مۇمكىن؛
3. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىمىزگە بۇنى ئۇقتۇرۇپ قويۇشتىكى مۇددىئاسى — دۆلىتىمىزنىڭ ئىشەنچىنى قولغا كەلتۈرۈپ، شېڭ شىسەيىنىڭ مەركەزگە يېقىنلىشىشىنى توسۇش».

«دۆلىتىمىزنىڭ پوزىتسىيىسى ۋە ئۇنى ھەل قىلىش چارىسى» دېگەن كىچىك ماۋزۇ ئاستىدا، ئۇلار مۇنداق 4 تۈرلۈك تەدبىرنى ئوتتۇرىغا قويغان:
«1. سوۋېت تەرەپنىڭ ئىپادىسىنى شېڭ شىسەيگە ۋاقىپلاندۇرۇپ، شېڭ شىسەيىنىڭ ئىچكىرىگە مايىل بولۇش نىيىتىنى چىڭىتىش؛
2. خەلقارالىق ئىختىلاپ ۋە ئۇقۇشۇلماسلىقنىڭ يۈز بېرىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، سوۋېت تەرەپكە شىنجاڭ مەسىلىسىنى مەركەز بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ھەل قىلىش لازىملىقىنى، يەرلىك ھۆكۈمەت بىلەن مادارا قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ قويۇش؛
3. شىنجاڭغا ئەۋەتىلىدىغان ئادەمنى تەييارلاپ قويۇش، ئىشنىڭ تەرەققىياتى ئادەم مەسىلىسىگە بېرىپ تاقالغاندا، دەل پەيتىگە توغرىلاپ، دەرھال بىر تەرەپ قىلىۋېتىش. شۇنىڭ بىلەن بىللە، مەدەت بېرىش ئۈچۈن، گەنسۇنىڭ غەربىي قىسمىدىكى مۇداپىئە ئىشلىرىنى جىددىي كۈچەيتىش؛
4. مەسىلىنىڭ خەلقارالىق خاراكتېرىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيىگە ئۇقتۇرۇش قىلىشقا ھەردەم تەييار تۇرۇش».

ئىشنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتىدىن قارىغاندا، جياڭ جيېشى ئەنە شۇ 4 تۈرلۈك تەدبىر بويىچە ئىش كۆرگەن.

شېڭ شىسەيىنىڭ مەكتۇبىدا ئېيتىلغان «شېڭ شىچىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىك» ۋەقەسى 1942-يىل 3-ئاينىڭ 19-كۈنى يۈز بەرگەن بولۇپ، ئورنى ئۈرۈمچىنىڭ جەنۇبىي باغچىسى (ھازىرقى مائارىپ نازارىتىنىڭ ئورنى — ت) ئىدى. بۇ، شېڭ شىسەيىنىڭ 6 بۈيۈك سىياسەتتە، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە ئاسىيلىق قىلىپ، جياڭ جيېشىغا بېقىنىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كومپارتىيىگە قارشى يولغا مېڭىش ئۈچۈن تاشلىغان ھەل قىلغۇچ قەدىمى ئىدى.

شېڭ شىسەي مۇھىم ھەربىي كۈچ (مىخانىكىلاشقان بىرىگادا) نى تۇتۇپ تۇرغان ۋە ئۇنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كومپارتىيىگە قارشى تۇرماسلىقىنى دالالەت

قىلغان ئۆز ئىنىسى شېڭ شىنچىنى غەرەزلىك ھالدا ئۆلتۈرۈۋەتكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ قىلمىشىنى خەلقىي ئالەمدىن يوشۇرۇش ئۈچۈن، ئاجايىپ بىر چوڭ ئويدۇرمىنى توقۇپ چىقىپ، بۇ جىنايەتنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدا ئىشلەۋاتقان خادىملىرىغا دۆڭگەپ قويغان. تاڭ زوڭ 1942 - يىل 7 - ئاينىڭ 14 - كۈنىدىكى خاتىرىسىدە مۇنداق دەپ يازغان: «جۇ شاۋلياڭ قوماندانىنىڭ ئېيتىشىچە، 4 - ئاي ئىچىدە شېڭ شىچى ئۆلتۈرۈلگەن، شۇ چاغدا ئۆي ئىچىدە پەقەت شېڭ شىچى بىلەن ئۇنىڭ خوتۇنى ۋە بالىسىلا بولۇپ، باشقا گۇمانلىق ئادەم بولمىغاچقا، ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈرىۋالغان دەپ قارالغان ئىكەن. 5 - ئايغا كەلگەندە، شېڭ شىچىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ئۇنىڭ خوتۇنى تەرىپىدىن ئورۇنلانغانلىقى سېزىلگەن. شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ باكۇنىنى بۇ ئەنزە ئۈستىدىكى سوراققا تاپشۇرۇپ بېرىشىنى تەلەپ قىلغان. سوۋېت تەرەپ ئىككى ئايغىچە ئويلىشىپ ئاندىن شېڭ شىسەينىڭ خېتىگە جاۋاپ قايتۇرغان». جۇ شاۋلياڭ شىنجاڭغا تۇنجى قېتىم كېلىپ شېڭ شىسەي بىلەن كۆرۈشكەندە، شېڭ شىسەينىڭ ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلىغان بۇ يالغان سۆزىگە ئىشىنىپ، قايتىپ بارغاندىن كېيىن جياڭ جيېشىغا دوكلات قىلغان.

شېڭ شىسەينىڭ ئۆزى بىلەن سىياسىي كۆز قارىشى ئوخشاش بولمىغان بىر قېرىنداش ئىنىسىنى ئۆلتۈرىۋېتىشىنىڭ ئۆزى بىر سۇيىقەست. بۇ سۇيىقەست يەنە ئۇنىڭدىنمۇ چوڭ بىر سۇيىقەستنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئۇ بولسىمۇ، شېڭ شىسەي ئىنىسى شېڭ شىچىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى بانا قىلىپ تۇرۇپ، ئاتالمىش «12 - ئاپرېلدا زور توپىلاڭ كۆتۈرۈش سۇيىقەست ئەنزىسى» نى ئويدۇرۇپ چىقىپ، بۇ ئەنزىگە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق دىپلوماتىيە خادىملىرىنى، شىنجاڭدا ئىشلەۋاتقان مەسلىھەتچىلىرى، ھەربىي مۇئەللىملىرى ۋە سوۋېت كومپارتىيىسى ئەزالىرىنى چاتقان؛ جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدا ئىشلەۋاتقان خادىملىرىنى، ئاۋئاتسىيە ئەترىتىدە ئۆگىنىۋاتقان خادىملىرىنى، ھەتتا سوۋېت ئىتتىپاقىغا داۋالىنىش ئۈچۈن شىنجاڭدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان خادىملىرىنىمۇ چاتقان؛ يەنە شىنجاڭدىن كەتكىنىگە بىر يىلدىن ئاشقان ماۋدۇن، جاڭ جۇڭشى، چېن پېيشىڭ (لىيۇ جىنجۇڭ) لارنى، ھەتتا تۇتقۇن قىلىپ تۈرمىگە تاشلانغان دۇجۇڭيۈەن ۋە ئۇنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن شىنجاڭغا كېلىپ مەدەنىيەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان جاۋدەن، شۇ تاۋ، ۋاڭ ۋېيىي، جۇ جىنمىڭ، شى مىي قاتارلىق كىشىلەرنىمۇ چاتقان. شىنجاڭنىڭ ھەربىي - مەمۇرىي ئورگانلىرىدىكى ئىنقىلاۋىي كادىرلار، ئالىي ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردىكى ئىنقىلاۋىي ياش ئوقۇغۇچىلار، جەمئىيەتتىكى ئىلغار زاتلارنى بولسا بىراقلا سۈپۈرۈپ تۈرمىگە تاشلىغان.

ئۇنىڭ مەقسىدى ئۆزىنىڭ ئاسىيلىق قىلىشى ئۈچۈن يول ئېچىش ئىدى.

تاڭ ژۇگىنىڭ 1942 - يىل 11 - ئاينىڭ 30 - كۈندىكى خاتىرىسىدە. 8 - ئاينىڭ 17 - كۈنى «شېڭ شىسەي، جۇ شاۋلياڭلارنىڭ ۋېيپۇەنجاڭ جانابلىرىغا يوللىغان ئالاقىسى» نىڭ قىسقىچە مەزمۇنى خاتىرىلەنگەن. ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن: «1942 - يىل 3 - ئاي ئىچىدە شېڭ لۈيجاڭ ئۆلتۈرۈلدى، ئاپرېل ئىنقىلاۋى بايرىمىدا پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە توپىلاڭ كۆتىرىش سۇيىقەستى پىلانلانغان. بۇنىڭغا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى باش كونسۇلى باكۇنىن، ھەربىي ئىشلار مەسلىھەتچىسى لاتۇف، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مەسئۇلى شۈجېي (يولداش چېن تەنچيۇنىڭ ئۆزگەرتىلگەن ئىسمى — ئاپتور) رەھبەرلىك قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ خوتەندىكى سودا شىركىتىنىڭ مۇدىرى شافىكوف، سودا ۋەكىلى ئىۋانېنكىلار قاتناشقان».

سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن شىنجاڭنىڭ موناسىۋىتىدە، شېڭ شىسەي بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مۇناسىۋىتىدە يۈز بەرگەن بۇ قېتىمقى زور ئۆزگىرىش، خۇددى تاڭ ژۇگىنىڭ 1942 - يىل 10 - ئاينىڭ 6 - كۈندىكى خاتىرىسىدە يېزىلغاندەك: «ئاپرېل ۋەقەسىدىن كېيىن، شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىغا ۋە كوممۇنىستىك پارتىيىگە نىسبەتەن قارىمۇ - قارشى مەۋقەگە ئۆتكەن» لىگىدىن ئىبارەت.

پاكىت ھەقىقەتەن شۇنداق.

1942 - يىل 5 - ئايدا، شېڭ شىسەي ئۆزىنىڭ بىرىنچى ئىنىسى شېڭ شىيىڭ بىلەن لىيۇخەنشېڭ، رېن دۇگلياڭ، خۇچاڭخۇالارنى مۇسكۋاغا ئەۋەتكەن، بۇلار سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدا ئىشلەۋاتقان خادىملىرىنى قارىلايدىغان ئالاقە ھەمدە قاتتىق ئازاپلاش ئارقىلىق ئىقرار قىلدۇرۇلغان ئاتالمىش «12 - ئاپرېلدا زور توپىلاڭ كۆتىرىش سۇيىقەست ئەنزىسى» نىڭ ماتېرىياللىرىنى ئېلىپ بارغان.

1942 - يىل 7 - ئايدا، سوۋېت ئىتتىپاقى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى ۋىشىنسكىنى شىنجاڭغا سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە ئەۋەتكەن. تاڭ ژۇڭ 1942 - يىل 7 - ئاينىڭ 19 - كۈندىكى خاتىرىسىدە مۇنداق دەپ يازغان: «ۋىن بۈگۈن ئۈرۈمچىدىن ئەۋەتكەن تېلېگراممىسىدا: شېڭ دۇبەنىڭ يۈز تۇرانە ئېيتىشىچە، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋەكىلى قەتئىي تەلەپپۇز بىلەن شۇنداق دەپتۇكى، ئۇ بۇ يەرگە شىنجاڭ توغرىسىدىكى مۇھىم مەسىلىلەر ئۈستىدە مەسلىھەتلىشىش ئۈچۈن كەپتۇمىش، بىراق دۆلىتىمىزنىڭ مەركىزىي ھۆكۈمەت خادىملىرى بىلەن سۆزلىشىشنى خالىمايدىكەن، دېيىلگەن».

شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرۇش نىيىتىگە كەلگەن ئىكەن، مەسلىھەتلىشىشتىن نەتىجە چىقماسلىقى تەبىئى، ئەلۋەتتە. شۇڭا سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزىنىڭ قومۇلدا تۇرۇشلۇق قىزىل ئارمىيە 8 ‐ پولكىنى ۋە شىنجاڭدا ئىشلەۋاتقان بارلىق خادىملىرىنى چېكىندۈرۈپ چىقىپ كەتكەن.

تاڭ زۇڭ 1943 ‐ يىل 5 ‐ ئاينىڭ 25 ‐ كۈنىدىكى خاتىرىسىدە مۇنداق دەپ يازغان :

« قىسقىچە مەزمۇنى: سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ھەربىي قىسمى، چېكىنىپ چىقىپ كەتكەن.

شېڭ شىسەيدىن كەلگەن تېلېگىراممىدا: سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قومۇلدا تۇرۇشلۇق 8 ‐ پولكى 14 ‐ كۈنىدىن باشلاپ چېكىنىپ چىقىپ ئۆز دۆلىتىگە قايتىشقا باشلىغان، ئۈرۈمچى ئەتراپىدىكى ئايروپىلان زاۋۇدىمۇ چېكىنىپ چىقىپ كەتكەن، گېئولوگىيە تەكشۈرۈش ئۆمىگىنىڭ خادىملىرى ۋە ماشىنا ‐ ئۈسكۈنىلىرىنىمۇ چېكىندۈرۈپ چىقىپ كەتكەن. سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭدىن ۋاز كېچىش ئىرادىسىنى بىلدۈرگەن».

جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى خادىملىرىنى شېڭ شىسەي بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ئۈرۈمچىگە ئارقا ‐ ئارقىدىن يوتكەپ كېلىپ، مەنچېڭ ( مانجۇ مەھەللىسى يەنى ھازىرقى جيەنگو لۇ كوچىسى ــ ت ) دىكى چيۇ تۆرە ( شېڭ شىسەينىڭ قېيىناتىسى چيۇ زۇڭلىڭ ــ ت ) قەسرىسى، سەنجياۋدىدىكى ۋاقىتلىق مېھمان كۈتۈش ئورنى، باخۇلياڭ قاتارلىق جايلاردا نەزەربەنت قىلىپ قويغان. 1942 ‐ يىل 2 ‐ ئاينىڭ 17 ‐ كۈنى تۈركۈمگە ئايرىپ تۈرمىگە تاشلىغان.

جۇڭگو كومپارتىيىسى ۋە سوۋېت كومپارتىيىسى تەسىرىدىكى ھەر مىللەت ئىنقىلاۋىي ياشلىرىنى، كادىرلارنى، جەمئىيەتتىكى ئىلغار زاتلارنى، بولۇپمۇ شىنجاڭ شۆيۈەندىن ئوقۇش پۈتتۈرۈپ چىققان ئوقۇغۇچىلار ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ كەلگەن زىيالىيلارنى، سىياسىي كادىرلار كۇرسىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنى، چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىدىكى ياش كادىرلارنى ... 1939 ‐ يىلىنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپلا ئايرىم ‐ ئايرىم قولغا ئېلىشقا كىرىشىپ، 1942 ‐ يىلى يېڭى يىلدىن كېيىن تۈركۈم ‐ تۈركۈملەپ تۇتقۇن قىلغان، 1942 ‐ يىل 3 ‐ ئاينىڭ 11 ‐ كۈنى بىر كۈن ئىچىدىلا، شىنجاڭ شۆيۈەندىن ئوقۇش پۈتتۈرۈپ چىقىپ ھەرقايسى ئىدارە ‐ مەكتەپلەردە ئىشلەۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسىنى دىگۈدەك قولغا ئېلىپ كەتكەن، ئۇلارنىڭ بىر مۇنچىلىرىنى تۈرمىدە ئۆلتۈرۈۋەتكەن، مەسىلەن، چياۋ گورېن، گاۋشىلىن، چې خەيچۈەن، داگكۇ، گوشىڭجېن قاتارلىقلار (شىنجاڭ شۆيۈەنىنىڭ سىياسىي ئىقتىسات 2 ‐ فاكۇلتېتىدا

ئوقۇش باشلانغاندا 40 نەپەر ئوقۇغۇچى بولۇپ، بۇلاردىن تۈرمىدە ئۆلتۈرۈلگىنى 20 نەپەر؛ سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ كەلگەن 300 نەپەر زىيالىدىن ھايات قالغىنى بىر نەچچىلا كىشى ). ئارقا - ئارقىدىن ئويدۇرۇپ چىقىلغان بۇ ئەنزىلەرنى ئاخىرى بېرىپ «12 - ئاپرېلدا زور توپىلاڭ كۆتۈرۈش سۇيىقەست ئەنزىسى» گە چېتىپ ئومۇملاشتۇرغان .

شېڭ شىسەي ئۆز قولى بىلەن ئويدۇرۇپ چىققان «12 - ئاپرېلدا زور توپىلاڭ كۆتۈرۈش سۇيىقەست ئەنزىسى» توغرىسىدا، تاڭ زۇڭ 1943 - يىل 6 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىكى خاتىرىسىدە مۇنداق دەپ يازغان:

قىسقىچە مەزمۇنى: شىنجاڭ ئەنزىسى.

...كېچە سائەت و دا چېن جۇرېن ( مۇھاپىزەت ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى چېن بۇلېي — ئاپتور ) بىلەن كۆرۈشتۈم، ئۇ شېڭ شىسەينىڭ ۋېيىۋەنجاڭ جانابلىرىغا يوللىغان 12 - ئاپرېل توپىلاڭ ئەنزىسى ( شېڭ لۇيجاڭنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىك ۋەقەسى )، ئالتاي توپىلاڭ ئەنزىسى ۋە دۇجۇڭيۈەن توپىلاڭ ئەنزىسى توغرىسىدىكى دوكلادى ھەمدە ئۇنىڭغا قوشۇمچە 18 پارچە ماتېرىيال ۋە بىر دانە خۇرۇم سومكىنى كۆرسەتتى. چېن جۇرېن ناھايىتى ئېھتىۋار بىلەن بۇنى ماڭا تاپشۇردى. بۇنى شېڭ شىسەي ۋاڭ دېفۇ ئارقىلىق ۋېيىۋەنجاڭ جانابلىرىغا يوللىغان ئىكەن، ۋېيىۋەنجاڭ جانابلىرى بۇنى چېن جۇرېنغا يۈزتۇرانە تاپشۇرغان بولغاچقا، چېن جۇرېن بۇنىڭغا ناھايىتى ئەستايىدىل قارىغان. ئۆتكەن يىل مۇشۇ ئىش سەۋەبىدىن شىنجاڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن يۈز ئۆرۈشكەن. شىنجاڭ مەركەزگە قايتا بېقىنغان. بۇنىڭ قانچىلىك زور ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكى ئۆز ئۆزىدىن مەلۇم.» ( ۋاڭ دېفۇ گومىنداڭنىڭ ئىچكى ئىشلار مۇئاۋىن مىنىستىرى بولۇپ، 1943 - يىلى يازدا جياڭ جيېشى ئۇنى شىنجاڭدىكى مۇھىم ئەنزىلەرنى تەكشۈرۈپ چىقىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن، ئۇ شېڭ شىسەي بىلەن بىرلىكتە ئېغىر زىيانكەشلىك ئىشلارنى قىلغان — ئاپتور ).

تاڭ زۇڭ پۈتۈن دېلولارنى كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن، 1943 - يىل 6 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدىكى خاتىرىسىدە مۇنداق دەپ يازغان: «بۈگۈن شىنجاڭدىن يوللانغان دۇجۇڭيۈەن ئەنزىسى. شۈجېي ئەنزىسى، ئالتاي توپىلاڭ ئەنزىسىنى كۆرۈپ چىقتىم، ھەر بىر ئەنزىگە چېتىشلىق ئادەم 100 دىن ئاشىدىكەن ( بۇ شېڭ شىسەينىڭ مەلۇم قىلغان سانى بولۇپ، ئەمەلىيەتتە بۇنىڭدىن نەچچە ئون ھەسسە ئارتۇق — ئاپتور ). ئىقرار ماتېرىياللىرى ئىنتايىن نۇرغۇن بولۇپ، 2 سوتكىدا ئاران كۆرۈپ بولدۇم. شۈجېي ئەنزىسىدىكى توپىلاڭ كۆتۈرۈش سۇيىقەستىگە قاتناشقانلار ئىچىدە نازىرلار

3 كىشى، يۇقۇرى دەرىجىلىك ھەربى خادىملار 20 كىشى، پولك كاماندىرلىرى 8 كىشى، يۇقۇرى دەرىجىلىك مەمۇرى خادىملار 14 كىشى، بۇ ئەنزە شېڭ شىچەينىڭ خوتۇنى چېن شيۇيىڭ شياۋ زۇشىن بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت قىلغانلىقىدىن كېيىن، ئۇنىڭ شېڭ لۇجاڭنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈشى بىلەن پاش بولغان. بۇ ئەنزىلەردىكى ئەھۋالنى ئومۇملاشتۇرۇپ قارىغاندا، بىر تەرەپتىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يامان نىيىتىنى، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ سۇئىقەستىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن، شېڭ شىسەي شىنجاڭدا كۆپ يىل ھۆكۈم سۈرگەن بولسىمۇ، ئاقىۋەت نەتىجىدە ئۆز ئەتراپىدىكىلەر، ھەتتا ئۇرۇق - تۇققانلىرىمۇ ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇ ئەنزىلەرنىڭ ھەممىسى ئاغزاكى ئىقرارىدىنلا ئىبارەت بولۇپ، ئۇنى دەلىللەيدىغان ھېچقانداق ئەمەلىي پاكىت يوق. بۇنى پەقەت شېڭ شىسەينىڭ مۇددىئاسى بويىچىلا بېجىرىشكە توغرا كەلدى. بۇ ئىشنى ۋېييۈەنجاڭ جانابلىرىنىڭ چېن جۇرېنغا يۈز تۇرانە تاپشۇرۇشى، چېن جۇرېننىڭ بۇنى ماڭا ئۆزى تاپشۇرغانلىقى بۇ ئىشنىڭ ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن بېجىرىلىدىغان مەخپى ئىش ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.»

بۇ يەردە تاڭ زۇڭ مۇنۇ ئىككى ھەقىقەتنى ئىقرار قىلغان:

1. «شېڭ شىسەي شىنجاڭدا كۆپ يىل ھۆكۈم سۈرگەن بولسىمۇ، ئاقىۋەت نەتىجىدە ئۆز ئەتراپىدىكىلەر، ھەتتا ئۇرۇق - تۇققانلىرىمۇ ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرىگەن». بالغۇز شېڭ شىسەيلا ئەمەس، خەلققە ئاسىيلىق قىلغان، ئىنقىلاپقا ئاسىيلىق قىلغان، تەتۈر يول تۇتۇپ ئەسكىلىك قىلغانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ، جۈملىدىن جياڭ جيېشىنىڭمۇ ئاقىۋىتى شۇنداق بولۇشى مۇقەررەر».

2. «بۇ ئەنزىلەرنىڭ ھەممىسى ئاغزاكى ئىقرارىدىنلا ئىبارەت بولۇپ، ئۇنى دەلىللەيدىغان ھېچقانداق ئەمەلىي پاكىت يوق. «مانا بۇ ئۇلارنىڭ ھەممىسى يالغان ئەنزە ئىكەنلىكىنى، ئاغزاكى ئىقرارلارنىڭ ھەممىسى قاتتىق ئازاپلاشتىن كېلىپ چىققانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. تاڭ زۇڭ بۇ سۆزلىرى بىلەن ئۆزىنىڭ ئالدىنقى بىر جۈملە سۆزىنى، يەنى «بىر تەرەپتىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يامان نىيىتى، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ سۇئىقەستىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ» دېگەن سۆزىنى ئىنكار قىلىدۇ.

تاڭ زۇڭ بۇ ئەنزىلەرنىڭ يالغان ئەنزە ئىكەنلىكىنى بايقىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ ئەكسىيەتچىل سىنىپى تەبىئىتى تۈپەيلىدىن، «ئۇنى پەقەت شېڭ شىسەينىڭ مۇددىئاسى بويىچىلا بېجىرگەن». «ئۇ شىنجاڭنىڭ مەركەزگە قايتا بېقىنغانلىقىنىڭ قانچىلىك زور ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكى» نى، كىچىك ئىشنى دەپ چوڭ ئىشتىن زىيان تارتماسلىق ئۈچۈن شېڭ شىسەينىڭ مۇددىئاسىغا بويسۇنۇشنىڭ لازىملىقىنى

چۈشەنگەن. چۈنكى، ئۇنىڭ خوجايىنى جياڭجېيشىمۇ ئەزەلدىن «ئۈچ مىڭى خاتا ئۆلتۈرۈلسە مەيلىكى، بىر ئىنسىمۇ قولدىن چىقىرىۋەتمەسلىك كېرەك» دىگەن ئەكسىيەتچىل ئەقىدە بويىچە ئىش قىلىپ كەلگەن ئىدى - دە! شۇنداق قىلىپ چېن تەنچيۇ، ماۋ زېمىن، لىن جىلو قاتارلىق 4 قەھرىمان مەردانىلىق بىلەن قۇربان بولدى، چېن شيۈيىڭ قەبىھ ئۇسۇللار بىلەن ئازاپلىنىپ، چاپلانغان بۆھتانغا ئاھ - زار ئۇرۇپ ۋاپات بولدى، مىڭلىغان - تۈمەنلىگەن بىگۇنا كىشىلەر پاجىئەلىك تۈردە ئۆلتۈرۈلدى!

ئەمدى سوۋېت ئىتتىپاقى باش ئەلچىسى پەن يۈشىننىڭ جياڭ جېيشىغا تاپشۇرغان مولوتوفنىڭ خېتىدە تىلغا ئېلىنغان شېڭ شىسەينىڭ «1934 - يىلى شىنجاڭدا كوممۇنىزىمنى يولغا قويۇش توغرىسىدا تەكلىپ بەرگەنلىكى»، «1941 - يىلى جۇڭگودىن ئايرىلىپ چىقىپ سوۋېت جۇمھۇرىيىتى قۇرۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قوشۇلۇش توغرىسىدا تەكلىپ بەرگەنلىكى» ھەققىدە شېڭ شىسەينىڭ جياڭ جېيشىغا نىمە دەپ جاۋاپ بەرگەنلىگىگە قاراپ باقايلى.

تاڭ زوڭنىڭ خاتىرىسىدە بۇمەسىلە بىۋاستە ئەكس ئەتتۈرۈلمىگەن. يۇقۇرىدا تىلغا ئېلىنغان 1942 - يىلى شېڭ شىسەينىڭ جياڭ جېيشىغا يوللىغان خېتىدە مۇنداق دىيىلگەن: «مەزكۇر ھۆججەتتە، كەمىنە خىزمەتچىلىرىنىڭ 1934 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىگە شىنجاڭدا كوممۇنىزىمنى يولغا قويۇش توغرىسىدا تەكلىپ بەرگەنلىكى تىلغا ئېلىنىپتۇ، ئەمەلىيەتتە، بۇ تەكلىپ باندىت ماجۇڭيىڭ ئۇرۇمچىنى مۇھاسىرىگە ئېلىۋالغان چاغدا، ئىلاجىسىزلىقتىن بېرىلگەن. بولۇپمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شۇ چاغدىكى ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى ئابلىسوفنىڭ تەھدىت سېلىپ قىستىشى بىلەن شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم. چۈنكى ئۇ چاغدا باندىت ماجۇڭيىڭ ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ كۈشكۈرتىشى بىلەن ئىسلام دۆلىتى تەشكىل قىلىشقا جىددى تۇتۇش قىلىۋاتقان، شىنجاڭدىكى خەنزۇلار باندىت ماجۇڭيىڭنىڭ قىرىپ تاشلاش خەۋپىگە دۇچ كەلگەن ئىدى. سابىت داموللا ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ كۈشكۈرتىشى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭدا شەرقىي تۈركىستان قۇرۇشقا ھەدەپ ئۇرۇنۇۋاتاتتى، پۈتۈن شىنجاڭ تېررىتورىيىسى جۇڭگودىن ئايرىلىپ چىقىپ كېتىش خەۋپى مەۋجۇت ئىدى. شىنجاڭ چەت - چېگرا، يەككە - يىگانە تۇرغان بولغاچقا، مەركەزدىن ياردەم سورىغاندىمۇ ئارا يىراق بولغانلىقتىن دەر ھەھەل ياردەم بىرىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مانا شۇنداق جىددى ئەھۋالدا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دوستانە ياردىمىگە مۇراجىئەت قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم. مەزكۇر ئابلىسوف مانا شۇ جىددى پەيتتە، كەمىنە خىزمەتچىلىرىنىڭ پوزىتسىيىسىنى سىناپ كۆرمەكچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇ يەنە سوۋېت

ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىش ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقىغا نىسبەتەن ئىنتايىن سەمىمى ۋە روشەن پوزىتسىيە بىلدۈرۈلۈشى لازىم،دىگەن شەرتنى يېپىق هالدا ئوتتۇرىغا قويدى. كەمىنە خىزمەتچىلىرى مانا شۇنداق خەۋپلىك ۋەزىيەتتە، دۆلەت ۋە مىللەت ئۈچۈن ، دۆلەت تېررىتورىيىسىنى قوغداش ئۈچۈن، شۇ چاغدىكى ۋەزىيەتنى ساقلاپ قېلىش مەقسىدىدە ئەنە شۇنداق ۋاقىتلىق تەدبىرنى قوللىنىشقا مەجبۇر بولدى. »

قىسقىسى، « مانا شۇنداق خەۋپلىك ۋەزىيەتتە »، « دۆلەت ۋە مىللەت ئۈچۈن»، « سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن »، « سوۋېت ئىتتىپاقىغا نىسبەتەن ئىنتايىن سەمىمى ۋە روشەن پوزىتسىيە بىلدۈرۈشكە توغرا كەلگەن » مىش. بۇ، سىياسى پرىنسىپ جەھەتتىكى مەيدان مەسىلىسى بولماستىن، بەلكى « ۋاقىتلىق قوللانغان تەدبىر» دىنلا ئىبارەتمىش. نىمە دىگەن ياغلىما گەپ ـ هە! سىياسى پرىنسىپ ئۈستىدە سودىلىشىدىغان، يالغان گەپ قىلىۋاتقاندا يۈزى چىمىلدىمايدىغان ئادەم ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇنداق قىلىش هېچبىر ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس .

شېڭ شىسەي ئۆز خېتىدە يەنە مۇنۇلارنى يازغان: « مەزكۇر هۆججەتتە يەنە كەمىنە خىزمەتچىلىرىنىڭ 1941 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا شىنجاڭدا سوۋېت هاكىمىيىتى قۇرۇش توغرىسىدا تەكلىپ بەرگەنلىك مەسىلىسى تىلغا ئېلىنغان. بۇنىڭ ئەۋئۇى مۇنداق: 1940 - ۋە 1941 - يىللىرى، شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر، تاتار، رۇس، قىرغىز مىللەتلىرىنىڭ زور توپىلاڭ كۆتىرىش سۇيىقەستى ئاشكارىلىنىپ قولغا چۈشتى. بۇ ئەنزىنىڭ مەقسىدى شىنجاڭنى جۇڭگودىن ئايرىپ چىقىپ، ئۇيغۇرىستان قۇرۇش ئىكەن . بۇ ئەنزىگە قاتناشقانلار شىنجاڭدىكى هەر مىللەت ئىچىدىكى ئەڭ ئابرويلۇق كىشىلەر بولۇپ، بۇ سۇيىقەستنى پىلانلىغۇچىلار سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق سابىق باش كونسۇلى ئويانجىك ئىكەن. بۇ ئەنزە پاش قىلىنغاندىن كېيىن ، قاتىللاردىن 10 نەچچىسى ۋە ئەنزە قاتناشچىلىرىدىن 100 نەچچىسى قولغا ئېلىنىپ بېسىقتۇرۇلدى. بىراق بۇ ئەنزىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى قانداق ، بۇنى تىرۇتسكىچىلار تەشكىللىگەنمۇ ياكى بۇ سوۋېت ئىتتىپاقى دۆلىتىنىڭ سۇيىقەستىدىن كېلىپ چىققانمۇ ، بۇ جەھەتتىكى هەقىقى ئەهۋال ئەينى چاغدا ئېنىق بولمىغاچقا، كەمىنە خىزمەتچىلىرى بۇ ئەنزىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىدە سوۋېت ئىتتىپاقى هۆكۈمىتىنىڭ قولى بار ـ يوقلۇغىنى سىناپ كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن، يۇقۇرىدا تىلغا ئېلىنغان مەكتۇپنى ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ قانداق جاۋاپ بېرىدىغانلىغىنى كۈتۈپ تۇرغان ئىدى. ئۇلار مېنىڭ بۇ غەرىزىمنى بىلىپ قالغانلىقتىن، هازىرغا قەدەر جاۋاپ قايتۇرغىنى يوق » .

قىسقىسى، ئۇنىڭ « سوۋېت ئىتتىپاقىغا شىنجاڭدا سوۋېت ھاكىمىيىتى قۇرۇش توغرىسىدا تەكلىپ بەرگەنلىكى » ئۇ ئۆزى ئويدۇرۇپ چىققان زور توپىلاڭ كۆتىرىش ئەنزىسىنىڭ « ئارقا كۆرۈنۈشى » نى سىناپ كۆرۈش ئۈچۈنمىش. بۇ نىمە دىگەن ئۇستىلىق - ھە! ئەپسۇسكى، بۇنى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلىپ قالغانلىقتىن، جاۋاپ بەرمىگەن.

شېڭ شىسەي ئۆزىنى يۇقۇرقىدەك ئاقلىغاندىن كېيىن، جياڭ جيېشىغا ئۆزىنىڭ « ئەڭ سەممى، ئەڭ روشەن ئىپادە » سىنى بىلدۇرۇپ مۇنداق دىگەن : « شۇنداق قەسەم بېرىمەنكى، جانابلىرىنىڭ ۋە گومىنداڭ پىرقىسىنىڭ رەھبەرلىگىنى سەممىيەتلىك بىلەن ھىمايە قىلىمەن، پىرقە ۋە دۆلەتكە ساداقەتلىك بىلەن خىزمەت قىلىمەن، خۇددى جانابلىرى ئېيتقانىدەك، دۆلەت ھايات - ماماتلىق پەيتكە دۇچ كەلگەندە، ئۆزلىرى بىلەن ئەمىنلىك ۋە خەۋپ - خەتەرلىكتە، مۇۋەپپەقىيەت ۋە مەغلۇبىيەتتە بىرگە بولىمەن ».

شېڭ شىسەي ئۆزىگە ئۆزى بەخش ئەتكەن « ئۇلۇغ داھى » دىگەن ئۇنۋانىنى يىغىشتۇرۇپ، جياڭ جيېشىنىڭ ئالدىدا تىز پۈكۈپ، ئۇنىڭ رەھبەرلىگىنى ھىمايە قىلىدىغانلىغىنى بىلدۇرۇپ قەسەم بەردى. ئۇنىڭ بىلدۇرگەن بۇ « ئەڭ سەممى، ئەڭ روشەن ئىپادىسى » نى جياڭ جيېشىمۇ « ۋاقىتلىق تەدبىر » دەپ قارامدۇ - يوق، بۇنىسى نامەلۇم. لېكىن ئۇ ئاخىرىدا نەقىل كەلتۈرگەن جياڭ جيېشىنىڭ بىر جۈملە سۆزى جياڭجيېشىنىڭ دىلىغا ياققان، يەنى « دۆلەت ھايات - ماماتلىق پەيتكە دۇچ كەلگەندە » ( جياڭجيېشى خاندانلىغى تەۋرىنىپ يىقىلىش ئالدا تۇرىۋاتقاندا )، « ئەمىنلىك ۋە خەۋپ - خەتەرلىكتە، مۇۋەپپەقىيەت ۋە مەغلۇبىيەتتە بىرگە بولۇش » تىن ئىبارەت بۇ تەقدىر جياڭ جيېشى بىلەن شېڭ شىسەينى بىر تال يىپقا باغلىغان. دىمەك، شېڭ شىسەي ئۆزىنىڭ ئۆتمۈشىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن، يالغان گەپنى راست قىلىپ ئېيتقان؛ جياڭ جيېشى شېڭ شىسەينىڭ يالغان سۆزلەۋاتقانلىغىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇنى ئۆزىگە تارتىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ يالغان گېپىنى راست گەپ قاتارىدا ئاڭلىغان. شۇنداق قىلىپ، تاشقى ئىشلارغا دائىر بۇ دەۋا ئەنە شۇنداق ئاياقلاشقان.

( 3 )

شېڭ شىسەي جياڭ جيېشىغا بېقىنغاندىن كېيىن، چۇڭچىڭغا بىر قېتىم بارغان. تاڭ زوڭ 1943 - يىل 9 - ئاينىڭ 4 - كۈنىدىكى خاتىرىسىدە مۇنداق دەپ يازغان: « شېڭ شىسەي چۇڭچىڭغا كەلدى. ۋېييۈەنجاڭ جانابلىرى ھەربى ئىشلارنى تەكشۈرۈپ

ئىستاتىستىكىلاش ئىدارىسى ( 军统局 ) بىلەن ساقچى ئىدارىسىغا، بىخەتەرلىك قوغداش ئىشلىرىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشنى تاپىلىدى ».

شېڭ شىسەينىڭ بۇ قېتىم چۇڭچىڭغا بېرىشى، ئاتا قىتا گومىنداڭنىڭ 11 - قېتىملىق ئومۇمىي يىغىنىغا قاتنىشىش بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە گومىنداڭنىڭ ھال - ئەھۋالىنى كۆزىتىپ بېقىش ئىدى. كۆزىتىش نەتىجىسىدە، ئۇ گومىنداڭنىڭ كۈنىمۇ زاۋالغا يۈز تۇتقانلىقىنى، يۇقۇرىدىن تۆۋەنگىچە ھەممىسىنىڭلا ھالى خاراپ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان. شېڭ شىسەي دەسلەپتە جياڭ جيېشىنى ئۆزى ئۈچۈن يۆلەنچۈك تاغ دەپ قارىغان، ئەمەلىيەتتە ئۇ بىر مۇز تاغ ئىدى. شۇڭا، 1944 - يىلغا كەلگەندە، سوۋېت ئىتتىپاقى فاشىزىمغا قارشى ئۇرۇشتا ئارقىمۇ - ئارقا غەلىبە قىلىۋاتقان، جۇڭگو كومپارتىيىسى گومىنداڭنىڭ كومپارتىيىگە قارشى قوزغىغان 3 قېتىملىق دولقۇنىنى چېكىندۈرگەن، ياپون باسقۇنچىلىرىنىڭ چوڭ تازىلاش ھۇجۇمىنى مەغلۇپ قىلغان، ئىنقىلاۋىي قوشۇن ۋە تايانچ بازىلار كۈنسايىن راۋاجلىنىپ زورىيىۋاتقان، گومىنداڭنىڭ مۇداپىئە لىنىيىسى ياپون باسقۇنچىلىرىنىڭ جەنۇپ ۋە شىمالدىن قىستاپ ھۇجۇم قىلىشىغا ئۇچراپ، لوياڭ، چاڭشا شەھەرلىرى ئارقا - ئارقىدىن قولدىن كەتكەن يېڭى ۋەزىيەتتە، شېڭ شىسەي پەدىسىنى يەنە يۆتكەپ، كونا ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ، يېڭى بىر « توپلاڭ كۆتىرىش سۇئىقەست ئەنزىسى » نى ئويدۇرۇپ چىقاردى. بۇ قېتىمقى زەربە بېرىش نىشانى باشقىلار ئەمەس، بەلكى گومىنداڭنىڭ ئۆزى بولدى.

شېڭ شىسەي ئالدى بىلەن ئەينى چاغدا گومىنداڭغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن 1942 - يىل 3 - ئايدا تۈرمىدىن چىقىرىپ ھەر قايسى ئورگانلارنىڭ رەھبەرلىك ئورۇنلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان « 10 چوڭ دوكتۇر » — جېڭ دۈڭبەي ( مائارىپ نازىرى )، خې گېڭگۇاڭ ( ئۆلكىلىك پىرقە بۆلۈم ھەيئىتى )، سۇڭ نيەنسى ( شىنجاڭ گېزىت ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ) قاتارلىقلارنى 1944 - يىل 4 - ئاينىڭ 17 - كۈنى قايتىدىن قولغا ئېلىپ، ئۇلارنى قىيناپ - قىستاپ، چۇڭچىڭدىن ئەۋەتىلگەن پىرقە ۋە ھۆكۈمەت ئەرباپلىرى بىلەن بىرلىشىپ ھازىرقى سەنمىنجۇيىلىق ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇپ، كومپارتىيە رەھبەرلىك قىلىدىغان ھاكىمىيەت قۇرۇش ئۈچۈن سۇئىقەستچى تەشكىلات ئۇيۇشتۇرغان، دەپ ئىقرار قىلدۇرغان.

1944 - يىل 6 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، شېڭ شىسەي يەنە گومىنداڭغا ئەزا بولغان ئالى ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن 160 نەچچە كىشىنى قولغا ئېلىپ، ئۇلارنى قىيناپ - قىستاپ، ئۆزلىرىنىڭ « جېڭ دۈڭبەي قاتارلىق كىشىلەر تەرىپىدىن تارتىلىپ كومپارتىيىگە كىرگەن» لىكى، « شېڭ شىسەينىڭ ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇماقچى

بولغان » لىغىنى ئىقرار قىلدۇرغان.

1944 - يىل 8 - ئاينىڭ 12 - كۈنى شېڭ شىسەي بۇيرۇق چۈشۈرۈپ پۈتۈن ئۈرۈمچى شەھرىنى قامال قىلىپ، چۈشكىچىدىن ئەۋەتىلگەن پىرقە، ھەربى ۋە مەمۇرى خادىملاردىن لىن جىيۇڭ ( تەمىرات نازىرى )، خۇاڭ رۇجىن ( ئۆلكىلىك پىرقە بۆلۈم شۇجىجاڭى ) قاتارلىق كىشىلەرنى بىراقلا دىگۈدەك قولغا ئالغان. ئۇلارنىڭ يېقىنلىرىدىن بولغان 4 نەپەر دىۋىزىيە كوماندىرىنىمۇ پەۋقۇلئاددە تۈرمىگە قاماپ، قاتتىق ئازاپلاش ئارقىلىق، ئۇلارنى كومپارتىيە ئەزاسى، توپىلاڭ كۆتىرىپ سەنمىن جۇيىلىق ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇپ، كومپارتىيە رەھبەرلىك قىلىدىغان ھاكىمىيەت قۇرۇش سۇيىقەستىدە بولغان دەپ ئىقرار قىلدۇرغان.

تاڭ زۇڭ 1944 - يىل 8 - ئاينىڭ 26 - كۈندىكى خاتىرىسىدە مۇنداق دەپ يازغان:

« شىنجاڭ ۋەقەسى.

1. شېڭ شىسەينىڭ 12 - كۈندىكى تېلېگراممىسىدا: يېقىندىن بۇيان سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن جۇڭگو كومپارتىيىسى نۇرغۇن پۇل سەرپ قىلىپ، شىنجاڭ ئۆلكىسىدىكى پىرقە، ھۆكۈمەت ۋە ئارمىيە كادىرلىرىنى سېتىۋېلىپ، توپىلاڭ كۆتىرىپ، سوتسىيالىستىك قورچاق ھاكىمىيەت قۇرۇش سۇيىقەستىدە بولغان. بۇ ئەنزىنىڭ مۇھىم ئۇنسۇرلىرى ھەربى ساھەدىن 128 - دىۋىزىيىنىڭ كوماندىرى ليۇ جېڭشىن ( شىنجاڭ - موڭغۇلىيە چېگرىسىدىكى ئالتاي ۋەقەسىنىڭ قوماندانى )، دۆبەن مەھكىمىسىنىڭ باشقارما باشلىقلىرى ۋە باشقىلار بولۇپ و كىشى، پىرقە ۋە ھۆكۈمەت ساھەسىدىن مائارىپ نازىرى چېڭ دۇڭبەي، شۇجياڭ خۇاڭ رۇجىن. تەمىرات نازىرى لىن جىيۇڭ، ئۆلكىلىك پىرقە بۆلۈم ھەيئىتى لىن بويا، تۇڭ شىچۇەن، گۇگېڭيې قاتارلىقلار بولۇپ 13 كىشى، بۇلارنى دەرھال قولغا ئېلىپ سوراق قىلىپ چارە كۆرۈشكە رۇخسەت قىلىنسا. دېيىلگەن.

2. شېڭ شىسەينىڭ يۇقۇرقى تېلېگراممىسىنىڭ كەينىدىنلا يوللىغان يەنە بىر تېلېگراممىسىدا: ليۇ جېڭشىن قاتارلىقلارنىڭ توپىلاڭ كۆتىرىش سۇيىقەستلىك ھەركىتى جىددىيلەشكەنلىكتىن، 11 - كۈنىكەچتە قولغا ئېلىپ تەفتىش قىلىندى. دېيىلگەن. تېلېگراممىدا يەنە: ئۇلار ئاشخانىنى باشقۇرغۇچى شېڭ فۇگۇەن بىلەن ئاشپەزنى سېتىۋېلىپ، مېنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرمەكچى ھەمدە يېنىمدىكى مۇھاپىزەتچىنى سېتىۋېلىپ، شۇ ئارقىلىق ئېتىپ ئۆلتۈرمەكچى بولغان. ھاياتىم ئەنە شۇنداق جىددى خەۋپ ئىچىدە قالغانلىقتىن، كەسكىن تەدبىر قوللىنىشىمغا توغرا كەلدى، دېيىلگەن».

جياڭ جيېشى شېڭ شىسەينىڭ بۇ ئىككى قېتىملىق تېلېگراممىسىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ھىيلە - مىكىرىسىنى سېزىپ، ئۇنى دەرھال «كەسكىن تەدبىر قوللانغان».

تاڭ زۇڭ 1944 - يىل 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىكى خاتىرىسىدە مۇنداق دەپ يازغان:

« قىسقىچە مەزمۇنى: شىنجاڭ ۋەقەسى يەنە ئۆزگەرمەكتە.

ۋېيپۇەنجاڭ جاناپلىرى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسىنى ئالماشتۇرۇش قارارىغا كەلدى ھەمدە ئىچكى جەھەتتە ۋۇجۇڭشىننى ئەۋەتىشنى بەلگىلىدى. بىراق، شېڭ شىسەي ھازىر مەركەزدىن ئەۋەتىلگەن خادىملارنى ۋە شىنجاڭ - موڭغۇلىيە چېگرىسىنى ساقلاۋاتقان ليۇ شىجاڭنى جىددىي قولغا ئېلىشتەك ئالاھىدە ئەھۋال يۈز بەرگەچكە، جانابىي ۋېيپۇەنجاڭ جۇيىمىڭ ئەپەندىنى چاقىرتىپ، ئۇنىڭ شىنجاڭغا بىرىپ كېلىشىنى تاپىلىدى. چېن يۈلى ئەپەندىنىڭ پەرەزقىلىشىچە، شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىغا باش قويۇشقا تەييارلىنىۋاتامدۇ - قانداق، ئۇنداق بولمىسا، ئۇ نىمە ئۈچۈن ليۇشىجاڭ بىلەن خۇاڭ شۇجىجاڭنى قولغا ئالىدۇ».

چېن بولىينىڭ بۇ پەرىزى ئاساسسىز ئەمەس. شۇ چاغدا ئۇرۇمچىدە: شېڭ شىسەي سىتالىنغا تېلېگرامما ئەۋەتىپ ئۆز گۇناھىغا تەۋبە قىلغان» لىغىنى بىلدۇرۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئىلگىرىكى مۇناسىۋەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلغانمىش، ھەتتا شىنجاڭنى سوۋېت ئىتتىپاقى تېرىتورىيىسىگە ئايرىپ بېرىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنمىش، ستالىن بۇ تېلېگراممىنى جياڭجيېشىغا ئەۋەتىپ بەرگەنمىش، دىگەن گەپ - سۆزلەر تارقالغان.

تاڭ زۇڭ 1945 - يىل 1 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىكى خاتىرىسىدە مۇنداق دەپ يازغان:

« لوجيالۇن (شۇ چاغدىكى شىنجاڭنىڭ باش تەپتىشى — ئاپتور )نىڭ يوللىغان دوكلادىدا، شېڭ شىسەي شىنجاڭدىن كېتىشتىن ئاۋال مەركەزدىن ئەۋەتىلگەن خادىملارنى زور كۆلەمدە قولغا ئالغان ئەنزە ھەققىدىكى تۆرلۈك پاكىتلار ئۇ كەتكەندىن كېيىن ئاستا - ئاستا ئاشكارىلىنىپ، ئەنزە ئەھۋالى ئايدىڭلىشىپ قالدى. ئۇنىڭ ئەڭ زور مۇددىئاسى يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت ئىكەن. دېيىلگەن ھەمدە تۆۋەندىكى 4 پاكىتنى دەلىل قىلىپ كۆرسەتكەن: تۇتقۇن قىلىش ۋاقتىدا سوۋېت كونسۇلخانىسىغا قاتراپ يۈرگەن ئادەم بار، بۇ بىرىنچىسى؛ تۈرمىدىكى كومپارتىيە ئەزالىرىغا ئېتىۋار بېرىپ، ئۇلارنى ھېچقانداق قىيىن - قىستاققا ئېلىپ سوراق قىلىش ئىشلىرى بولمىدى،

بۇ ئىككىنچىسى؛ شىنجاڭدىن كېتىشتىن ئاۋال رۇس مىللىتىدىن بولغان ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىشپىيونلۇق ئىشلىرىغا چېتىشلىق بولغان مەھبۇسلار تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلدى. بۇ ئۈچىنچىسى؛ ۋەقەدىن كېيىن سوۋېت كونسۇلىنىڭ ۋۇتېپەيىۋەن* بىلەن قىلغان سۆھبىتىدىكى سۆزلىرىدە خېلى ئاشكارىلانغان. بۇ تۆتىنچىسى. شۇ قاتاردا كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك يەنە بىر پاكىت شۇكى، شېڭ شىسەي قولغا ئالغان ئادەملەر ئىچىدە ئالتايدىكى باندىتلارنى تازىلاش دىۋىزىيىسىنىڭ كوماندىرى ليۇجېڭشىنمۇ بولۇپ، ئۇمۇ شۇ چاغدا قولغا ئېلىنغان » .

جۇ شاۋلياڭ 1944 - يىل 8 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە كەلگەن. جياڭ جيېشىنىڭ ئۇنىڭغا تاپشۇرغان ۋەزىپىسى « شېڭ شىسەينى ئۆز خىزمىتىدىن ئىستىپا بېرىشكە كۆندۈرۈش ».

بۇ چاغدا شېڭ شىسەيمۇ ئۆزىگە ئىگە بولالماي قالغان ئىدى. 1944 - يىل 3 - ئاينىڭ 29 - كۈنىدىن بۇرۇنلا جياڭ جيېشى ئىككى كورپۇس ئەسكىرىنى شىنجاڭغا كىرگۈزۈپ بولغان ئىدى. شېڭشىسەينىڭ ئاران 10 نەچچە مىڭ ئەسكىرىلا بولۇپ، ھەربى كۈچى ئەسلىدىلا يېتىشمەيتتى. ئۇ 1943 - يىلى پولكلارنى دىۋىزىيە قىلىپ كېڭەيتكەن بولسىمۇ، 28 مىڭدىن كۆپرەكلا ئەسكىرى بار ئىدى. ئۇ نۇرغۇنلىغان ئوفىتسېرلەرنى قولغا ئېلىپ قامىۋەتكەنلىكتىن، قارشىلىق كۆرسەتكۈدەك كۈچى قالمىغان ئىدى. شۇڭا جياڭجيېشىنىڭ بۇيرۇغىغا بويسۇنۇشتىن باشقا ئامالى يوق ئىدى.

تاڭ زۇڭ 1944 - يىل 8 - ئاينىڭ 26 - كۈنىدىكى خاتىرىسىدە مۇنداق دەپ يازغان:

« جۇ شاۋلياڭ ئۈرۈمچىدىن قايتىپ كېلىپ ئېيتىشىچە، شېڭشىسەي ئۆز خىزمىتىدىن ئىستىپا بېرىشكە ماقۇل بولغان. بىراق توپىلاڭ ئەنزىسىنى ئۈرۈمچىدە ئۆزى بىۋاستە سوراق قىلىشنى، بىرلىكتە سوراق قىلىش ئۈچۈن مەركەزنىڭ ئادەم ئەۋەتىشىنى ئىلتىماس قىلغان. »

1944 - يىل 8 - ئاينىڭ 29 - كۈنى چۇڭچىڭدىن شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە دۇبەن مەھكىمىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش بۇيرۇغى چۈشۈرۈلدى. شېڭشىسەي دۇبەن قوشۇمچە رەئىسلىك ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلۇپ، ۋۇجۇڭشىن رەئىسلىككە تەيىن-

* ۋۇتېپەيىۋەن — يۇقۇرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلگەن گومىنداڭ مەركىزى ھۆكۈمىتىنىڭ تاشقى ئىشلارنى بېجىرىش ئۈچۈن شىنجاڭغا ئالاھىدە ئەۋەتكەن دىپلوماتىيە خادىمى — تەرجىماندىن.

لەندى، بۇ ۋەزىپىنى جۇ شاۋلياڭ ۋاقىتلىق ئۆتەپ تۇرىدىغان بولىدى، شېڭ شىسەي دىخانچىلىق - ئورمانچىلىق مىنىستىرى قىلىپ تەيىنلەندى.

تاڭ زۇڭ 1944 - يىل 9 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدىكى خاتىرىسىدە مۇنداق دەپ يازغان:

« شىنجاڭ رەئىسى شېڭ شىسەي ئىچكىرىگە يۆتكەلدى، ئۇنىڭ ئورنىغا ۋۇجۇڭ-شىننىڭ تەيىنلەنگەنلىكى جاكالاندى.»

شېڭ شىسەينىڭ« توپىلاڭ ئەنزىسىنى ئورۇمچىدە ئۆزى بىۋاستە سوراق قىلىش» نى تەلەپ قىلغانلىقى توغرىسىدا. تاڭ زۇڭ 1945 - يىل 1 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىكى خاتىرىسىدە مۇنداق دەپ يازغان :« شىنجاڭ ئۆلكىسىدىكى ئەنزە توغرىسىدا جىن جۇرېن بىلەن مەسلىھەتلەشتۇق. ۋېيىۋەنجاڭ جاناپلىرى بىزنىڭ پىكرىمىزنى تەستىقلىدى. بىراق شېڭ شىسەينىڭ يەنىلا ئۆزىنىڭ يۈزىنى ساقلاپ قېلىش ئۈمىدىدە بولۇۋاتقانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، پۈتۈن ئەنزىنى چۇڭچىڭغا يۆتكەپ كەلمەسلىكنى، ئەمما چېڭ دۇڭبەي، سۇڭ نيەنسى قاتارلىقلارنى چۇڭچىڭغا ئالدۇرۇپ كېلىپ سوراق قىلىشنى كېلىشتۇق . »

شېڭ شىسەي شۇ ئېنزېڭنىڭ ھەمرالىقىدا. 1944 - يىل 9 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ ئورۇمچىدىن چىقىپ، 9 - ئاينىڭ 13 - كۈنى چۇڭچىڭغا يېتىپ بېرىپ جياڭجېيشى بىلەن كۆرۈشكەن.

تاڭ زۇڭ 1944 - يىل 9 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىكى خاتىرىسىدە مۇنداق دەپ يازغان: گومىن سەنجېڭخۇ( مىللى كېڭەش ) نىڭ 3 - قۇرۇلتاي 3 - ئومۇمى يىغىنى 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئېچىلىپ، بۈگۈن چۈشتىن كېيىن يېپىلدى.

شېڭ شىسەي دىخانچىلىق - ئورمانچىلىق مىنىستىرى قىلىپ تەيىنلەندى. رەئىس مۇنداق دەپ كۆرسەتتى :شىنجاڭ مەملىكىتىمىزنىڭ شەرقىي شىمالدىكى 4 ئۆلكىسى بىلەن تەڭ . ئۇنىڭ بىر پاي ئوق ئېتىلماستىن مەركەز قوينىغا قايتۇرۇپ كېلىنىشى مەز-كۇر چېگرارايوندىكى چوڭ ئەمەلدارنىڭ ئەڭ زور تۆھپىسى ھېساپلىنىدۇ. مىنگو قۇرۇلغاندىن بۇيان، شىنجاڭغا مەركەزدىن رەسمىي ئەمەلدار تەيىنلەش — بۇ تېخى تۇنجى قېتىم. »

بۇ يەردە جياڭ جېيشى ئۆزىنىڭ «بىر پاي ئوق ئاتماستىن » شىنجاڭنى قولغا كەلتۈرگەنلىكىگە خوشال بولۇپ ماختانغان ۋە ئەتىگىنى ھەپىرەڭ، ئاخشىمى شەپىرەڭ بولۇپ ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان شېڭ شىسەينى بولۇشىچە ماختىغان. ئۇ « شىنجاڭ مەملىكىتىمىزنىڭ شەرقىي شىمالدىكى 4 ئۆلكىسى بىلەن تەڭ »دېگىنىدە، شەرقىي شىمالدىكى

4 ئۆلكە دەل ئۇنىڭ « قارشى تۇرماسلىق » بۇيرۇغى بىلەن قولدىن كەتكەنلىكىنى ئىسمىدىن چىقىرىپ قويغان. ئۇ چوڭلىغى شەرقىي شىمال 4 ئۆلكىگە تەڭ كېلىدىغان شىنجاڭنى قولغا كەلتۈرگەن بىلەنمۇ، مەملىكىتىمىز خەلقى ئالدىدا، ئۇ ئۆزىنىڭ شەرقىي شىمالدىكى 4 ئۆلكىنى قولدىن بەرگەن جىنايىتىنى ئاقلىيالمايدۇ.

شىڭ شىسەيچۇ ؟

تاڭ زۇڭ 1945 - يىل 5 - ئاينىڭ 17 - كۈنىدىكى خاتىرىسىدە مۇنداق دەپ يازغان:

« قۇرۇلتاي ۋاقتىدا ( گومىنداڭ پىرقىسىنىڭ 6 - قۇرۇلتىيى - ئاپتور )، مەسئۇد شىڭ شىسەينىڭ شىنجاڭدا يۈرگۈزگەن ئىستىبداتلىقى توغرىسىدا شىكايەت قىلغاندا، ئۇزۇنغا سوزۇلغان چاۋاك سادالىرى ياڭرىدى. ئۇنىدىن كېيىن مەسئۇد: 1) قۇرۇلتاينىڭ شىڭ شىسەينى پىرقىدىن ھەيدەپ چىقىرىشىنى؛ 2 ) زۇڭسەينىڭ * شىڭ شىسەينى قاماققا ئېلىشىنى تەلەپ قىلدى. شىڭ شىسەي ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆزىنى ئاقلاپ : بۇ قۇرۇلتاي مىللى قۇرۇلتاي ئەمەس، پىرقە قۇرۇلتىيى، دىدى. پۈتۈن يىغىن ئەھلى قاقاخلاپ كۈلۈپ كەتتى، ۋاراڭ - چۇرۇڭ كۆتىرىلىپ، يىغىن مەيدانى بىر مەھەل قالايمىقانلىشىپ كەتتى .

چۈشتىن ئىلگىرى، زۇڭسەي سىياسى دوكلات بەردى، شىنجاڭ مەسىلىسىنى ئىزاھلاپ: شىڭ شىسەينىڭ ئۆلكە ھاكىمىيىتىنى مەركەزگە تاپشۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى تۆھپە كۆرسىتىپ ئۆز گۇناھىنى يۇغانلىق دەپ قاراشقا بولىدۇ، دىدى. شىڭ شىسەي بۇنى ئاڭلاپ پوتلىسىنى ئېقىتىپ يىغلاپ كەتتى. »

بۇ گەرچە ئۈچ رەڭگى سەھنىدە ئوينىپ چىققان بىر پەردە كومېدىيە بولسىمۇ، لېكىن ئەمىلىيەتتە بولۇپ ئۆتكەن جانلىق تارىخ!

تۆۋەندە تاڭ زۇڭنىڭ چوڭچىڭدا ئىككى قېتىم « شىڭ شىسەي بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبىتى » نىڭ خاتىرىسىنى مەزكۇر ماقالامنىڭ خاتىمىسى سۈپىتىدە نەقىل كەلتۈرۈپ ئۆتىمەن. تاڭ زۇڭ 1944 - يىل 10 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىكى خاتىرىسىدە مۇنداق دەپ يازغان:

« شىڭ بۇجاڭ جىنيۇڭ * بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن باردىم. ئۇ ئىش بېجىرىش ئورنىغا يېڭىلا كېلىپ مېنى كۈتۈپ تۇرغان ئىكەن. بۇ مېنىڭ شىڭ شىسەي

* زۇڭسەي (总裁) — جياڭ جېيشىنىڭ گومىنداڭ پىرقىسىدىكى ۋەزىپىسى، باش شۇجى دىگەندەك مەنىدە — ت.

*晋庸 — شىڭ شىسەينىڭ تەخەللۇسى — ت.

بىلەن تۇنجى قېتىم يۈز كۆرۈشۈشۈم ئىدى. مەن ئالدى بىلەن ۋېيىۋەنجاڭ جانابلىرىنىڭ مېنى شېڭ دۇباڭ بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن ئەۋەتكەنلىكىنى ئىزھار قىلدىم، ئاندىن نۆۋەتتە كېتىۋاتقان C تۈردىكى دوكلات خىزمىتىنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇردۇم. شېڭ شىسەي مۇنۇلارنى دېدى: «مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، ھۆكۈمەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا يوشۇرۇنغان كوممۇنىستلار بار، ئۇلار ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلارنىڭ ئىچىگە كىرىۋالغان. بولۇپمۇ ھۆكۈمەتنىڭ مۇھىم خادىملىرىنىڭ پەرزەنتلىرى ئۇرۇق - تۇققان ۋە يېقىن ئادەملىرىنى كومپارتىيە ئاسانلا ئۆزىنىڭ تارتىش نىشانى قىلىۋالىدۇ. شۇنىڭدەك كومپارتىيە پىرقە ئىچىدىكى پىشۋالار، چېرىكلەشكەنلەر ۋە كاپىتالىستلاردىنمۇ پايدىلىنىپ كېتىشى مۇمكىن.» ئۇ يەنە: «ئەگەر شۇ كېچۈن، دەي يۈنۈگلار بىلەن كۆرۈشۈش توغرا كەلسە، ۋېيىۋەنجاڭ جانابلىرىنىڭ بۇيرۇغى بولۇشى كېرەك. يەنە جياڭ جىڭگو ئەپەندىمۇ قاتناشسا، بىز بىرلىكتە دالىغا چىقىپ ئەڭ مەخپىي جايدا سۆزلەشسەك. ئەگەر پىرقە ۋە ھۆكۈمەت ئىچىدىكى يولداشلارنى تەكشۈرۈش توغرا كەلسە، ئۇ ئىشقا ئىشپىيونلۇق ئورگانلىرىنىڭ سىرتىدىكى خادىملارنى قاتناشتۇرۇش كېرەك» دېدى ۋە بۇ خىزمەتنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.»

تاڭ زۇڭ 1944 - يىل 12 - ئاينىڭ 19 - كۈندىكى خاتىرىسىدە مۇنداق دەپ يازغان:

«شېڭ شىسەي بىلەن سۆھبەتلەشتىم. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەينى يىللاردا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرمەكچى بولغاندا موسكۋانىڭ رۇخسەت قىلمىغانلىقىنى، كېيىن ستالىن ئۇنى سوۋېت كومپارتىيىسىگە كىرىشكە تەكلىپ قىلغانلىقىنى سۆزلەپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭ بىلەن جۇڭگو كومپارتىيىسىگە تۇتقان پوزىتسىيىسىنىڭ ئوخشاشمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ ئۆتتى، سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگو كومپارتىيىسىنى يۆلەشنى خالايدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە، شىنجاڭنى ئۆز ئالدىغا باشقۇرۇشنى تېخىمۇ خالايدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭغا بولغان ئىشتىھاسى كىچىك ئەمەس. شېڭ شىسەينىڭ ئېيتىشىچە، ئەينى يىللاردا يۈرگۈزۈلگەن 6 بۈيۈك سىياسەت سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇشنى ۋاھىمىگە يەتكۈزگەن بولسىمۇ، لېكىن ئاخىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كۆز ئالايتىشىدىن خالىي بولالمىغان. شېڭ شىسەي شىنجاڭدىن كەتكەندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قاراقچىلارنى كۈشكۈرتۈپ غۇلجىنى بېسىۋالغانلىقىدىن بۇنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. شېڭ شىسەي دۆلەت ئىچىدىكى ئەرباپلارنىڭ مۇناسىۋەت مەسىلىلىرىنىمۇ ئاز - تولا سوراپ كۆردى، بۇ ھەقتە ئۇنىڭمۇ ئۆزىچە تەھلىلى بار ئىكەن. ئۇ يەنە ھەربىي كادىرلارنىڭ سىياسىي چۈشەنچىسى قانداق، دەپ سورىدى. كادىرلارنىڭ مۇھىملىكىنى قايتا - قايتا تەكىتلەپ: ئەگەر كادىرلار مۇكەممەل بولمىسا، ھېچقانداق ئىشنى ۋۇجۇتقا چىقار-

ئەمەلى بولمايدۇ، دېدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ قېتىمقى مەغلۇبىيىتى ۋە شىنجاڭدىن چىقىپ كېتىش قارارىغا كەلگەنلىكىنىڭ ئاساسىي سەۋەبىنى ھەربىي كادىرلار (ئىككى پىيادە دىۋىزىيە كوماندىرى) نىڭ سىياسىي چۈشەنچىسى كەم بولۇپ، ئەكسىيەتچىلەرنىڭ قۇترىتىشىغا ئۇچراپ ئاسىيلىق قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى دەپ ئىزاھلىدى ۋە قاتتىق خورسىنغانلىقىنى ئىپادىلىدى. سۆھبەت 2 سائەت 15 مىنۇتچە داۋام قىلدى. ئۇ سۆزلىگەنسېرى ھاياجانلىنىپ كەتتى، بىراق باشقىلارغا ئېتىماسلىقىنى قايتا - قايتا تاپىلىدى».

بۇ ئىككى قېتىملىق سۆھبەتتە شېڭ شىسەي ئۈچ مەسىلىنى سۆزلىگەن: بىرىنچىسى ئىچكى ئىشلار، شېڭ شىسەي گومىنداڭنىڭ «پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى يولداشلار» نى تەكشۈرۈپ چىقىش توغرىسىدا تەكلىپ بەرگەن ھەمدە ئۆز ھالىغا باقماستىن، بۇ خىزمەتنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ «توپىلاڭ كۆتىرىش سۇيىقەست ئەنزىسى» نى ئويدۇرۇپ چىقىرىدىغان ھۈنىرىنى داۋاملىق ئىشقا سېلىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بېشىدا ئويناتقان قانلىق قىلىچىنى گومىنداڭنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئاپپاراتلىرى ئىچىدىمۇ ئوينىتىپ كۆرمەكچى بولغان. گوداڭ يالىغان ئىت خوجايىنى ئۆزگەرتمەيدۇ، دېگەن مانا شۇ! ئەپسۇسكى، جياڭ جيېشى ئۇنىڭ بۇ گەپلىرىگە پەسەنت قىلمىغان. ئىككىنچىسى تاشقى ئىشلار، ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى بۇزمىلاپ، ئۆزىنى ئاقلىغان. ئۈچىنچىسى - ئۆزى توغرىسىدىكى ئىشلار، شېڭ شىسەي ئۆزىنىڭ نەيرەڭۋازلىقى، ھىيلە - مىكىر ئىشلىتىمەن دەپ ئىشنى بۇزغانلىقىدىن كېلىپ چىققان مەغلۇبىيىتىنى «ھەربىي كودىرلار (ئىككى پىيادە دىۋىزىيە كاماندىرى) نىڭ سىياسىي چۈشەنچىسى كەم بولۇپ، ئەكسىيەتچىلەرنىڭ قۇترىتىشىغا ئۇچراپ ئاسىيلىق قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى» دەپ باشقىلارغا ئارتىپ قويغان. ئىككى پىيادە دىۋىزىيە كوماندىرى كىمگە ئاسىيلىق قىلىپ، كىمگە بېقىنغان؟ ئۇلار شېڭ شىسەيگە ئاسىيلىق قىلىپ، جياڭ جيېشىغا بېقىنغان. شېڭ شىسەينىڭ ئۆزىچۇ؟ ئۇ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە ئاسىيلىق قىلىپ، جياڭ جيېشىغا بېقىنغان. دېمەك ھەممىسىلا جياڭ جيېشىغا بېقىنغان. بىرسى ئىككى، ئىككىسى بىر دېگەن شۇ، بۇ يەردە «خۇر سىنىدىغان» نىمىسى بار؟

شېڭ شىسەي تاڭ زۇڭ بىلەن بولغان ئىككى قېتىملىق سۆھبەتتە، ئۆزىنىڭ قانخورلۇق ياۋۇز ئەپتى - بەشىرىسىگە ئاخىرقى قېتىم ھەل بەرمەكچى بولغان. بۇ نەيرەڭۋاز ھىيلە - مىكىرچى ئىبلىس ئاخىرى بېرىپ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمران سىنىپنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئېلىشىشلاردا رەھىمسىز تۈردە ئىرغىتىپ تاشلاندى.

ئېزىز يۈسۈپ تەرجىمىسى

# ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمقى ئەسەر ۋە مەدەنىي مىراسلىرىنى يىغىش، رەتلەش، نەشر قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ۋەتىنىمىزنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلايلى

ھاجى نۇراجى

## 1

مەملىكىتىمىز جۇڭگو مەدەنىيەت تارىخى ئۇزۇن، كۆپ مىللەتلىك مەملىكەت بولۇپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ شانلىق مەدەنىيىتىنى ھەر قايسى قېرىنداش مىللەتلەر ئورتاق ياراتقان.

ئۇلۇغ جۇڭخۇا مىللەتلىرى چوڭ ئائىلىسىنىڭ مۇھىم تەركىۋى قىسمى بولغان رايونىمىزدىكى ئازسانلىق مىللەت خەلقىنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان بۇ مۇنبەت زېمىندا ئەۋلات قالدۇرۇپ، تىرىكچىلىك قىلىپ، كۆپىيىپ، ئۆزلىرىنىڭ تىرىشچانلىق ئەمگىكى ۋە ئېقىل-پاراسىتىگە تايىنىپ ئۆز مىللىتىنىڭ شانلىق ئۇزۇن تارىخىنى ۋە مۇنەۋۋەر مەدەنىيىتىنى ياراتتى. كېيىنكى ئەۋلاتلارغا ئىنتايىن مول مەزمۇنلۇق بىباھا قىممەتلىك قەدىمقى مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قالدۇردى.

رايونىمىزدىكى ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمقى تارىخىي دەۋرلەردە بىز ئەۋلاتلارغا قالدۇرغان قەدىمقى ئەسەر ۋە مەدەنىي مىراسلىرىنىڭ دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ، يېزىق تۈرلىرىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا 17 خىل تىل، 24 تۈرلۈك يېزىقتا — قارۇشتى، سانسكرىت، توخرى، ساك، براھمى، تۈرك، تۈبۈت، مانى، قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقى، خەنزۇ يېزىقى قاتارلىق يېزىقلاردا يېزىلغان ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنى ئىنتايىن مول، بۇ ئەسەرلەر ئىپتىخارلىنىشىمىزغا ئەرزىيدۇ. بۇ ئەسەرلەر مىلادى 1-ئەسىردىن 4-ئەسىرگىچە بولغان دەۋردە قارۇشتى يېزىقىدا يېزىلغان سىياسىي، ئىقتىساتقا دائىر قىممەتلىك ئەسەرلەر، ماتېرىياللار، ئەمىر-پەرمان، ۋەسىقە،

ھۆججەتلەرنى، 4-ئەسىردىن كېيىن سانسكرىت يېزىقىدا پالما دەرىخى يوپۇر-مىقىغا يېزىلغان بۇددا ئەسەرلىرىنى، شۇ دەۋرلەردە قەغەزگە خوتەن ساك يېزىقىدا يېزىلغان بۇددا ئەسەرلىرىنى، شۇنىڭدەك تىببى ئىلىمغا دائىر قىممەتلىك ئەسەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئۇيغۇرلار مىلادى 5-ئەسىرلەردىن باشلاپ ئورخۇن-يەنسەي يېزىقى (تۈرك-رونىك يېزىقى) ۋە سوغدا يېزىقى ئاساسىدا يارىتىلغان قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدا ئۇيغۇرلار تارىخىغا ۋە مەدەنىيىتىگە ئائىت نۇرغۇن ئەسەر ۋە ماتېرىيال، ھۆججەت، ۋەسىيقىلەرنى، 5-ئەسىردىن كېيىن توخرى يېزىقىدا يېزىلغان بۇددىزىم ئەسەرلىرىنى، قوچو يېزىقىدا يېزىلغان ۋەسىيقىلەرنى قالدۇرغان؛ 6-ئەسىرنىڭ ئالدى-كەينىدە دۇنياغا مەشھۇر چوڭ ھەجىملىك بۇددىزىم سەھنە ئەسىرى «مائىترى سىمىت» يېزىلغان. «مىلادى 5-ئەسىرلەردە تۇرپاندا ئويما مەتبەئە-تامغا مەتبەئەدە بېسىلغان گۈزەل بۇددىزىم سەنئەت رەسىملىرى بارلىققا كېلىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمقى مىللى، مەدەنىي مىراسلىرى مەملىكىتىمىزنىڭ مەتبەئە كەشپىياتىنىڭ تارىخىي دەۋرىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە تۆھپە قوشقان»، «مىلادى 6-ئەسىردە تۇرپاندا قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقى ئاللىقاچان ئىشلىتىلگەن» *، مىلادى 6—7-ئەسىرلەردىن كېيىن ئەرەپ، پارس يېزىقلىرىدا نۇرغۇن مەشھۇر تارىخىي ئەسەر، شېئىر-داستانلار، تىلشۇناسلىققا دائىر قىممەتلىك ئەسەر، كىتابلار قالدۇرۇلغان.

بولۇپمۇ كۆك تۈرك خاندانلىقى (مىلادى 552-يىلى)، ئۇيغۇر خاندانلىقى (744 — 840-يىللار) دەۋرىدە قەدىمقى تۈرك (ئورخۇن) يېزىقىدىكى مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرى، قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى مەڭگۈ تاشلار، «ئالتۇن يارۇق»، «ئوغۇزنامە»، «چىستانى ئىلىك بەگ»، «ئىككى تېگىننىڭ ھېكايىسى»، «شۆەن-زاڭنىڭ تەرجىمىھالى»، ھەرخىل مەزمۇندىكى سوترا، تۆۋەنامە، تەمسىل، ھېكايە، قوشاق، شېئىرلار يېزىلغان بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخ تەتقىقاتىدا ئىنتايىن يۇقىرى ئىلمىي قىممىتى بار. ئۇلۇغ ۋە تەڭداشسىز جۇڭگو مەدەنىيەت غەزىنىسىدىكى بىباھا گۆھەر، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىپتىخارى 11-ئەسىردە ئۆتكەن بۈيۈك مۇتە-پەككۇر ۋە تالانتلىق شائىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپ يازغان مەشھۇر داستان

* لۇشۇن مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان قەدىمقى مەدەنىي مىراسلىرىمىزنى تەكشۈرۈش دوكلاتى. 1984-يىل 6-ئاي 25-كۈنى.

«قۇتادغۇ بىلىك» بىلەن ئۇچمەس تۆھپە ياراتقان ئاتاقلىق ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئۆلمەس ئەسىرى «تۈركى تىللار دىۋانى» 10 — 13-ئەسىرلەردە ئۆتكەن «قاراخانىلار خاندانلىغى» نىڭ گۈللەنگەن ئىقتىسادىي ۋە مەدەنى ھاياتىنىڭ مەھسۇلى سۈپىتىدە جاھان مەدەنىيەت غەزىنىسىدىن ئورۇن تۇتۇپ كەلدى.

14-ئەسىرلەردىن كېيىن قاراخانىلار دەۋرى ئەدەبىياتىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىگە ۋەكىللىك قىلغۇچى مۇنەۋۋەر ئەدىپ ئەخمەت يىنىنى مەھمۇت يۈكنەكىنىڭ داڭلىق ئەسىرى «ئەتەبەتۇلھەقايىق» (ھەقىقەتلەر بوسۇغىسى) ۋە سىياسى، تارىخ، تىل-ئەدەبىيات، دىن، پەلسەپە، سەنئەت، ئاسترونومىيە، يىلنامە، جۇغراپىيە، تىببىي دورىگەرلىك، گۈزەل سەنئەت، بىناكارلىق، ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئەسەرلەر مىسلىسىز كۆپلەپ مەيدانغا كەلگەن.

رايونىمىزدىكى قازاق مىللىتىمۇ ئۇزۇن تارىخقا ئىگە مىللەت، مىلادىدىن ئىلگىرى 3-ئەسىردىن 1-ئەسىرگىچە بولغان دەۋردە ئورخۇن، يەنسەي ۋادىلىرىدا خېلى بۇرۇنلا قەدىمقى تۈرك يېزىغىنى قوللىنىپ نۇرغۇن ئابىدىلەرنى، ئىسلامىيەتتىن كېيىن ئەرەپ يېزىغىدا نۇرغۇن ئەسەرلەرنى قالدۇرغان. بولۇپمۇ 19-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئۇلۇغ ئەدىپ ئاباي مەيدانغا كېلىپ ئىلمىي قىممەتكە ئىگە ئەسەرلەرنى يازغان. قازاق خەلقىنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتى، داستان، راۋايەتلىرى تارىخىنىڭ ئۇزۇن، مەزمۇنىنىڭ مول بولۇشى بىلەن تارىختىن ئورۇن ئېلىپ كەلمەكتە.

شىنجاڭدىكى موڭغۇل مىللىتىنىڭ تارىخى ئۇزۇن، قەدىمقى ئەسەرلىرى ئىنتايىن مول، بولۇپمۇ موڭغۇل خەلقىنىڭ قەھرىمانلىق داستانى «جاڭغىرنىڭ تەرجىمھالى»، قىرغىز خەلقىنىڭ بىر قانچە ئەۋلات كىشىلىرىنىڭ سەرگۈزەشتىسى بايان قىلىنغان 300 مىڭ مىسرادىن ئارتۇق تارىخىي داستانى «ماناس»، بۇنىڭدىن باشقا ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ خەلق ئارىسىدا ئۇزۇن تارىختىن بېرى تارقىلىپ يۈرگەن ئېغىز راۋايەتلىرى، ئېغىز ئەدەبىياتى، داستان، چۆچەك، ھىكايە، تەمسىللىرى كۆپ بولۇپ، بۇ قىممەتلىك بايلىقلار ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تارىخىي قىياپىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىشتە زور ئىلمىي قىممەتكە ئىگە.

II

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيە مىللى سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرى ئاستىدا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدا سوتسىيالىستىك

قۇرۇلۇشىنىڭ بارلىق ساھەلىرىدە مىسلى كۆرۈلمىگەن زور مۇۋەپپەقىيەتلەر مەيدانغا كەلدى. پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ غەمخورلۇقى ۋە رەھبەرلىكىدە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمقى ئەسەرلىرىنى ۋە مەدەنىيەت مىراسلىرىنى توپلاش، رەتلەش، تەتقىق قىلىش، نەشر قىلىش خىزمىتىدە نۇرغۇن ئىشلار ئىشلەندى. شۇنداق بولسىمۇ، بۇ جەھەتتە ئىشلەنگەن خىزمەتلەر ئىشلەشكە تېگىشلىك خىزمەتلەرگە سېلىشتۇرغاندا ناھايىتى ئاز. ھەر خىل تارىخىي سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمقى ئەسەرلىرىنى رەتلەش خىزمىتى ئەستايىدىل، سىستېمىلىق ئېلىپ بېرىلمىغان. شۇڭا بۇنداق ئۇزۇن تارىختا ئىگە دۆلىتىمىزدە ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ تارىخىي قىياپىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدىغان مۇكەممەل ئومۇمىي تارىخ تاكى ھازىرغىچە بولمىدى.

ئاپتونوم رايونىمىزنى ئالغاندىمۇ قىسمەن ئەسەرلەرنى رەتلىگەندىن باشقا، قەدىمقى ئەسەرلەرنى توپلاش، رەتلەش خىزمىتى سىستېمىلىق ئىشلەنمىدى. بىر مەزگىل ھەرخىل سولچىللىق خاتالىقى تۈپەيلىدىن بۇ خىزمەتكە ئېتىۋاربېرىش يېتەرلىك بولمىدى. ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ مىللىي مىراسلىرى ۋە قەدىمقى ئەسەرلىرى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. «تۆت كونا» نى بۇزۇش نامى بىلەن نۇرغۇن مەشھۇر قەدىمقى ئەسەر، كىتاپ، ماتېرىيال، ھۆججەتلەر كۆيدۈرۈپ تاشلاندى ياكى ئەسكى قەغەز قاتارىدا ئەرزان باھادا سېتىۋېتىلدى ياكى ۋەيران قىلىندى. بۇنىڭ بىلەن مەدەنىيەت گۆھەرلىرى نابۇت قىلىندى. لىن بياۋ ۋە «4 كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، پارتىيىنىڭ فاڭجېن-سىياسەتلىرى توغرا ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ئېلىمىزنىڭ ئىلىم پەن، مەدەنىيەت تەرەققىياتى كىشىنى شاتلاندۇرىدىغان يېڭى گۈللىنىش دەۋرىگە قەدەم قويدى.

ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمقى ئەسەرلىرى ئېچىشنى كۈتۈپ تۇرغان، تېخى ئېچىلمىغان بىر غەزنە. دۆلىتىمىزدىكى قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ يېزىق تارىخىمۇ ناھايىتى ئۇزۇن. نۇرغۇنلىغان قەدىمقى ئەسەرلەردە ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك ئەمەلىي تەجرىبىلىرى خاتىرىلەنگەن. قەدىمدىن بېرى ھەر خىل يېزىقلاردا قىممەتلىك نادىر ئەسەرلەر يېزىلغان. رايونىمىزدىكى قەدىمقى ئەسەر، كىتاپ، ماتېرىياللارنى يىغىش، رەتلەش، نەشر قىلىش جىددىي ھەم مۇھىم ۋەزىپە. دۆلىتىمىزدە خەنزۇچە كىتاپلار ئۇزۇن دەۋرلەردىن بېرى سۇلالىلار بويىچە بىر قەدەر سىستېمىلىق رەتلىنىپ كەلگەن. ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمقى ئەسەر ۋە

كىتاپلىرى دەۋرلەر بويىچە رەتلەنمىگەن، ئەمدى بۇ ئىشنى باشتىن تۇتۇپ پىلانلىق، سىستېمىلىق هالدا ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ ئىشنى ئەمدى كېچىكتۈرۈشكە بولمايدۇ. يەنە چىڭ تۇتمايدىغان بولساق، ھەرمىللەت خەلقى ۋە كېيىنكى ئەۋلا تلار ئالدىدا يەرگە قارايمىز . مىللى قەدىمقى ئەسەرلەر كۆپىنچىسى قولىيازما بولۇپ، پەقەت بىر نەچچە پارچە.ھەتتا ئەسلى قولىيازما نۇسخىسلا ساقلىنىپ كېلىنگەن. ئۆتمۈشتە نۇرغۇن ئەسەرلەرنى چەتئەللىكلەر ئېلىپ چىقىپ كەتكەن بولسىمۇ، كۆپ قىسمى رايونىمىزدا خەلق ئىچىدە ساقلىنىپ قالغان. مىللى قەدىمقى ئەسەرلەرنى يىغىشنىڭ دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ بولۇپ، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ يېزىق قوللانغان ۋاقتىدىن تارتىپ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان ۋاقىتقىچە بولغان ئۇزۇن تارىخي دەۋرلەردە يېزىلغان ئەسەرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئەسەرلەرنىڭ بەزىلىرى شۇ مىللەتنىڭ ئۆز يېزىغى بىلەن يېزىلغان بولسىمۇ،ھەرخىل تارىخىي شارائىتلار سەۋەبىدىن بەزىلىرى ئەرەپچە، پارسچە، خەنزۇچە يىزىقتا يېزىلغان ياكى باشقا تىلدىن ئۆز يېزىغىغا تەرجىمە قىلىنغان، بەزىلىرى چەتئەل تىللىرىدا يېزىلغىنىچە ساقلىنىپ .قالغان بەزىلىرى ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ كەلگەن. بۇ مەدىنى يادىكارلىقلارنىڭ مەيلى قايسى تۈردىكىسى بولمىسۇن، ئۆز مىللى مەدىنىيىتىنىڭ ئەنئەنىسىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. بولۇپمۇ مىللى تارىخي داستانلاردا ئۆز مىللىتىنىڭ تارىخي، مەدىنىيتى، ئەدىبىياتى، ئېتنوگىراپىيىسىگە دائىر قىممەتلىك تارىخي مەلۇماتلار، پەلسەپە، دىن، تىل، ئەدىبىيات، سەنئەت، ئاسترونومىيە، كالىندارچىلىق، مېھمانىدارچىلىق، تىبابەتچىلىك، دېخانچىلىق، چارۋىچىلىق، بىناكارلىق، گۈزەل سەنئەت، رەسساملىق قاتارلىق ساھەلەرگە ئائىت بىلىملەر بار. بۇلار ئازسانلىق مىللەتلەر مەدىنىيىتىنىڭ جەۋھىرى ۋە قەدىمقى مىللى مىراسلىرى بولۇپ، ھەممىسى توپلاپ رەتلىنىدۇ.

بىزنىڭ بۈگۈنكى كۈندە قەدىمقى ئەسەرلەرنى يىغىش ۋە رەتلىشىمىزدىكى مەقسەت كونا قەدىمقى ئەسەرلەرگە قىزىقىۋاتقانلىغىمىز ئەمەس، شۇنىڭدەك « 4 كىشلىك گۇرۇھ» ئېيتقاندەك « قەدىمقىغا ئەھمىيەت بېرىپ، بۈگۈنكىگە سەل قاراش» مۇ ئەمەس. مىللى قەدىمقى ئەسەر ۋە مىللى مىراسلار تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا ئىنسانىيەتنىڭ مەنىۋى بايلىغى، قەدىمقى ئەسەرلەر مەسىلىسىگە ماركسىزمچىلار ئەزەلدىن كۆڭۈل بۆلۈپ كەلگەن ئىدى. لېنىن مۇنداق دېگەن ئىدى: « ئىنسانىيەت ئۆزىنىڭ پۈتكۈل تەرەققىياتى جەريانىدا ياراتقان مەدىنىيەتنى توغرا چۈشەنگەن ۋە ئۆزگەرتكەندىلا، ئاندىن پرولېتارىيات مەدىنىيىتىنى بەرپا

قىلالايدۇ» شۇنىسى ئېنىقكى، بىر مىللەتنىڭ مۇنەۋۋەر مەدەنىيىتى ھەرگىز بىر كۈندە شەكىللەنگەن ئەمەس، تارىخنىڭ تەرەققىياتىغا، مىللەتنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە ئەگىشىپ ئۈزلۈكسىز توپلانغان. شۇنىڭ ئۈچۈن مىللىي قەدىمقى ئەسەرلەر ۋە مىللىي مەدەنىيەت مىراسلىرىغا توغرا مۇئامىلە قىلىشىمىز، بۇ ئىشنى مىللەتلەرنىڭ ئۇزاق ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى جارى قىلدۇرۇش، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش خىزمىتىنىڭ تەركىبىي قىسمى دەپ قاراپ، ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىستراتېگىيىلىك ۋەزىپە قاتارىدا چىڭ تۇتۇپ ئىشلىشىمىز لازىم.

III

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى (1981-يىل) 37-نومۇرلۇق ھۆججەت تارقاتتى، گوۋۇيۈەن 1982-يىلى ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمقى ئەسەرلىرىنى يىغىش، رەتلەش، نەشر قىلىش توغرىسىدا يوليورۇق چۈشۈردى. دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭىنىڭ (1984-يىل) 30-نومۇرلۇق ھۆججىتىنى تارقاتتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ۋە خەلق ھۆكۈمىتى بۇ خىزمەتكە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ، (1983-يىل) 81-نومۇرلۇق ھۆججەت — «شىنجاڭدىكى ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمقى ئەسەرلىرىنى رەتلەش، نەشر قىلىش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش» نى تارقاتتى، ئاپتونوم رايونلۇق ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمقى ئەسەرلىرىنى يىغىش، رەتلەش، نەشر قىلىشقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى رەھبەرلىك گۇرۇپپا قارمىقىدا ئىشخانا تەسىس قىلىپ، مىللەتلەرنىڭ قەدىمقى ئەسەرلەر خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتتى. رايونىمىزدىكى ۋىلايەت، ئاپتونوم ئوبلاست، شەھەر-ناھىيىلەردىمۇ ئارقا-ئارقىدىن ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمقى ئەسەرلىرى خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، رايونىمىز بويىچە مىللىي قەدىمقى ئەسەرلەرنى يىغىش، رەتلەش، نەشر قىلىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان ھەرقايسى تەتقىقات ئورۇنلىرى ۋە ئالىي مەكتەپلەردىن 70 تىن ئارتۇق مۇتەخەسسىس، ئالىم، كەسپىي خادىم ئاجرىتىلىپ، بۇ ئىشقا قاتناشتۇرۇلدى. ئاپتونوم رايونلۇق قەدىمقى ئەسەرلەر رەھبەرلىك گۇرۇپپا ئىشخانىسى بىر تۇتاش پىلانلاش ئاساسىدا، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئىلمىي قىممەتكە ئىگە ۋە تەتقىقات ئۈچۈن جىددىي ئېھتىياجلىق بولغان نادىر نۇسخا ياكى يەككە نۇسخىلاردىن بولغان ئەسەر، كىتابلارنى نەشر قىلىش پىرىنسىپى بويىچە رەتلەپ چىقىپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ

36 يىللىقى ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىغا ئاتاپ 30 پارچە ئەسەرنى تەييارلاپ نەشرگە ۰ ۰۰۰ نەشرگە بېرىلگەن ئەسەرلەر: «تۈركى تىللار دىۋانى» نىڭ فاكسىمىل نۇسخىسى، «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ۋېنا، قاھىرە، نەمەنگان نۇسخىلىرىنىڭ ئەسلى فاكسىمىل نۇسخىلىرى، «ئابدۇرېھىم نىزارى داستانلىرى»، «زەلىلى داستانى»، «تارىخىي ھەممىدى»، «مائىتىرى سىمىت»، «چىڭگىزنامە»، «جاھاننامە»، «دىۋان مەشھۇرى»، «شىپائىل قۇلۇپ»، «مىڭئۆي تام سۈرەتلىرى ھىكايىسى»، «قازاق خەلقىنىڭ شېئىر داستانى»، «قازاق جىراۋلار جىرەسى»، «يۈسۈپ-زىلەيخا»، «شاھماران»، «موڭغۇل خەلقىنىڭ قەھرىمانلىق شېئىر داستانى»، «ئۆيرات موڭغۇللىرىنىڭ تارىخى ماتېرىياللار توپلىمى» (1-2-قىسىم)، «جاڭغىر داستانى» 1-تومىدىن 5-تومغىچە، «موختەسەر قىرغىزىيە»، «تولتوي داستانى»، «ئابدۇللا توقاي تاللانما ئەسەرلىرى»، «سۈيۈم بىكە»، «شىۋە مىللىتىنىڭ تارىخىي ماتېرىياللار توپلىمى»، «مانجۇچە لۇغەت»، «فۇرقەتنىڭ تاللانما شېئىر داستانلىرى».

1. ئەسەرلەرنى نەشرگە تەييارلاشتا، ئەسەرنىڭ بىر نەچچە خىل نۇسخىسى بولسا، ۋەكىللىك خاراكتېرىغا ئىگە مۇكەممەل نۇسخىسىنى ئاساس قىلىپ باشقا نۇسخىلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق تولۇق نۇسخىنى تۇرغۇزۇپ چىقىپ، باشقا نۇسخىلارغا شەرتلىك بەلگە قويۇش (A·B·C)، باشقا يېزىقتا يېزىلغانلىرى بولسا، ئۇلارنى سېلىشتۇرۇپ تولۇق مۇكەممەل قىلىپ ئىشلەپ چىقىش تەلىۋى بويىچە ئىشلەندى. بەزى نادىر نۇسخىلارنىڭ ئەسلىسىنى كۆپەيتىش، قۇتقۇزۇۋېلىش نەزەردە تۇتۇلۇپ، ئۇلارقايتا رەسىمگە ئېلىنىپ، ئەسلى نۇسخىسى ئۆز پېتىچە نەشرگە تەييارلاندى.

2. ئەسەرلەرنى نەشرگە تەييارلاشتا قەدىمقى ئەسەرلەردىكى سۆزلەرنىڭ ئەينى تەلەپپۇزىنى مۇمكىن قەدەر ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈشتىن ئىبارەت ئىلمىي ئۇسۇل قوللىنىلدى. تەتقىقاتقا ۋە ئەسلى نۇسخىغا سېلىشتۇرۇشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى بېيىتلارنىڭ رەت نومۇرى بېرىلدى.

3. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا قوللىنىلمايدىغان، قەدىمقى ئۇيغۇرچىغا خاس بولغان سۆزلەرگە، ئەرەب، پارس تىللىرىدىن كىرگەن سۆزلەرگە ئەسەرنىڭ ئاخىرىغا لۇغەت بېرىش ئۇسۇلى قوللىنىلدى. ئەسەرنىڭ تېكىستىدىكى ئېنىق بولمىغان، خاتا كۆچۈرۈلگەن ئورۇنلارغا ھاشىيە بېرىلدى.

4. قەدىمقى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدىن نەشرگە تەييارلانغان ئەسەرنىڭ كۆپ قىسمى 14-ئەسىردىن 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان ئۇيغۇر تىلى (چاغاتاي دەۋرى ئۇيغۇر تىلى) دا يېزىلغان. رايونىمىزدا ھازىرغىچە بۇنداق ئەسەرلەرگە ترانسكرىپسىيە بېرىشنىڭ قائىدىسى بولمىغانلىقتىن، ھەر خىل ئىشلىنىپ كەلگەن ئىدى. بۇ قېتىم قەدىمقى ئەسەرلەر رەھبەرلىك گۇرۇپپا ئىشخانىسى قەدىمقى ئەسەرلەرگە ترانسكرىپسىيە بېرىش، تېنىش بەلگىلىرىنى توغرا قويۇشنىڭ ئىنتايىن جىددىي ئىلمىي ئىش ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، تىل-ئەدەبىيات ساھەسىدىكى ئالىم، مۇتەخەسسىسلەرنى تەكلىپ قىلىپ «چاغاتاي دەۋرىدە ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان ئەسەرلەرگە ترانسكرىپسىيە بېرىشنىڭ قىسقىچە قائىدىسى» تۈزۈلۈپ چىقىلدى.

بۇ خىزمەت ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ غەمخورلۇقى ۋە يېتەكچىلىكىدە مىللىي قەدىمقى ئەسەرلەر رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ بۇ خىزمەتنى چىڭ، ياخشى تۇتۇشى بىلەن، نەشرىيات ئورۇنلىرىنىڭ ئەسەرلەرنى قىزغىن قوللاپ، قوبۇل قىلىپ، نەشرگە ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇشى، ھەر قايسى مىللىي تىللار بويىچە قۇرۇلغان قەدىمقى ئەسەرلەر گۇرۇپپىلىرىدىكى ئالىم، مۇتەخەسسىس، تەتقىقاتچىلارنىڭ جاپاغا چىداپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە زور نەتىجىگە ئېرىشتى. بىر نەچچە يىل مۇشۇنداق ئىشلىنىدىغان بولسا، ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمقى ئەسەرلىرىنى يىغىش، رەتلەش، نەشر قىلىشتا مىسلىسىز گۈللىنىش ۋەزىيىتى يارىتىلغۇسى.

# جۇڭگو قازاق ئەدەبىياتى تارىخىنى يېزىش توغرىسىدا مۇلاھىزە

بولاتتاي دوسجانىن

1

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئىنستىتۇتى جۇڭگو قازاق ئەدەبىياتىنىڭ تارىخىنى يېزىش ئىشىنى كۈنتەرتىپكە كىرگۈزدى.

جۈملىدىن جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئىنستىتۇتى ئېلىمىزدىكى قېرىنداش ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات تارىخىنى يېزىش مۇناسىۋىتى بىلەن 1984 - يىل 1 - نويابىردىن 6 - نويابىرغىچە بېيجىڭدا چاقىرغان يىغىنىدا، 1987 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئېلىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات تارىخىنى يېزىپ چىقىش توغرىسىدا مۇناسىپ قارارلار قوبۇل قىلىندى. بۇ — ئازسانلىق مىللەت خەلقلىرى ئۈچۈن ئىنتايىن زور خۇشاللىنارلىق ۋەقە.

ھەممىگە ئايان، بىزنىڭ ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز جۇڭگو — بىرلىككە كەلگەن، كۆپ مىللەتلىك سوتسىيالىستىك مەملىكەت، بەش مىڭ يىللىق مەدەنىيەت تارىخىغا ئىگە قەدىمىي ئەل. ۋەتىنىمىزنىڭ چوڭ ئائىلىسىدىكى قېرىنداش مىللەتلەر ئېلىمىزنىڭ شانلىق مەدەنىيىتىگە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان. قېرىنداش ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمقى مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىي مىراسلىرى بىر پۈتۈن جۇڭخۇا مىللىتى مەدەنىيىتىنىڭ تەشكىلىي قىسمى. قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ شەكلى مىللىي، مەزمۇنى سوتسىيالىستىك مەدەنىيىتى ھەم سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتىمۇ ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق بايلىقى، پەخرى ۋە شەرىپى بولىدىغانلىقى شۈبھىسىز.

قازاق خەلقى — ئۇزاق تارىخقا ئىگە خەلق. ئۇنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى ۋە باي ئەدەبىي مىراسلىرى بار. يازما ئەدەبىياتىمۇ خېلى بۇرۇنلا مەيدانغا كەلگەن، شۇ-

ىنگەدەك ئۇنىڭ پەيدا بولۇش، شەكىللىنىش، تەرەققى قىلىش تارىخىمۇ بار. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئېلىمىزدىكى قازاق ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات جەريانى، گۈللەپ ياشناش قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىش ھەم ئۇنىڭ ماركسىزم - لېنىنىزملىق ئىلمىي ئاساسقا ئىگە تارىخىنى يېزىش - ئىنتايىن مۇھىم، ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك ئىش.

ئازاتلىقتىن كېيىن پارتىيە ۋە ھۆكۈمىتىمىز ئازسانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتىنى گۈللەندۈرۈشكە، ئەدەبىيات تارىخىنى يېزىشقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى. ئالايلى، 1958 - ، 1960 - ، 1961 - يىللىرى جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەشۋىقات بۆلۈمى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئەدەبىيات تەتقىقات ئىنستىتۇتى ئېلىمىزدىكى ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات تارىخىنى يېزىش توغرىسىدا ئايرىم-ئايرىم مۇھىم سۆھبەتلەر ئۆتكۈزۈپ، مۇناسىپ قارارلارنى چىقارغان ئىدى. مۇشۇ قارارلار بويىچە، بىر قىسىم ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات تارىخى يېزىلدى، جۈملىدىن ئۇيغۇر، قازاق ئەدەبىياتى تارىخىنى يېزىش ئىشىمۇ قولغا ئېلىنىپ، شېرىن خىيال رېياللىققا ئايلانغان ئىدى.

كىم بىلسۇن، ئۇزاق ئۆتمەيلا ئون يىل داۋام قىلغان ئىچكى قالايمىقانچىلىق تۈپەيلىدىن، تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە بۇ ئىش يېرىم يولدا توختاپ قالدى.

بەختكە يارىشا، «4 كىشىلىك گۇرۇھ» ئۇزۇل - كېسىل تارمار قىلىنىپ، ئاسماننى قاپلىغان قارا بولۇت تارقالدى، يەر يۈزىنى توپا - چاڭغا تولدۇرغان بوران - چاپقۇن بېسىلدى، پۈتۈن ئەلنى قاپلىغان ئوت سۇ سەپكەندەك ئۆچتى.

پارتىيىمىزنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى ئۈچىنچى ئومۇمىي يىغىنىنىڭ باھار ئىللىقى ئېلىمىزدىكى ھەرمىللەت ئەدەبىياتىغا جۈملىدىن قازاق ئەدەبىياتىنىڭ غەزىنىسىگىمۇ مول بايلىق، يېڭى ئۈمىت، يېڭى مېۋە ئېلىپ كەلدى. بۇ ئەدەبىيات ساھەسىدىكىلەرنىلا ئەمەس، كەڭ خەلق ئاممىسىنىمۇ خوشاللىققا پۈركىدى. ئون يىللىق ئىچكى قالايمىقانچىلىق مەزگىلىدە ئوتقا تاشلانغان، تالان - تاراج قىلىنغان، يەر ئاستىغا كۆمۈلۈپ توپا باسقان ئېسىل غەزنە، مول مىراسلىرىمىز قايتىدىن يىغىپ ئېلىنىپ، خەلقنىڭ ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتۈشكە باشلىدى. يوقىلىشقا يۈزلەنگەن ئېسىل مىراسلىرىمىزنى جىددىي قۇتقۇزۇش يۈزىسىدىن ئۇرۇمچىدە «شالغىن»، «مۇرا»، ئىلىدا «ئىلى ئايدىنى»، ئالتايدا «ئالتاي ئاياسى»، تارباغاتايدا «تارباغاتاي» ژورناللىرى چىقىرىلىپ، قازاق خەلقىنىڭ ئېقىل - پاراسىتىدىن مەيدانغا كەلگەن ئەدەبىياتىمىزنىڭ شانلىق بايلىقى يورۇق دۇنياغا چىقىشقا باشلىدى.

ئازاتلىقتىن كېيىنلا قايتا ھاياتقا ئىگە بولۇپ. قاناتلانغان قازاق ئەدەبىياتى ئۈچىنچى ئومۇمىي يىغىندىن بۇيانقى قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە باھار يامغۇرىدىن كېيىن كەڭ دالادا ئېچىلغان رەڭدار گۈللەردەك ياشناپ كەتتى. زاكىسىدا تۇنجۇقتۇرۇلغان ياش ئەدەبىياتىمىزنىڭ سەۋىيىسى ئۆستى، كۆلىمى كېڭەيدى. «4 كىشىلىك گۇرۇھ» يوقىتىلغاندىن كېيىنكى ساناقلىق يىللار ئىچىدىلا ئون نەچچە رومان، ئون بەشتىن ئارتۇق پوۋېست دۇنياغا كەلدى، بىر قانچە يۈز ھېكايە - ئوچېرىك، نۇرغۇن داستان، مىڭلىغان شېئىرلار ئەدەبىيات سەھىپىمىزگە قوشۇلدى. ھەر قايسى نەشرىياتلار نەشر قىلغان مەجمۇئەلەر بىلەن شائىر، يازغۇچىلارنىڭ توپلاملىرى سەكسەندىن ئاشىدۇ. قەدىمقى ئەدەبىي مىراسلاردىن «قازاق چۆچەك-لىرى»، «قازاق خەلق قىسسىلىرى»، «قازاق بالىلار چۆچەكلىرى»، «غوجا نەسىرىدىن لەتىپىلىرى»، «قازاق ماقال - تەمسىللىرى» باسمىدىن چىقتى. ئېلىمىزنىڭ ئاتاقلىق يازغۇچىلىرى لۇشۈن، گومورو، ماۋدۇن، باجىننىڭ ئەسەرلىرىنى ھەمدە جۇڭگو كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ نەمۇنىسى بولغان «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»، «سۇ بويىدا»، «ئۈچ پادىشالىق ھەققىدە قىسسە» رومانلىرىنى ئۆز تىلىمىزدا ئوقۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولدۇق.

«قۇشلار ئورماندا، لاچىن كۆكتە پەرۋاز قىلىشقا ئىنتىلىدۇ» دېگەندەك، «مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى» دا ئېغىر ئازاپ چەككەن ئەدەبىيات ساھەسى ئەسلىگە كەلدى ھەمدە قايتا بىخلىنىپ كۆكەردى، قېلىن شاخ - يوپۇرماق چىقىرىپ باراقسان بولۇپ ئۆستى. قازاق خەلق دالا تۇرمۇشى ئىلھام بېغىشلىغان كۆچمەن سەھرا ھاياتىغا ئۆزىنى ئاتىغان كۈيچى خەلق. ئۇنىڭ ئەۋلاتتىن - ئەۋلاتقا داۋاملىشىپ كەلگەن تارىخىنىڭ ئۆزى بىر ئۆلەڭ. قازاق خەلقى دۇنياغا ئۆلەڭ بىلەن كېلىپ، دۇنيادىن ئۆلەڭ بىلەن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان خەلق.

ئۇلۇغ شائىر ئابايىنىڭ:

تۇغۇلغاندا دۇنيا ئىشىگىن ئاچار ئۆلەڭ،
ئۆلەڭ بىلەن يەر قوينىغا كىرەر جىسمىڭ،
ئۆتەر ھايات قىزىغى ئۆلەڭ بىلەن
ئويلىساڭچۇ، بوش كەتمىسۇن ئۆمرۈڭ سېنىڭ،

دېگەن پەلسەپىۋى پىكىرگە باي بۇ مەشھۇر شېئىرى قازاق خەلقىنىڭ شائىرانە ھاياتى-دىن مەيدانغا كەلگەن.

قەدىمقى زامانلاردىن تارتىپ قازاق ئاۋۇللىرى ۋە يېزا - سەھرالىرىدا ئايال بوشۇنۇپ، ئارىسىدە دۇنياغا كەلگەن كۈنى ئۇلارغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ ۋە خوشال بولۇپ «چىلدە خانا» ئۆتكۈزىلىدۇ. قىز - چوكانلار بىلەن يىگىتلەر ئۆلەڭ ئېيتىپ باشلىغان مەرىكە قىزىغانسېرى، چوڭلارمۇ جور بولىدۇ. ئېغىر يۈكتىن يەڭگىگەن ئانا، يورۇق دۇنياغا كېلىپ كۆزى چىراقتەك يېنىپ تۇرغان نارىسىدە ئۆلەڭ بىلەن مۇبارەكلىنىدۇ .

كېلىن چۈشۈرۈش، قىز ئۇزۇتۇشتەك توي - تۆكۈنلەرنىڭ ھېچبىرىنىڭ ئۆلەڭسىز ئۆتىدىغىنى يوق. ھەتتا ئۆيدە ئۆلۈم - يىتىم بولغاندا قازاق ئاياللىرى ئۇن تارتىپ يىغلىمايدۇ. ئەكسىچە ئۆلۈمنى ئۆلەڭ بىلەن ئۇزىتىدۇ. ئۆلگۈچىنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى بارچە ئىش - ھەرىكەتلىرى، ئارزۇ - تىلىكى، ئارتۇقچىلىقى، ياخشى مىجەز-خۇلقى، ئەقىل-پاراستى، ئەلگە سىڭدۈرگەن ئەمگىكى، كۆرگەن-بىلگىنى بىلەن ئۆمرىدە باشتىن كەچۈرگەن قىسمەتلىرىنى، ھەتتاكى مىنگەن ئېتى بىلەن تۇتقان قامچىسى، ئارقىدا قالغان بالا - چاقىسىنىڭ تەقدىرى بىلەن كەلگۈسىنى ئۆلەڭگە قېتىپ ئەسلەپ، قايغۇرىدۇ. بالا ئۆلگەن بولسا، ئۇنى قۇش بالىسىغا، تۆگىنىڭ بوتىلىغىغا، ئاتنىڭ قۇلۇنىغا، قوينىڭ قوزىسىغا، تاغۇ - تاشتا ئوينا قىلغان ئوغلاققا، ئۆينىڭ چىرىغىغا، كۆزنىڭ قارىچۇغىغا، ئاسماندىكى يورۇق يۇلتۇزغا ئوخشۇتۇپ قوشاق قوشىدۇ. ئاتا - ئانا ئۆزىنىڭ ئوت - پوراقىنى، يانغان قەلبىنى، سۇ بولغان يۈرىكىنى، مۇڭ - زارىنى، قايغۇ - ھەسرىتىنى دەريادەك ئاقتۇرۇپ، ئۆلەڭ بىلەن كۆز ياشلىرىدىن كۆل ياسايدۇ. كۆرۈشكىلى ۋە كۆڭۈل ئېيتىپ كەلگۈچىلەرنىمۇ ئەنە شۇ «مۇڭ زار ئۆلىڭى بىلەن كۈتۈۋېلىپ، كۆكسىنى بوشىتىدۇ.» «تۇغۇلغاندا دۇنيا ئىشىكىن ئاچار ئۆلەڭ، ئۆلەڭ بىلەن يەرقوينىغا كىرەر جىسمىڭ» دېگەندەك، قازاق خەلقىنىڭ شائىرانە ئالاھىدىلىكىنىڭ دەسلەپكى مەنبەسىنىڭ بىرى بولغان ئۆلەڭ قازاق خەلقىنىڭ ھاياتىغا ئەنە شۇنداق سىڭىپ كەتكەن.

قازاق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ تۈرى كۆپ، ئۇ تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغان دېڭىز. ئۇ ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا ئۇلۇشۇپ، مەزمۇت سوۋادان تېرەكتەك شاخلاپ، يېشىل ياپراقلىرىنى كەڭ يېيىپ كېلىۋاتقان ئىسىل مىراس، پايانسىز دېڭىزغا تاغدىن ئاققان بۇلاق سۈيىدەك قۇيۇلۇپ كېلىۋاتقان مەدەنىيەت بايلىقى. ئېيتايلى، قازاق خەلقىنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى مەڭگۈ تۈگىمەيدىغان، كېچە - كۈندۈز يۈتۈن قازاق ئاۋۇللىرىنى ئارىلاپ يۈرىدىغان ئالاھىدە ژانىرلارنىڭ بىرى - خەلق ئاقىنلىرىنىڭ ئېيتىشىشى. ئېيتىشىش قەدىم زامانلاردىن ھازىرغىچە ئاتىدىن بالىغا داۋاملىشىپ، شۇ تەرىقىدە بىپايان دېڭىزدەك ئۆلەڭ - قوشاقلارنى تۇغدۇرۇپ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىمىزنى پەرۋاز

قىلدۇرۇپ كېلىۋاتقان ئەڭ بۇرۇنقى ئالتۇن بۆشۈك. قازاقلار ئىچىدە ئېيتىشىش ھۈنىرىنىڭ يۈگرىكى بولۇپ، داڭقى يۇرتقا پۇر كەتكەن كۆپلىگەن ئاقىنلار ئۆتكەن. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىش ئۇسۇللىرىمۇ ھەر خىل. ئېيتىشىش ئۆلەڭلىرى بارمايدىغان يەر، چىقمايدىغان تاغ يوق. «ئات ئۆلەڭ» (ئىسىم - شەرىپىنى سوراش ئۆلىڭى)، «تاغ ئۆلەڭ»، «بېلىق ئۆلەڭ»، «سۇ ئۆلەڭ»، «يەر ئۆلەڭ»، «تېپىشماق ئۆلەڭ»، «قارا ئۆلەڭ»، «قايىم ئۆلەڭ» (قىز - يىگىتلەرنىڭ قاپىيە قوغلىشىپ ئېيتىشىدىغان ئۆلىڭى) قاتارلىق ژانىرلارنى مەيدانغا كەلتۈرگەنمۇ مۇشۇ ئېيتىشىش ئەنئەنىسى.

يېقىنقى زامانىدىكى ئېيتىشىش ھۈنىرىنىڭ قازاق قەۋملىرى ئىچىدە مۇقىم ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ياخشى ئۈلگىسى ئىرجان بىلەن سارانىڭ، ئەسەت بىلەن سارانىڭ، ئەسەت بىلەن ئىرىسجاننىڭ ئېيتىشىشى. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىش ئۆلەڭلىرىنىڭ گۈزەللىكى بىلەن مەزمۇنىغا ئىنچىكىلىك بىلەن زەن سالىدىغان بولساق، باشقا ئاقىنلارنىڭ ئېيتىشىشىغا قارىغاندا خاس ئۆزگىچىلىكلەرگە ۋە چوڭقۇر مەزمۇنغا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز.

ئازاتلىقتىن كېيىن خەلق ئاقىنلىرىنىڭ ئېيتىشىشىغا كەڭ يول ئېچىلدى. ئېيتىشىشلار ئوبلاست، ۋىلايەت، ناھىيەلەر بويىچە يىلمۇ - يىل ئۈزلۈكسىز ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، ئېغىز ئەدەبىياتىمىزنىڭ دائىرىسى كېڭىيىپ، يېڭىلىنىپ كەلمەكتە. ئەگەر، قەدىمدىن ھازىرغىچە ئۆتكەن خەلق ئاقىنلىرىنىڭ ئۆلەڭ - قوشاقلىرىنى يىغىپ كەلگەن بولساق، بەلكىم، نەچچە يۈز توملۇق توپلام بولغان بولاتتى.

قازاق خەلقىنىڭ ئەنە شۇنداق ئاقىنلىق تالانتىغا تاڭ قالغان ئەدىبىيات تەتقىقات ئالىملىرى: «قازاق خەلقى قالتىس ئاقىن خەلق. قازاق فولكلورى - قوشاق دېڭىزى» دېگەن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز خەلق دانالىقىدىن بارلىققا كەلگەن، كۈچ قۇۋۋىتى زور، ئىسىل غەزىنىمىزنى ئىلمىي ئۇسۇلدا تەتقىق قىلىپ، ئىگىدارچىلىق قىلىشقا تېگىشلىكمىز.

قازاق خەلقىنىڭ ئۆلەڭلەر غەزىنىسى -- ئۆرپ - ئادەت ئۆلەڭلىرى، لىرىك - ئېپىك ئۆلەڭلەر ۋە تارىخىي ئۆلەڭلەر دەپ ئۈچكە بۆلۈنىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە يەنە نۇرغۇن تۈرلەر بار. مەسىلەن، تۇرمۇش ئۆرپ - ئادەت قوشاقلىرى، خوشاللىق - مەرىكە قوشاقلىرى، مۇڭ - زار قوشاقلىرى، خوشلۇشوش، ئەسلەش - سېغىنىش قوشاقلىرى، يار - يار، سىڭسۇ (قىز ئۈزىتىشىغا مۇناسىۋەتلىك بىر خىل ئادەت)، بەت ئاچار، يالغان ئۆلەڭ، ئەقلىيە سۆزلەر قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى

تېز، ھازىر جاۋاپ ئېيتىلىدىغان، كەڭ تۈردە تونۇلغان ژانىرلار بولۇپ ھساپلىنىدۇ.

خەلقنىڭ ئارزۇ- ئارمانلىرى، كۆتكەن ئۈمىدى، ئەقىل - پاراسىتى، باتۇرلۇغى ۋە جەڭگىۋارلىغى مەيدانغا كەلتۈرگەن ئېپوسلارمۇ قازاق خەلقىدە ئىنتايىن مول. بۇلارنىڭ تونۇلغان نەمۇنىلىرى قاتارىدا «ئالپامىس»، «قوبلاندى»، «ئېر تارغىن»، «قامبار»، «قابانباي»، «بۆگەنباي»، «ئېركۆكشە»، «ئېر قوساي»، «ئەسبەنبەت»، «ئازجانبەك»، «ئولجاباي»، «ئۆتەگەن»، «ئارقالىق» ۋە باشقا باتۇرلار كۈيلەنگەن قىسسە - داستانلارنى ئاتاپ ئېيتىشقا بولىدۇ. «مىڭ بىر كېچە» بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدىغان «بەختىيارنىڭ قىرىق پۇتىغى»، «قىرىمنىڭ قىرىق باتۇرى»، «قىرىق ۋەزىر» قاتارلىق قىسسە - داستانلارنى قوشقاندا قازاق خەلق ئەدەبىياتى تەركىۋىدە ئۈچ يۈزگە يېقىن ئېپوس بىلەن مۇھەببەت قوشاق - داستانلىرى بار دېيىشكە بولىدۇ.

قازاق خەلقىنىڭ مۇھەببەتلىك ئۆمرىنىڭ كۆرۈنۈشى بىلەن ئەينىگى بولغان مۇھەببەت داستانلىرىمۇ مول. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى مۇھىم تەرەپنىڭ بىرىمۇ مۇشۇ لىرىكىلىق داستانلار. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى خەلق ئارىسىغا بۇرۇنلا تارالغان ۋە شۇ زامانلاردىلا قەلەمگە ئېلىنىپ، قولدىن - قولغا كۆچۈرۈلىپ، ئانچە - مۇنچە مەتبەئە يۈزى كۆرۈپ، يۇرت بىلەن كەڭرەك دىدارلاشقان. بەزىلىرى ئېغىزدىن- ئېغىزغا تارىلىپ كېلىپ، مەتبەئە يۈزى كۆرمىگەن. ئۇنىڭ زور بىر قىسمى شەرق ئەللىرى، ياكى قېرىنداش مىللەتلەردىن تەرجىمە ئارقىلىق كەلگەن، ياكى شەرق ئەللىرىنىڭ لىرىكىلىق ئېپوسلىرىدىن ئۆزلەشتۈرۈلۈپ مەيدانغا كەلگەن نۇسخىلاردۇر.

قازاق خەلقىنىڭ ئەل ئىچىگە بۇرۇن تارىغان ئەڭ گۈزەل، دۇنياغا تونۇلغان لىرىكىلىق ئېپۇسى — «قوزى كۆرپەش - بايان سۇلۇۋ»، «قىزجىبەك»، «ئايمان - شۇلپان»، «ئەڭلىك - كەبەك»، «سالىقا - سامەن» غا ئوخشاش مۇھەببەت قوشاقلىرى بولۇپ سانىلىدۇ. بۇ قوشاقلاردىن قازاق خەلقىنىڭ رومانتىكلىق، لىرىكىلىق قوشاقلىرىنىڭ ھەممە خۇسۇسىيەتلىرىنى تېپىشقا بولىدۇ.

بۇندىن باشقا، بۇرۇن تولۇق تەتقىق قىلىنمىغان لىرىكىلىق ئېپوسلارمۇ ئاز ئەمەس، مەسىلەن: «كۆلشە قىز»، «قۇل بىلەن قىز»، «ماقپال قىز»، «ئەسىم - زىلىيقا» غا ئوخشاش يىرىك داستانلار بار، بۇلار ئەسلى خەلق ئىجادى بولسىمۇ، كېيىنچە بەزى ئاقىنلارنىڭ قايتا جىرلاپ يېڭىلىغانلىغى مەلۇم.

قەھرىمانلىق داستانلىرى بىلەن مۇھەببەت داستانلىرىنىڭ قايسى يىللاردا مەيدانغا كەلگەنلىگىنى كېسىپ ئېيتىش قىيىن. سەۋەۋى، بۇ ئەسەرلەر ئەينى زاماندا

قەغەز يۈزىگە چۈشۈرۈلمىگەن، پەقەت ئەۋلاتتىن ـ ئەۋلاتقا ئېغىز ئارقىلىق تارقىلىپ بىزگىچە كەلگەن، بىراق، شۈنداق بولسىمۇ، تارىخىي ئىزلارغا تايىنىپ تۇرۇپ، قازاق خەلقىنىڭ ئۇرۇق ـ قەبىلىلەرگە بۆلۈنۈپ ھايات كۆچۈرۈۋاتقان مەزگىللىرىدە كۆپلىگەن قوشاق ـ داستانلارنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكىنى مۆلچەرلەشكە بولىدۇ. جۈملىدىن، خەلقىنىڭ يازما ئەدىبىياتى بولمىغان قەدىم زامانلاردا ئېغىز ئەدىبىياتىنىڭ بولغانلىقى ئېنىق.

قازاق خەلقىنىڭ قەدىمقى دەۋرلەردىكى خەلق ئەدىبىياتىنىڭ مىللى ئالاھىدىلىگى ئۇنىڭ تىلىدىنلا ئەمەس، بەدىئىلىكى بىلەن مەزمۇنىدىمۇ، خەلق تۇرمۇشىدىكى، تارىخىي، ئىجتىمائى تەرەپلىرىدىكى ئۆز گىچىلىكلىرىدىنمۇ كۆرۈنۈۋالغىلى بولىدۇ.

قازاق خەلق ئېغىز ئەدىبىياتىنىڭ كەڭ تارالغان، ئالاھىدە تۈزۈلگەن، مىللى تۈسى قويۇق بولغان كىچىك ژانىرىنىڭ بىرى — تېپىشماقتۇر، تېپىشماق كىشىلەرنى ئويلۇنۇش، تېز پىكىر قىلىش، تاپقۇرلۇققا تەربىيىلەيدۇ. قازاق تېپىشماقلىرىنىڭ بەزىلىرى ئاددىتىنكى سۆزلەر، بەزىلىرى ئىككىلىك، بەزىلىرى ئۆلەڭ ۋە بەزىلىرى ئېيتىشىش شەكلىدە تۈزۈلگەن. مەسىلەن، «ئاق ساندۇغۇم ئېچىلدى، ئىچىدىن يېپەك چېچىلدى» (كۆز نۇرى—ئاددىتىنكى سۆزلەر شەكلىدە)، «رەڭدار گىلەم، زەرگىلەم، كۆتىرەي دىسەم زور گىلەم» (يەر — ئىككىلىك شەكلىدە)، «تاپ ـ تاپ تاپاندەك، تاپىنى ياپاق توشقاندەك. تېگىپ كەتسە يەتكۈزمەس، يەرگە چۈشسە تېپىلماس» (شۈلا — ئۆلەڭ شەكلىدە)

— ئۇرۇقلۇقتىن بىر تۆگە ئۆلدى يېتىپ ئەجەل،
ئالتە پاتمان رەختى بار، تارازىغا سال.
سۆڭىگى يەردىن، كۆكتىن تېپىلمايدۇ،
بىلدىڭمۇ، بۇئۆزى قەيەردە ئۆلگەن مال؟
— دومبۇرا ساڭا ئەگەشكەن چىچەن ئىكەن،
ئىرسجان سۆزلەر سۆزگە كەسكىن ئىكەن.
ئورۇقلاپ ئوتلىيالماي ئۆلگەن تۆگەڭ،
ئېقىل بىلەن ئويلاپ باقسام بىر يىل ئىكەن.

(ئىرسجان بىلەن ئەسەتنىڭ تېپىشماقلىق ئېيتىشىشى)

مۇشۇنىڭغا ئوخشاش قازاق تېپىشماقلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ كۆرۈپ چىقساق، ئۇنىڭ تەبىئەت دۇنياسى، ئىنسانلار ھاياتى، ئەمگەك بىلىمى، كىشىلەرنىڭ روھىي

دۇنياسى بىلەن زىچ باغلانغان ھالدا مەيدانغا كەلگەنلىكىنى چۈشىنىمىز. قازاقلار ھاياتىدا تېپىشماقنىڭ ئورۇن ئالمىغان يېرى يوق دېيەرلىك. تېپىشماق تارىخىنىڭ، ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ تەرەققىياتى بىلەن باغلىنىپ يېڭى مەزمۇن ئېلىپ، ئۇلغۇيۇپ بېرىۋاتقان ژانىر. ئالا يىلى، ۋەتىنىمىزنىڭ ئۇلۇغلىقىدىن پەخىرلىنىش ھىسسىياتى بىلەن مەيدانغا كەلگەن تۆۋەندىكى بىر تېپىشماق نىمە دىگەن ياخشى تۈزۈلگەن - ھە!

دۇنيادا تالاي يۇرت بار يەرلىرى كەڭ
خەلقى كۆپ قايسى يۇرت ئۇ، يۈز ئەلگە تەڭ؟ (جۇڭگو)

تېپىشماقلارنىڭ جاۋابى ئوپ - ئوڭايلا تېپىلىۋەرمەيدۇ. ئۇ ئادەملەرنىڭ چېچەن - تاپقۇرلۇقىغا، ئوي - پىكرىنىڭ چوڭقۇرلۇقىغا، كۆرگەن - بىلگىنىنىڭ كۆپلىكىگە مۇناسىۋەتلىك ھالدا تېپىلىدۇ.

قازاق خەلقىنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتىدا بەلگىلىك بىر پىكىرنى ئىخچام، مەنىلىك، يىغىنچاق، ئوچۇق، ئۆتكۈر تىل بىلەن ئىپادىلەپ بېرىدىغان ماقال - تەمسىللەرمۇ پايانسىز دېگىمىز. قازاق ماقال - تەمسىللىرى خەلق ھاياتىنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىنى چوڭقۇر چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى ئالدىن كۆرەرلىك، سەزگۈرلۈك بىلەن چۈشۈنۈشتىن، بىرەر ئىشنى يەكۈنلەشتىكى ئۇستىلىق، چېچەنلىكتىن مەيدانغا كېلىدۇ.

ماقال - تەمسىللەر تارىخنىڭ، ھايات ئۆتكىلىنىڭ پاكىتى. ئۇلۇغ لېنىن خەلقنىڭ ماقال - تەمسىللىرىگە ئالا ھىدە ئېتىۋار بەرگەن ھەمدە ئۇنى ئۆز ئەسەرلىرىدە كۆپ قوللانغان. ئۇ ماقال - تەمسىللەرنىڭ رولى توغرىسىدا سۆزلەپ كېلىپ: «ھەر قانداق مۇناسىۋەتتە مەزمۇننى ئاجايىپ ئۇستىلىق بىلەن دەل ئىپادىلەپ بېرىدىغان ئوبرازلىق سۆز» دىگەن ئىدى.

قازاق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ساھەسىدە چۆچەكلەر بىلەن لەتىپىلەر ناھايىتى مول. بۇ چۆچەكلەر بىلەن لەتىپىلەر مەزمۇنى ۋە شەكلى، ئوبېكتى، كېلىپ چىقىش تارىخىغا قاراپ، پانتازىيەلىك چۆچەكلەر، ھايۋاناتلار توغرىسىدىكى چۆچەكلەر، ئورپ - ئادەت چۆچەكلىرى دەپ 3 تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ھەر خىل چۆچەكلەر بىلەن لەتىپىلەرگە دىققەت قىلساق، ئۇلارنىڭ ئەڭ قەدىمقى دەۋرلەر بىلەن، ئاتاپ ئېيتقاندا، شۇ چۆچەكلەرنىڭ تۇپ يىلتىزى خەلقنىڭ مىفلىك چۈشەنچىلىرى ۋە ئېتىقادى بىلەن باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنى ھىس قىلىمىز. تەبىئەت دۇنياسىنى روھىي جەھەتتىن چۈشىنىپ، پانتازىيىلىك خىياللار بىلەن ئۆز بەخت - ئىقبالىغا ئىنتىلگەن، سادda ئوي بىلەن سىرلىق

تونۇلغان تەبىئەت كۈچلىرىنى يېڭىپ، مۇرات - مەقسەتلىرىگە يېتىشنى ئارمان قىلغان خىيالى - پانتازىيىلىك چۆچەكلەردىكى شەخسلەرنىڭ مۇشۇ يولدا ئەقىل - پاراسەت بىلەن ھەركەت قىلغىنىنى كۆرىمىز. شۇڭلاشقا، قەدىمقى زامان كىشىلىرىنىڭ تەبىئەت دۇنياسى بىلەن كۈرەش قىلىشى نەتىجىسىدە مەيدانغا كەلگەن مىفىك چۆشەنچىلىرىدە ئۇقۇم - پىكىرلىرىدە ئىرىكچىلىكنىڭ، مەۋجۇت رىياللىقنىڭ ئىپادىسى ۋە ئىزى بار ئىكەنلىكىنى پەرق قىلىۋېلىشقا بولىدۇ.

مەسىلەن، پانتازىيەلىك چۆچەكلەرنى زەن قويۇپ كۆرۈپ چىقىدىغان بولساق، كىشىلەر كېيىنكى دەۋرلەردە ئىلىم - پەندە ياراتقان يېڭىلىقلارنىڭ ئەنە شۇ چۆچەكلەردە خۇددى چۈشتىكىدەك ئۆز ئىپادىسىنى تاپقانلىقىنى كۆرىمىز. ئالا يىلى، ئاسان قايغىنىڭ ئۇچقۇر تۆگمە مىنىپ جاھان كېزىشى، ماگىللاننىڭ يەر شارىنى ئايلىنىپ چىققانلىقى، ئاسماندا ئۇچقان «ياغاچ ئات» ھىكايىسى بۈگۈنكى كۈننىڭ ئايرۇپىلانلىرى بىلەن يەر شارى سۈنئىي ھەمراھلىرىنى، «ئېرتوستىك» چۆچىكىدە ئېرتوستىككە ھەمرا بولغان كۆرەگەن باتۇرنىڭ قاتمۇ - قات تاغلار كەينىدىكى دۈشمەننى كۆرەلىشى ھازىرقى دۇربۇن بىلەن رادارنى، ئەنە شۇ چۆچەكتىكى ساتقۇلاق باتۇرنىڭ يەتتە قەۋەت يەر ئاستىدىكى ئاۋازنى ئاڭلىيالىشى بۈگۈنكى كۈندىكى رادىيو - تېلېگراف ئالا قىلىرىنى ئەسلىتىدۇ. دېمەك، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆتكەن دەۋر كىشىلىرىنىڭ تەبىئەت، سىرىنى يەر بىلەن كۆكنىڭ مەخپىيەتلىكىنى ئېچىش ۋە ئۇنى بىلىشكە ئىنتىلىش يولىدىكى ئارزۇ-تىلەكلىرىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

كارل ماركس: «ھەربىر مىفولوگىيە تەبىئەت كۈچلىرىنى خىيال ئارقىلىق يېڭىپ، بېقىندۇرۇپ دىگىنىگە كىرگۈزىدۇ، شۇ ئارقىلىق ئۆز ئىستىكىنى ئىپادىلەيدۇ. ھالبۇكى، شۇ تەبىئەت كۈچلىرىنى ھەقىقى بويسۇندۇرغان بەزگىلىدە، ئۇ مىفولوگىيە يوقىلىدۇ» دىگەن ئىدى. ماركس ئېيتقاندەك، ھازىرقى زاماندا كىشىلەر مىفلىك كۆز قاراشتىن ئايرىلىپ، تەبىئەتنىڭ سىر - قىياپىتىنى ئىلىم كۈچى ئارقىلىق تونۇدى ۋە تونۇماقتا. ئادىمىزاتنىڭ بۇرۇنقى دەۋرلەردىكى ئارمان - خىياللىرى بۈگۈن رىياللىققا ئايلاندى.

قازاق چۆچەكلىرى زىرىككەنلەرنىڭ ئىچ پۇشۇغىنى چىقىرىش ئۈچۈنلا ئېيتىلغان ئەمەس، ئۇنىڭ چوڭقۇر مەزمۇنى بار. مەسىلەن، ھايۋاناتلار توغرىسىدىكى چۆچەكلەردە تۆت خىل مال — يىلقى، سىيىر، قوي ۋە تۆگە قازاقنىڭ تىرىكچىلىكىنىڭ تۈۋرۈكى قاتارىدا تەسۋىرلىنىدۇ. بۆرە، ئېيىق، يولۋاس، شىر، يىلان، ھەجدىھالار زىيانداش، ياۋۇز دۈشمەن قاتارىدا ئاچكۆز خان - پادىشا، باي - قازى، زومىگەرلەر ھەر زامان ئەزگۈچى سىنىپلار سۈپىتىدە ئىپادىلىنىدۇ. تۈلكە ناھايىتى ھىلىگەر، ئالدامچى، زالىم

سودىگەر تىياپىتىدە كۆزگە چېلىقىپ، باشقىلارغا كۆرۈنۈشتە دوست، ماھىيەتتە دۈش-
مەن بولۇپ، ھەممە نىمىسىنى ئالداپ ئېلىپ كېتىدىغان ئىككى يۈزلىمە ئادەملەر تەرىقىسىدە
سۈرەتلىنىدۇ. ئۆرپ-ئادەت چۆچەكلىرىدە ئۆتكەن زاماندىكى ئەمگەكچىلەرنىڭ تىرىكچىلىك
ئەھۋالى، تۇرمۇشى، خانلار، بايلارغا قارىتا تۈگىمەس ئۆچمەنلىكى ئىپادىلەنگەن. ئۆرپ-
ئادەت چۆچەكلىرىدىكى كۆلكە، ھەجۋە، يۇمۇر - مەسخىرە، ساتىرالار سىنىپىي زىددى-
يەتنىڭ قورالى سۈپىتىدە قوللىنىلىپ كەلگەن. «بىلەرمەن كىشى»، «قېرىنىڭ ئوغلىغا
ۋەسىيىتى»، «ئۈچ ئېغىز سۆز»، «ئۈنەگە»، «ياخشى ئايال»، «توققۇز توڭقىلداق،
بىر شىڭكىلدەك»، «ئۇر توقمىغىم»، «تاز بالا»، «ئالدار كوسا»، «نەپ بەرمەس شىغايباي»
قاتارلىق چۆچەكلەر مۇشۇ خىلدىكى چۆچەكلەرنىڭ ئۈلگىسى. يىغىپ ئېيتقاندا، چۆچەك-
نىڭ قايسى تۈرىنى ئالساق، ئۇ زىرىككەندە ئىچ پۇشۇغىنى چىقىرىش ئۈچۈن ئېيتىل-
غان بولماستىن، زور سىياسى، ئىجتىمائى، تارىخىي ۋە ئەدەبىي تۈسكە ئىگە چوڭقۇر
مەزمۇنلۇق ھېكايىلار ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز.

قازاق خەلقىنىڭ ئېغىز ئىجادىيىتىنىڭ تۈرى شۇنچە كۆپ بولسىمۇ، تولۇق يىغىۋېلىنغىنى
نى، تەتقىق قىلىنغىنى، خەلق ئىگىدارچىلىغىغا ئېلىنغىنى يوق. بۇ بىزنىڭ بۇندىن كېيىن زور كۈچ
بىلەن قىلىشقا تېگىشلىك شەرەپلىك ئىشىمىز. لېنىن چۆچەكلەر توغرىسىدا: «چۆچەك-
لەرنى ئىجتىمائى، سىياسى نۇقتىئىنەزەر بويىچە، خەلقنىڭ ئارزۇ ۋە ئارمىنى تەرىقىسىدە
تەتقىق قىلىش كېرەك» دېگەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بېلىنسكى خەلق ئەسەر-
لىرىدىن تارىخىي شارائىتلارنى بايقاشقا بولىدىغانلىغىنى، خەلق پوئېزىيەسىدە ئىجتىمائى
زىددىيەتلەرنىڭ ئىپادىسى بارلىغىنى، ئۇندىن باشقا، بەدىئى ئەدەبىياتنى مەيدانغا
كەلتۈرگۈچى ۋە ساقلىغۇچىنىڭمۇ خەلقنىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ كېلىپ: «خەلق
ئىجادى — خەلق روھىنىڭ ئەينىكى» دېگەن.

بىز بۇ ماقالىدا قازاق ئەدەبىياتىنىڭ ھەر خىل ژانىرلىرى ۋە ئۇنىڭ ھەر خىل
تۈرلەرگە باي غەزىنىسىنى قىسقىچە كۆرۈپ ئۆتتۇق. ئەتراپلىق، تولۇق تەكشۈرۈپ-
تەتقىق قىلىش، كۆڭۈل قويۇپ ئېچىپ كۆرسىتىش — ماقالىمىزنىڭ كۆزدە تۇتقان
مەقسىدىگە كىرمەيدۇ. قازاق خەلق ئەدەبىياتىنىڭ تۈپ نىگىزى ناھايىتى ئۇزۇن ۋە
چوڭقۇر بولۇپ، ئۇنىڭ ژانىر ۋە تۈرلىرى ئۆز دائىرىسىنىڭ كەڭلىكىدە بىپايان دې-
گىزنىڭ ئۆزى.

ئۆتكەن دەۋرلەردىكى ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئېسىل مىراسلىرىنى ئۆز ئالدىغا قەد كۆ-
تەرگەن ھەيۋەتلىك بىر تاغ دېسەك، «ياش ئۆسىدۇ، ئەمگەك قىلغان كۆكىرىدۇ» دېگەن-
دەك، يېڭى زامان ئەدەبىياتىمىزنىڭمۇ باراقسان ئۆسۈپ يېتىلىپ، غول شاخلىرىنىڭ

يوغىناپ - تولۇپ كېلىۋاتقانلىقى، قايتا تەكرارلىمىساقمۇ چۈشىنىشلىك.

دېمەك، مۇشۇ بىر رېياللىق جۇڭگو قازاق ئەدەبىياتىنىڭ دىيالېكتىك ماتېرىياليزىم ۋە تارىخىي ماتېرىياليزىم ئاساسىدىكى بىر قەدەر چوڭقۇر، ھەر تەرەپتىن يورۇتۇپ بېرىلگەن تارىخىنى يېزىشنىڭ مۇمكىنچىلىكىنى، شەرت - شارائىتىنىڭ ئىگىزدىن پىشىپ يېتىلگەنلىكىنى، ئەمدى يەنە كۈتۈپ تۇرۇۋېرىشكە بولمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

II

جۇڭگو قازاق ئەدەبىياتىنىڭ تارىخىنى قانداق يازغان مۇۋاپىق ۋە قانداق قىلغاندا كۆڭۈلدىكىدەك يازغىلى بولىدۇ؟ بۇ تېما ئانچە ئوڭاي، ئاددى ئەمەس. قايسى مىللەتنىڭ ئەدەبىيات تارىخىنى يېزىش بولسۇن، بىر قەدەر قىيىن بولغان زور سىياسىي، ئىلمىي خىزمەت، سالمىقى زور تېما. بىز بۇرۇن قىلىپ كۆرمىگەن ئىش، ئۈزۈپ باقمىغان دەريا.

ئەدەبىيات — ئىلىم. ئەدەبىيات تارىخىنى يېزىش، ئالدى بىلەن بىر ئىلمىي خىزمەت. ماركس ئېيتقاندەك، ئىلىمدا تۈپ - تۈز يول يوق. خەتەرلىك ئۆتكەللەر ئالدىدا تېڭىرقاپ قالمايدىغان كىشىلەرلا شانلىق، تىك چوققىغا چىقالايدۇ. بىز قازاقلاردا «كۆز قورقاق، قول باتۇر» دەيدىغان ماقال بار. بۇ راست. ئادىمىزات ئۆزىنىڭ ئىككى قولى بىلەن دۇنيانى ياراتقان جۈملىدىن ئەدەبىياتىمىزنىڭ تارىخىنى يېزىشتىمۇ باتۇر قولنىڭ، ئىجاتچانلىقنىڭ غەيرەت - شىجائەتنىڭ بولۇشى زۆرۈر.

ئەدەبىياتىمىزنىڭ تارىخىنى يېزىشتىكى مەقسەت قەدىمدىن بۈگۈنگىچە بولغان ئەدەبىياتنىڭ ئومۇمىي جەريانىنى بىر قەدەر تولۇق، ئىلمىي تەرزدە تەتقىق قىلىپ كۆرسىتىپ بېرىش، مىللىي ئەدەبىي مىراسلىرىمىزنىڭ بۇلاق كۆزلىرىنى ئوبدان ئېچىپ، ئۇنى كەڭ ئاممىغا تونۇشتۇرۇش، تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر ئەدىپلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىگە، شۇنىڭ بىلەن بىللە شۇ دەۋردىكى ئەدەبىياتىمىزنىڭ جەريانىغا قوشقان تۆھپىسى زور، تونۇلغان شائىر - يازغۇچىلار بىلەن ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىگە توغرا باھا بېرىش، ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئۆسۈپ - يېتىلىش يولىدىكى قانۇنىيەتلەرنى كۆرۈپ چىقىش، شۇ ئارقىلىق خەلقىمىزنىڭ ئېقىل - پاراسىتىدىن مەيدانغا كېلىپ، ئەسىرلەردىن - ئەسىرلەرگە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەدەبىي مىراسلىرىمىز بىلەن ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىمىزنىڭ تارىخىدىن يەكۈن چىقىرىپ، تەجرىبىلىرىمىزنى خۇلاسىلاشتىن ئىبارەت.

ئەدەبىيات تارىخىنى يېزىشتىكى ئاساسى مەسىلىنىڭ بىرى — ئەدەبىياتىمىزنىڭ تارىخىنى مۇمكىن قەدەر ئىلمىي ئاساستا يېزىش مەسىلىسى. ئەسىرىمىزنىڭ ئىلمىي بولۇش-بولماسلىقى ئىلمىي پوزىتسىيە تۇتۇشىمىز، ئىلمىي ئۇسۇل قوللىنىش-قوللانماسلىقىمىز بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەسىلە. ئىلمىي پوزىتسىيە، ئىلمىي ئۇسۇل دىگىنىمىز ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، تۈرلۈك ئەدەبىي ھادىسىلارنى ئىنچىكە تاللاش، توغرا چۈشەندۈرۈش، مەسىلىگە دىيالېكتىك ھەم تارىخىي ماتېرىيالىزىم نۇقتىسىدىن مۇئامىلە قىلىش دىگەن سۆز. شۇ چاغدىلا مېتافىزىكىلىق بىر تەرەپلىمىلىك بىلەن يۈزەكىلىكتىن، سوبيېكتىپچىلىقتىن، ئەگرى يولدا مېڭىشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

دىمەك، ئەدەبىياتىمىزنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلغىنىمىزدا ۋە ئۇنى يېزىشتا، ئەلۋەتتە، ماركسىزىمنى، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى يېتەكچى ئىدىيە، باش فاڭجېن قىلىشىمىز كېرەك.

ماركسىزىم — لېنىنىزىم — ئىنسانىيەت ئېقىل-پاراستىنىڭ ئەڭ ئىسىل، ئەڭ قىممەتلىك جەۋھىرى، بارلىق خىزمەتلىرىمىزنىڭ قىبلىنامىسى، يۆلىنىدىغان ئالتۇن تۈۋرۈكى. دۇنيادىكى توغرا ئىلمىي كۆز قاراشنىڭ قېلىپلىشىشى، ئىجتىمائىي پەننىڭ ھەقىقىي ئىلىمغا ئايلىنىشى، پۈختا ئىلمىي ئۇسۇلنىڭ مەيدانغا كېلىشى ماركسىزىمدىن باشلانغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەدەبىياتىمىزنىڭ تارىخىنى يېزىشتا ماركسىزىم-لېنىنىزىمنىڭ ئىلمىي قائىدىلىرىگە ھەمدە ئۆزىمىزنىڭ يېڭىلىق يارىتىش غەيرەت-شىجائىتىمىزگە تايىنىدىغان بولساق، ھەر خىل ئەدەبىي ھادىسىلەر بىلەن ماتېرىياللار ئارىسىدىن ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيەتلىرىنى تېپىپ چىقالايمىز، كۆپلىگەن يېڭى مەسىلىلەرگە جاۋاپ تاپالايمىز.

ماركسىزىمچىلار ئەدەبىياتنى ئىجتىمائىي ئىدىئولوگىيە دەپ ھىساپلايدۇ. ئەدەبىياتنى ئوبيېكتىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان تەبىئەت دۇنياسى بىلەن رىيال ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ كىشىلەر ئېڭىدىكى ئىنكاسى، ئىنسانىيەتنىڭ ھەر خىل كەچۈرمىشلەرگە باي ھاياتىنى ئىستېتىكىلىق تەرزدە ئىپادىلەپ بېرىدىغان ئىجتىمائىي ئىدىئولوگىيە، دەپ، ئىنسانىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىنى ئەدەبىياتنىڭ قايناپ تۇرغان بۇلىقى دەپ قارايدۇ. بۇ بىزگە ئەدەبىيات — گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ تەبىئەتنىڭ، ھاياتنىڭ يادنامىسى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. سۆزسىزكى، ئىدىئولوگىيەنىڭ ئالاھىدە بىر تۈرى بولغان ئەدەبىيات ھاياتنى مېخانىك ئاساستا بايان قىلمايدۇ، چۈنكى، ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بار. ئەدەبىيات خەلقنىڭ تارىخىنى، ھازىرقى ئەھۋالىنى،

كەلگۈسىنى ئىستىتىكىلىق تەرزدە سۈرەتلەپ بېرىدۇ.

مىللىي ئەدەبىيات دۇنيا ئەدەبىياتىنىڭ كاتېگورىيەسىگە كىرىدۇ. ئۇ بىر مەملىكەت دائىرىسىدىكى بايلىق بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس بەلگىسى بىلەن ئالاھىدىلىكى بولىدۇ. بىر مىللەت ئەدەبىياتىنى ئىككىنچى بىر مىللەتنىڭ ئەدەبىياتىدىن ئايرىپ تۇرىدىغان ئەڭ تۇپ بەلگىسىنىڭ بىرى مىللىي تىل بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. مىللىي تىل مىللىي ئەدەبىياتنىڭ ئەڭ روشەن بەلگىلىرىنىڭ بىرى، ئەدەبىيات — تىل سەنئىتى.

مىللىي ئەدەبىيات - مىللەتلەرنىڭ ئىستىتىكىلىق تۇيغۇسى، ئىجتىمائىي ھاياتنى مىللىي تىل ئارقىلىق ئىپادىلەيدىغان ئەدەبىيات. ئېيتايلى، بىر مىللەتنىڭ ئەدەبىياتىدا شۇ مىللەتنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى، مىللىي تىلى، مىللىي ئالاھىدىلىكى، ئىستىتىك تۇيغۇسى. تىلەكلىرى ئورگانىك تۇردە بىرىكىپ. كىرىشىپ كېتىدۇ. بۇلارنى بىر - بىرىدىن ئاجرىتىشقا بولمايدۇ.

مىللىي، ئىستىتىك تۇيغۇلارنى شەكىللەندۇرگەن تۇپ ئالامەتلەر بىلەن مىللىي تىل مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ شەكىل جەھەتتىن باغلىنىشىنى تەشكىل قىلىدۇ. مىللىي ئەدەبىياتنى گۈللەندۇرۇش ۋە ئۇنىڭ مىللىي تۇسىنى قويۇقلاندۇرۇش ئۈچۈن، ھەر بىر مىللەت ئۆزىنىڭ خاس مەدەنىي مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىدۇ ۋە ئۇزلۇكسىز يېڭىلىق يارىتىدۇ، مىللىي ئەدەبىياتنىڭ خاسلىقىغا ئېتىۋارسىز قارالسا، ئەدەبىياتنىڭ مىللىي ئەدەبىيات بولۇشى ناتايىن. جۈملىدىن خاس مەدەنىي مىراسلار — مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي، تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ ئەينىكى، مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتى بولمىسا، مىللىي ئەدەبىياتمۇ بولماس ئىدى. دېمەك، مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتى — مىللىي ئەدەبىياتنىڭ سۈيى بول، مۇنبەت تۇپرىقى. مىللىي ئەدەبىيات مانا مۇشۇ مۇنبەت باغدا ئېچىلغان روھىي گۈل. ئۇ، مىللىي ھاياتنىڭ قان تومۇرىنىڭ سوقۇشىدىن دۇنياغا كۆز ئاچقان ۋە شۇ ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ گۆش ھەم قېنى، كۈلۈپ تۇرغان قۇياش ھەم ئۇنىڭ ئىللىق يورۇقى.

شۇنىڭ ئۈچۈن، مىللىي ئەدەبىياتنىڭ تارىخى نوقۇل تارىخلا ئەمەس، ئۇ مىللەتلەر ھاياتىنىڭ ئوبرازلىق تارىخى. ئارىستوتىل: «تارىخىي ئىزلارنى نەقمۇ - نەق تىزىپ قويغاندىن كۆرە، ئۇنى گۈزەل قىلىپ سۈرەتلەپ يازغاندا، ئىلمىي ۋە تېخىمۇ ئېنىق چىقىدۇ. نەقمۇ - نەق تىزىپ قويۇش ۋەقەنى پەقەت تاشقى جەھەتتىن ئېچىپ بەرسە، بەدىئىي ھۈنەر ئۇ ۋەقەنى تېگى - تېگىدىن كۆرسىتىدۇ» دېگەن ئىدى. بىز مىللىتىمىزنىڭ ئەدەبىيات تارىخىنى يازغاندا چوڭقۇر چۆكۈپ، يىراقنى كۆزلەپ، ئىگىزدە تۇرۇپ، ئەتراپنى تەڭ كۆزىتىپ ئولتۇرۇپ يېزىشقا ئىمكان قەدەر تىرىشىشىمىز كېرەك. باغلاپ قويۇلغان ئاتقا ئوخشاش بىر دائىرىدە ئايلانمىغىنىمىز تۈزۈك.

# I

ئەدەبىياتىمىزنىڭ تارىخىنى يېزىشتا دەۋرگە بۆلۈش — ئالاھىدە مۇھىم ۋە نازۇك مەسىلە. ئومۇمەن ئېيتقاندا، بىر مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى شۇ مىللەتنىڭ ئىجتىمائى - تارىخىي تەرەققىياتى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەدەبىياتىمىزنىڭ دەۋرگە بۆلۈنۈشى قازاق خەلقىنىڭ ئىجتىمائى تارىخىنىڭ تەرەققىياتىغا ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك. بۇنىڭدا بىزدە ئىككى خىل مۇمكىنچىلىك بار. بىرىنچىدىن، قازاق خەلقىنىڭ ئىجتىمائى تارىخىنىڭ تەرەققىياتى بىر قەدەر روشەن، تارىخىي ماتېرىياللارمۇ خېلىلا مول، ئىككىنچىدىن، ئەدەبىي مىراسلىرىمىزنىڭ يازما ئەدەبىياتىمىزنىڭ مەيدانغا كەلگەن دەۋرى يىللىرىنى مۆلچەرلەشنىڭ پاكىتلىرىمۇ بار.

شۇنىڭ ئۈچۈن، جۇڭگو قازاق ئەدەبىياتىنىڭ تارىخىنى «قەدىمقى زامان جۇڭگو قازاق ئەدەبىياتىنىڭ تارىخى»، «يېقىنقى زامان جۇڭگو قازاق ئەدەبىياتىنىڭ تارىخى» ۋە «ھازىرقى زامان جۇڭگو قازاق ئەدەبىياتىنىڭ تارىخى» دىگەن ئۈچ چوڭ دەۋرگە بۆلۈپ، ژانىرلار بويىچە يېزىلسا، كۆڭۈلدىكىدەك بولىدۇ، دىگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمىز.

قەدىمقى زامان قازاق ئەدەبىياتىنىڭ تارىخى ئىرامىزغىچە بولغان 3 - 1 ئەسىرلەردىن «4 - ماي» ھەركىتىگىچە بولغان ئۇزاق بىر جەرياننى ئۆز ئىچىگە ئېلىشقا تېگىشلىك. يېقىنقى زامان ئەدەبىيات تارىخى «4 - ماي» ھەركىتىدىن باشلاپ جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ بىر قىسمى بولغان «3 ۋىلايەت ئىنقىلاۋى» ھەم ئېلىمىز ئازات بولغانغا قەدەر ئارىلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەمدى «ھازىرقى زامان ئەدەبىيات - تارىخى» 1945 - يىلىقى، 3 ۋىلايەت ئىنقىلاۋى ۋە ئېلىمىز ئازات بولغاندىن ھازىرغىچە بولغان مەزگىلنى ئۆلچەم قىلىدىغانلىقى تەبىئى.

قازاق خەلقىنىڭ ئۇرۇقتىن تايپە، تايپىدىن خەلق بولۇپ بىرلىككە كېلىشى ۋە خەلقتىن مىللەت بولۇپ شەكىللىنىشى جەريانىدىكى ئىجتىمائى - تارىخى بىلەن ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات تارىخى بىر بىرىگە ياندىش، بىر بىرىگە ناھايىتى يېقىن ۋە تۇتاش كېلىۋاتقان تارىخ. ھەربىر دەۋردىكى ئەدەبىياتىمىزنىڭ تېماتىكا مەسىلىسى بىلەن كۆلىمىنى شۇ دەۋردىكى ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئىگىزى بىلەن ئومۇمى ئەھۋالى بەلگىلەيدىغانلىقى چۈشىنىشلىك. قايسى خەلقنىڭ بولمىسۇن، قەدىمقى زاماندا يازغان - سىزغانلىرىنىڭ بولغان - بولمىغانلىقى نامەلۇم بولسىمۇ، بىراق ئۇلارنىڭ خەلق بولۇپ

بىرلىككە كېلىشتىن ئىلگىركى ئۇرۇق ـ قەبىلە مەزگىلىدە ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ بولماسـ
لىقى مۇمكىن ئەمەس.

يۇقۇرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، قازاق خەلقى ئېغىز ئەدەبىياتىغا باي خەلق بولۇش
بىلەن بىللە، قەدىمقى زامانـدا ئۇنىڭ يازغان ـ پۈتكەنلىري بىلەن يازما ئەدەبىياتىـ
نىڭ ئۇلگىلىرىمۇ بولغان. ئېيتايلى، قازاق خەلقى ماكانلاشقان يەرلەردە، ئەڭ بۇرۇنـ
قى زامانلاردا ساق تايىپىسى ياشىغان. ساقلار كېيىنچە ئۇيسۇن، قاڭلى، ئالان بىرلەشـ
مىلىرىگە قوشۇلۇپ كەتكەن. بۇ ئۇرۇق ـ تايىپىلارنىڭ مەدەنىيىتى ساق تايىپىلىرى
مەدەنىيىتىنىڭ قانۇنىي داۋامى بولۇپ، ساقلار مەدەنىيىتىنى تېخىمۇ بېيىتقان. قازاق
خەلقىنى شەكىللەندۈرگەن قاڭلىلارنىڭ قەدىمقى زامانىدىكى مەدەنىيىتى ھەققىدە جۇڭـ
گو شەجىرىلىرىدە «قاڭلى پادىشاسىنىڭ يازما كودېكسى بار ئىدى. بۇ كودېكىس ئۇنىڭ
ئوردىسىدا ساقلىناتتى» دەپ يېزىلغان. راستىنلا، بۇ دەۋر — 1 - 3 - ئەسىرلەر قاڭـ
لىلارنىڭ تايىپىلار ئىتتىپاقىنىڭ گۈللەنگەن مەزگىلى ئىدى. 5 - 6 - ئەسىرلەردە ئۇيـ
سۇن، قاڭلى تايىپىلىرى ماكان قىلغان تالاس دەرياسى بويىدىن تېپىلغان ئورخۇن
يېزىقىدىكى «تالاس مەڭگۇ تاشلىرى»، 6 - 7 - ئەسىرلەردىكى تۈرك قاغانى موگىلياـ
نىڭ (بىلگى قاغان)، ئۇنىڭ قېرىندىشى كۆلتېكىنىنىڭ تونيۇقۇقنىڭ خاتىرە تاشلىرىغا
ئويۇلغان يېزىقلار قازاق خەلقىنىڭ قەدىمقى دەۋرلەردىلا يېزىقى بولغانلىقىنى ئىسـ
پاتلايدۇ. جۈملىدىن، بۇ تاش يادىكارلىقلارغا يېزىلغان ژانىرلار قازاق خەلقىنىڭ ئىـ
لگىرى ـ كېيىنكى ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى باتۇرلۇق قوشاقلىرى بىلەن مۇھەببەت قوشاقـ
لىرىغا ھەمدە سىردىشىش ئۆلەڭلىرى بىلەن ئەسلەش ئۆلەڭلىرىگە ناھايىتى ئويغۇن.
ۇنىڭدا قازاقنىڭ قىسسە ـ داستانلىرىدىكى ئوخشاشلىق ـ ئاھاڭداشلىق ئەنئەنىلىرىـ
مۇ ك.ۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ. ئەڭ بۇرۇنقى دەۋرلەردە قازاق ئۇرۇق ـ تايىپىلىرى
ماكانلاشقان غار ـ ئۆڭكۈرلەردە تاشلارغا ئويۇپ قالدۇرۇلغان ساناقسىز تامغىلار،
يېزىق ـ بەلگىلەرنىڭ بولغانلىقى مەلۇم. ئەينى زاماندا قازاق شەجىرىلىرىدە بۇ «تامـ
غىلىق تاش» يېزىقلىرى دەپ ئاتالغان. بۇ «تامغىلىق تاش» يېزىقلىرىنى شۇ چاغدىـ
كى قازاقنىڭ ئۇرۇق ـ تايىپە كىشىلىرى «مۇقەددەس تاش» دەپ ناھايىتى چوڭ بىلىپ
قەدىرلىگەن. بۇ «تامغىلىق تاش» يېزىقلىرىغا قازاقنىڭ ئۇلۇق جۈز، ئوتتۇرا جۈز، كىـ
چىك جۈز دەپ ئاتىلىدىغان تايىپىلىرىنىڭ كۆپى كىرگەن. مۇشۇ «تامغىلىق تاش»
يېزىقلىرى توغرىسىدا بارتولد: «ئورخۇن ـ يېنسەي ھەرپلىرىنىڭ تامغىلىرى بىلەن ئوخـ
شاش بەلگىلەر بولۇپ چىقتى» دىگەن.

تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا، قازاق خەلقىنى تەشكىل قىلغان قىپچاقلار، قاڭلىلار، ئوغۇزلار، قارلۇقلار، نايمانلار، كېرەيلەر، شەكتلەر، قىياتلار، باسمىللار، ئۈكگىتلەر (ۋاقلار) نىڭ يېزىشنى بىلىدىغان ئاتاقلىق ئۆلىمالىرى قازاقلار ماكانلاشقان يەرلەردە، يەتتىسۇ دالىلىرىدا، ئىرتىش بويىدا، ئالتاي، تارباغاتاي تاغلىرىدا، قاراتاغ قاتارلىق جايلاردا «تامغىلىق تاش» يېزىقلىرىنى قالدۇرۇپ كەتكەن. موشۇ ئۇرۇق - تايپىلارنىڭ يىلقىنىڭ ساغرىسىغا باسقان تامغىلىرى جۇڭگو تارىخىدا يېزىلىپ قالدۇرۇلغان. قازاقنىڭ ئەڭ دەسلەپكى مۇشۇ ئۇرۇق - تايپىلىرى قەدىمقى زامانلاردا ئورخۇن يېزىقىنى قوللىنىپ، كېيىن قەدىمقى ئۇيغۇر (نايمان) يېزىقى بىلەن ئەرەپ يېزىقىنى قوللانغان.

تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا، 10 - ئەسىردىن باشلاپ، 12 - ئەسىرگىچە ئېرەنقابىرغا تاغلىرىدىن تارتىپ ئېرتىش دەرياسىنىڭ بېشىدىن ئورخۇن دەرياسىغىچە بولغان ئۇلان - بايتاق دالىسىدا نايمان خانلىقى دەۋر سۈرگەن. نايمانلارنىڭ يېزىق مەدەنىيىتى خېلى بۇرۇنلا باشلىنىپ، موڭغۇل مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن. شۇ سەۋەپتىن بولسا كېرەك، چىڭگىزخان 1206 - يىلدىن باشلاپ نايمان يېزىقىنى قوللىنىش بىلەن بىر قاتاردا، ئۇنىڭ ئەلنى ئىدارە قىلىش تۈزۈم-ياساقلىرى بىلەن سىياسى - قانۇن بەلگىلىمىلىرىنىمۇ قوبۇل قىلغان. تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا، قازاق خەلقى ئۆزىنىڭ ئىجتىمائى - تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا هۇنلارنىڭ كونا يېزىقىنى، ئۇيسۇنلار قوللانغان رۇنا يېزىقىنى، ئورخۇن دەۋرىدىكى رۇنا يېزىقىنى، ئۇيغۇرلار (نايمانلار قەدىمقى زاماندا ئۇيغۇر دەپ ئاتالغان پايدىلانغان ئەرەمەي يېزىقىنى، ئىسلامىيەت دەۋرىدە ئەرەپ يېزىقىنى قوللانغان ھەمدە مۇشۇ تۆت تۈرلۈك يېزىقنىڭ ئۆلگىلىرى قازاق خەلقى تىرىكچىلىك قىلىپ كەلگەن پايانسىز كەڭ يەرلەردە ساقلىنىپ كەلگەن. بۇنىڭدىن قازاقنىڭ يېزىق مەدەنىيىتى بىلەن يازما ئەدەبىياتىنىڭ تۈپ نىگىزىنىڭ ناھايىتى ئۇزاق دائىرىدە ياتقانلىقىنى كۆرىمىز.

شۇنداق قىلىپ، قازاقنىڭ قەدىمقى زامان ئېغىز ئەدەبىياتى ئۆلگىلىرىنىڭ ئىزى بىلەن يازما ئەدەبىياتى — «تامغىلىق تاش» يادىكارلىقلىرى بىلەن ئورخۇن، يېنسەي، تالاس مەڭگۈ تاشلىرىدىكى خاتىرىلەردىن باشلىنىپ، ئابۇ نەسىر ئەل فارابىنى، مەھمۇت قەشقىرىنى، يۈسۈپ بالا ساغۇنىنى بېسىپ ئۆتۈپ، ئەينى دەۋردىكى قازاقنىڭ ئاخىرقى قوشاقچىسى بۇقارجىراۋ ئارقىلىق ئابايغا يەتكەن. بۇ — ئۇزاق بىر تارىخىي مۇساپە، بۇ مۇساپىدە قازاق خەلقىنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتى بىلەن يازما ئەدەبى-

ياتى مەيدانغا كېلىش، ئۆزگىرىش، تەرەققىي قىلىش، مىللىي ئەدەبىيات بولۇپ قېلىپ-لىشىش باسقۇچلىرىنى بېشىدىن كەچۈردى.

ئېيتايلى، ئۇيسۇن زامانىدىن بىزگىچە يېتىپ كەلگەن مەشھۇر يازما ئەدەبىيات مىراسلىرىنىڭ بىرى — «ئوغۇزنامە». بۇ ئەسەر مىلادى 4 - ئەسىردە، ئۇيسۇنلار ئېلى-دە، قازاق خەلقىنى تەشكىل قىلغان ئوغۇز - قىپچاق تىلىدا، مىفولوگىيەلىك قەدىمىي رىۋايەتلەرگە ئاساسلىنىپ يېزىلغان گۈزەل ئەسەر. «ئوغۇزنامە» داستانىنىڭ سيۇژې-تىنى تەشكىل قىلغان ئاساسى ئىدىيە — ئوغۇز خاننىڭ (ئوغۇز قاغانى) يۈرۈشلىرى بىلەن قەھرىمانلىقى ئادالەت پەرۋەرلىكىنى كۈيلەشتىن ئىبارەت. داستاندا شۇ دەۋردە ياشىغان ئۇرۇق - تايپىلارنىڭ تۇرمۇش ئادىتى، دىنى ئېتىقادى، يەر - سۇلىرى، باتۇرلىرى سۈرەتلەپ بېرىلىدۇ. داستان 6 - ئەسىرلەردە پارس تىلىغا، 9 - ئەسىرلەردە ئەرەپ تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ دۇنياغا تارالغان. «ئوغۇزنامە» نىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى ئەسلى نۇسخىسىدا قازاقلار ھازىرغىچە ئۆز پېتى قوللىنىپ كېلىۋاتقان تۈپ سۆزلەر كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، ئېدىل (يەر ئىسمى — ئېدىل دەرياسى)، ئايقان (ئادەم ئىسمى)، قالقا، قالقان، ئالتىن قازىق، قابىرشاق، ئۆڭ، ئوۋىز، ئوران، جارلىق، تار-تۇۋ، تارت، بەلگى، شۆك (توگىنى چۆكۈرۈش)، تېرەك، شەبەر، جوسىن، تۆل ۋە باشقىلار.

«ئوغۇزنامە» داستانىدا يەنە قازاق خەلقىنىڭ كېيىنكى دەۋرلەرگىچە خۇدا-دىن تىلەك تىلىگەندە ئاسمانغا قاراپ قولىنى ياييدىغانلىقى يېڭى.ئاي تۇققاندا «جاڭا ئاي جارىلقاسىن، ئېسكى ئاي ئېسىر كەسىن» دەپ ئاسمانغا قاراپ دۇئا - تەلەپ قىلىدىغانلىقى، ئوتقا چوقۇنۇپ، كېلىن چۈشكەندە ئوتقا ماي چاچىدىغانلىقى ئەنە شۇ ئوغۇز قاغانلىقى دەۋرىدىكى دىنى ئېتىقاتنىڭ ئىپادىسى ئىكەنلىكىنى، قازاق خەلقىنىڭ بۇ ئادىتىنىڭ نىگىزى ئەسلىدىكى ئۇيسۇن، ئوغۇز - قىپچاق دەۋرلىرىدىمۇ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. «ئوغۇزنامە» داستانىنى خېلى بۇرۇن ئىنچىكە تەت-قىق قىلغان ئاكادېمىك بارتولدنىڭ: «رىۋايەتتىكى ئاپتور — قازاق دالىسىنىڭ يەرلىك خەلقلىرى» دەپ ئاتاپ ئېيتىشى بىكار ئەمەس. بۇ، ھەقىقەتەنمۇ «ئوغۇزنامە» داستانىنىڭ قازاق خەلقىنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى يازما ئەدەبىياتىنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى نۇسخىلىرىنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

7 - 8 - ئەسىرلەر ئوغۇز - قىپچاق ئىتتىپاقىنىڭ گۈللەنگەن دەۋرى ئىدى. مۇشۇ كەزدە مەيدانغا چىققان «قورقۇت ئاتا كىتابى» قازاق خەلق يازما ئەدەبىياتىنىڭمۇ داڭلىق يادىكارلىقلىرىنىڭ بىرى بولۇپ سانىلىدۇ. ئۇنىڭ يازما نۇسخىسى 11 - ئەسىرلەردە

بىر قانچە جايدا كۆچۈرۈلۈپ، كىتاپ بولۇپ بېسىلىپ چىققان. ھازىر كىتاپنىڭ ئىككى قولىيازمىسىنىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلگەنلىكى، ئۇنىڭ بىرى ئىتالىيىنىڭ رىم شەھىرىدە، يەنە بىرى گېرمانىيە دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتىنىڭ درېزدېن شەھىرىدە ساقلىنىۋاتقانلىقى مەلۇم.

قۇرقۇت — تارىختا ئۆتكەن ئادەم. ئۇ ناھايىتىمۇ ئۇستا قوبۇزچى، ناخشىچى ۋە ئاقىن كىشى. ئۇ كاج پەلەككە قارشى ئۆمۈر بويى كۈرەشىپ ئۆتكەن غەيۇر ئادەم. «قورقۇت ئاتا كىتابى» دا ئۇ بىلىملىك، چېچەن، ئەقىللىق، تاپقۇر، دومبۇرا بىلەن قومۇزنىڭ ئىختىراچىسى، ناخشا ۋە كۈيلەرنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى ئاتىسى سۈپىتىدە بايان قىلىنىدۇ. قازاق ئارىسىدا «كۈي ئاتىسى قۇرقۇت» دېگەن سۆز مۇشۇنىڭدىن قالغان.

قازاق خەلقى قۇرقۇتنى ئەسىرلەر بويى قەدىرلەپ، ئۇنىڭ ھەققىدە راۋايەتلەرنى سۆزلەپ كەلدى. ئالا يىلى، ئۇ دۇنيانىڭ ھەممە يېرىنى تۆگەل كېزىپ، ھايات يولى ئىزدەيدۇ. لېكىن، ھاياتنىڭ بەخت يولىنى تاپالمايدۇ. ئەكسىچە، ئۇنىڭغا قېزىپ قويۇلغان گۆرلەر ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئۇ ئۇچراشقان كىشىلەردىن «بۇ كىمنىڭ گۆرى؟» دەپ سورىسا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى «قۇرقۇتنىڭ گۆرى» دەپ جاۋاپ قايتۇرىدۇ. قازاقلار ئارىسىدىكى «نەگىلا بارساڭ قۇرقۇتنىڭ گۆرى» دېگەن تەمسىل ھاياتتىكى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بەختسىز كەچۈرمىشلەردىن مەيدانغا كەلگەن. شۇنداق قىلىپ، نامى مەشھۇر كۈي ئاتىسى قۇرقۇت مەڭگۈلۈك ئۆمۈر يوق ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ-دە، مەڭگۈلۈك ئۆمۈرنى خەلق ئاغزىدا مەڭگۈ ئۆلمەيدىغان كۈيدىن تاپىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇ ئەۋلادلىرىغا تەسىرلىك كۈي، ياڭرىغان ئۆلەڭلىرىنى قالدۇرىدۇ-دە، ئۆزىنىڭ مۇشۇ ھۈنىرى ئارقىلىق مەڭگۈ ئۆلمەيدىغان ئادەمگە ئايلىنىدۇ.

ئوتتۇرا ئەسىرلەردە گۈللەنگەن ئەرەپ، گرېك مەدەنىيىتى ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغان ئۇيۇرق - تايىپە خەلقلىرىنىڭ مەدەنىيىتىگە زور تەسىر كۆرسەتتى. ئەرەپ تىلىدا بىلىم ئالغان ئۆلىما - ئالىملار چىقتى. شۇلارنىڭ بىرى ئابۇ ناسىر ئەل فارابى ئىدى. نامى پۈتۈن دۇنياغا تارالغان بۇ پەيلاسوپ 8 - ئەسىرنىڭ 2 - يېرىمىدا دۇنياغا كەلگەن، يەنى 870 - يىلى سىر دەريا بويىدىكى مەدەنىيەت مەركىزى بولغان گۈزەل ئوترار شەھىرىدە (ئەرەپلەر بۇ شەھەرنى فاراب دەپ ئاتىغان) تۇغۇلغان. فارابى ئۆزىنىڭ قولىيازما ئەسلىمىلىرىگە «ئوترار شەھىرىدە تۇغۇلدۇم. ئۇرۇغۇم قاڭلى - قىپچاق» دەپ يېزىپ كەلگەنلىكى مەلۇم. فاراب - مەشھۇر ئالىمنىڭ بىلىم ئالغان ئورنى بولغانلىقتىن، شۇ دەۋرنىڭ ئادىتى بويىچە ئاپتور ئۇنى تەخەللۇس ئورنىدا قوللانغان. فارابى ئۆزىنىڭ 160 كە يېقىن ئەمگىكىنىڭ 30 غا يېقىنىنى ئارستوتېلنىڭ پەلسەپە-

ۋى كۆز قاراشلىرىنى تونۇشتۇرۇشقا، ئىلىمغا قوشقان تۆھپىسىنى چۈشەندۈرۈشكە ئاتىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن دۇنيانىڭ ئاتاقلىق ئالىملىرى فارابىنىڭ ئارىستوتىل ئىلمىگە ۋارىسلىق قىلىپ يەنىگە قوشقان تۆھپىسىنى يۇقۇرى باھالاپ، ئۇنى ئىككىنچى ئارىستوتىل دەپ ئاتىغان.

قازاق ئەدەبىياتىنىڭ تارىخىنى يېزىشتا، فارابىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەتكە دائىر ئەسەرلىرى مۇھىم ئورۇننى ئىگەللىشى شەكسىز. فارابى پەلسەپىۋى سوئاللارنىڭ كۆپىگە ئۆلەڭ بىلەن جاۋاپ بەرگەن. بۇنىڭغا قارىغاندا، ئابۇ ناسىر فارابى خېلىلا يېتىلگەن، تالانتلىق ئاقىن بولسا كېرەك. بىز جۇڭگو قازاق ئەدەبىياتىنىڭ تارىخىنى يازغىنىمىزدا بۇنى ئىنچىكە تەتقىق قىلىشقا تىگىشلىكمىز.

ئۇلۇغ پەيلاسوپ، تالانتلىق شائىر ئابۇناسىرنىڭ ئەسەرلىرى ئۆزى ئوقۇغان ۋە مۇكەممەل ئىگەللىگەن تىل — ئەرەپ تىلىدا يېزىلغانلىقتىن، ئاددى قازاق قەۋمىنىڭ بۇرۇنقى چاغلاردا ئۇ كىشىدىن خەۋىرى بولمىغىنى بىلەن، قازاقنىڭ ئوقۇمۇشلۇق كىشىلىرى ئابۇ ناسىرنى ھەم ئۇنىڭ دانىشمەن ئالىم، تۇلغان پەيلاسوپ ئىكەنلىگىنى بىلگەن ۋە ئالا ھىدە ھۆرمەتلىگەن. مەسىلەن، 19 - ئەسىردە ياشىغان، رۇس، ئەرەپ، پارس تىللىرىدا ھەمدە شەرق ۋە ياۋرۇپا ئەللىرىدە بىلىم ئالغان ئاتاقلىق ئارىپ ئاقىن ئۆزىنىڭ ياشانغان چاغلىرىدا يازغان بىر ئۆلىڭدە:

يېتىلەپ يەتمىش ئالتە، ئاتمىش ھەيدەپ،
بېكىتىپ قول - ئاياقنى، يىپسىز باغلاپ.
دۇنيانىڭ ھەممە يېرى گۆگۈملەشتى،
چاپچىغان سۈزۈك ئىدىم تۇرغان قايناپ.
ئۆلتۇردۇڭ ئۆتمىگىنىڭ بەلگىسى يوق،
پالان كۈن بارىمەن، دىمەس سائەت ساناپ.
قۇترىغان يولۋاس كەبى كۆپ يۈلقۇندۇم،
فارابى ئۆزەڭ كەچۈر ئەپۇ ئەيلەپ.

دەپ، «شائىرلىغى، چېچەنلىگى، سۆزگە ئۇستىلىغى بىلەن تونۇلغان ئاقىنلارنىڭ بىرى» (م. ئەۋىزوۋ) بولغان بۇ شائىر ئۆزىنىڭ ئۆتۈپ كەتكەن ئۆمرىگە ئۆكۈنۈپ، فارابىغا ئەنە شۇنداق مۇراجىئەت قىلغان ۋە ئۆزۈر ئېيتقان.

11 - ئەسىرلەردە مەھمۇد قەشقىرىنىڭ «دىۋان لۇغەت تۈرك» ناملىق ئەسىرى، دۇنياۋى ئەدەبىياتنىڭ مەشھۇر يادىكارلىقلىرىدىن بىرى بولۇپ سانىلىدىغان يۈسۈپ

بالاساغۇنىنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانى مەيدانغا كەلدى. بۇ يىرىك كىلاسسىك ئەسەرلەر قازاقىنىڭ ئەدەبىي تىلى ۋە يازما تارىخىنىڭ تەرەققىيات تارىخى بىلەن تومۇرداش، ئۆتكەللىك رول ئويناپ، ئورتاق بايلىق بولۇپ كەلگىنى، شۇندىقلا ئورخۇن - يېنسەي، تالاس تىللىرى ۋە مۇشۇ تىللاردا يېزىلغان ئەدەبىي يادىكارلىقلار تىلى قازاق تىلىغا ئوخشۇشۇپ كېتىدىغانلىغى ئۈچۈن، ئوتتۇرا ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىيادا دۇنىياغا كەلگەن بۇ ئورتاق بايلىقنى كۆڭۈلدىكىدەك تەتقىق قىلىشىمىز ھەمدە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىشىمىز كېرەك.

12 - ئەسىرلەرگە كەلگەندە غوجا ئەخمەت يەسەۋىنىڭ «دىۋانى ھىكمەت»، سۇلايمان باقىرغانىنىڭ «ھاكىم ئاتا» دىگەن كىتابى ھەمدە ئەخمەت يۈكنەكىنىڭ شېئىرلىرى مەيدانغا كەلدى. 13 - ئەسىرگە قەدەم قويغان دەۋردە قازاق يازما ئەدەبىياتىنىڭ تارىخىدا مۇھىم ئورۇن ئالىدىغان ئىسىل مىراسىنىڭ بىرى — «كۇدېكىس كومانىكىس» (قىپچاق تىلى لۇغىتى) دۇنىياغا كەلدى. لۇغەتتە بېرىلگەن 3 مىڭغا يېقىن سۆزلۈكنىڭ كۆپ قىسمى ھازىرمۇ قازاق تىلىدا ئۆز ئەينى ئىشلىتىلىپ كېلىۋاتقان ماقال-تەمسىللەر. شۇ دەۋردە غەربىي ياۋروپالىقلار قازاق خەلقىنى تەشكىل قىلغان تايىپىنىڭ بىرى — قىپچاقلارنى «كومانلار» دەپ ئاتىغان. «قىپچاق تىلى لۇغىتى» نىڭ «كۇدېكىس كومانىكىس» دەپ ئاتىلىشى مۇشۇ سەۋەپتىن بولسا كېرەك. «كۇدېكىس كومانىكىس» كىتاۋى 1303 - يىلى قارا دېڭىز بويلىرىنى ماكان قىلغان قىپچاقلار ئارىسىدا قىپچاق تىلىدا يېزىلغان. كىتاپ تەخمىنەن 164- بەت بولۇپ، شۇ دەۋرلەردىكى قازاقلارنىڭ تىلى بىلەن يازما ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

13 - ئەسىردە قىپچاق تايىپىسىدىن چىققان مەشھۇر شائىر قۇتبى ھايات كەچۈردى. ئۇ 1341 - 1342 - يىللار ئارىلىغىدا ئاتاقلىق شائىر نىزامىنىڭ ئۆلگىسى بويىچە «خۇسراۋ - شىرىن» ناملىق نەزمى داستان يازغان. 14 - ئەسىردە «خۇسراۋ - شىرىن» داستانىنى بەرىكە دىگەن شائىر كۆچۈرگەن. بۇ قولىيازما نۇسخا 280 بەت بولۇپ، ھازىر پارىژ كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقانلىغى مەلۇم. داستان قازاقنىڭ يازما ئەدەبىياتىنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا ناھايىتى مۇھىم مەلۇماتلار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

13 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا قىپچاق ئۆلكىسىدە يېزىلغان «مۇھەببەتنامە» داستانى مەيدانغا كەلدى. ئەسەر ئاپتورى سىر دەريا بويىنى ماكان قىلغان خەلق ئىچىدىن چىققان مەشھۇر شائىر ئەخمەت خارەزمى. ئۇ: «بۇ داستاننى سىر بويىدا يازدىم» دەپ ئېنىق ئىز قالدۇرغان. داستاننىڭ باش پېرسۇناژلىرى قاتارىدا قازاق تارىخىدا ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان جانىبەك، مۇقامبەك، قوجابەككە ئوخشاش باتۇرلار

مەدھىيىلىنىدۇ. مۇھەببەت قىزغىن كۈيلىنىدۇ. داستاننىڭ تىلى ۋە ۋەقەلىكى قازاقنىڭ مۇھەببەت قوشاق ـ داستانلىرى بىلەن بىردەك، ئوي ـ پىكىرلىرىمۇ ئوخشۇشۇپ كېتىدۇ.

ھەممىگە مەلۇم، باشقا مىللەت خەلقلىرى قايسى قانۇنىيەت بويىچە قېلىپلاشقان بولسا، قازاق خەلقىمۇ شۇنداق قانۇنىيەتلەر بويىچە كۆپلىگەن ئۇرۇق ـ تايپىلارنىڭ بىرىكىشى ئارقىلىق ئۆز ئالدىغا ئايرىم مىللەت بولۇپ قېلىپلاشتى، يەنى 8 ـ 9 ـ ئەسىرلەردە شەكىللىنىشكە باشلاپ، 14 ـ 15 ـ ئەسىرلەردە مىللەت بولۇپ قېلىپلى-شىش جەريانىنى تاماملىدى. ئەنە شۇ 15 ـ ئەسىردە قازاقلارنىڭ تۈركى تىلىدا سۆزلىشىدىغان باشقا خەلقلەردىن بۆلۈنۈپ ئۆز ئالدىغا ئايرىم، مۇستەقىل مىللەت بولۇپ قېلىپلىشىشىغا باغلىق ھالدا، ئۆز مىللى تىلى ۋە ئەدەبىياتىمۇ قېلىپلاشتى ۋە كامالىغا يېتىشكە باشلىدى. قازاقلار ئىچىدىن پەن ئەرباپلىرى، تارىخچىلار، ئەدەبىياتچىلار دۇنياغا كەلدى. مۇشۇنداق ئوقۇمۇشلۇق ئالىملارنىڭ بىرى مۇھەممەت ھەيدەر دۆلەتى (1499 - 1551). ئۇ — ئۇلۇغ يۈز دۆلەت تايپىسىنىڭ ئەۋلادى. شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك، ئۇ ئۆزىنى دۆلەتى دەپ ئاتىغان. ئۇ تارىخقا تونۇش «تارىخى رە-شىدى» داستانى بىلەن «جاھاننامە» داستانىنىڭ ئاپتورى. بۇ داستانلار 15 ـ ئەسىردى-كى قازاقلارنىڭ ئومۇمى ئەھۋالى بىلەن قازاق خانلىقلىرىنىڭ قۇرۇلۇش جەريانى توغرىسىدا ناھايىتى قىممەتلىك تارىخى مەلۇماتلارنى بېرىدۇ.

16 ـ ئەسىردە ئۆتكەن يەنە بىر قازاق مۇتەپەككۇرى قادىرغالى قۇسىن ئوغلى. بىزنىڭ زامانىمىزغىچە ئۇنىڭ پىروزا ئەسەرلىرىنىڭ شۇ دەۋردىكى ئۈلگىسى بولۇپ ھېسابلىنىدىغان «جامىي ـ ئات ـ تاۋارىخ» (تارىخى شەجەرەلەر توپلىمى) ناملىق ئەمگىكىنى مەيدانغا چىقارغان. كىتاپنىڭ ھەجمى 157 ـ بەت بولۇپ، 1602 ـ يىللىرى كونا قازاق تىلىدا يېزىلغان. كىتاپتا 13 ـ ئەسىردىن 16 ـ ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىق-تىكى قازاقلار ھاياتى، قازاق خەلقىنىڭ ھال ـ ئەھۋالى ھەمدە چىڭگىزخان ۋە قازاق خانلىرىنىڭ باشتىن كەچۈرگەن سەرگۈزەشتىلىرى بايان قىلىنىدۇ. شەجەرىدە قازاق خەلقىنىڭ ماقال ـ تەمسىللىرى، فرازېئولوگىيىلىك سۆزلىرى ناھايىتى كۆپ قوللىنىل-غان. بۇنىڭدىن شۇ مەزگىللەردە قازاق ئەدەبىياتىدا ئەنئەنىۋى پىروزا ژانىرىنىڭ تونۇلۇشقا باشلىغانلىقىنى كۆرىمىز.

قازاق خەلقى مىللەت بولۇپ شەكىللەنگەندىن كېيىن 15 - 16 - ئەسىرلەردە قازاق-نىڭ مىللى پوئېزىيەسى قېلىپلىشىپ، مىللى ئەدەبىياتىنىڭ گۈللەنگەن دەۋرى بولدى. شۇ دەۋرلەردە ئاتاقلىق خەلق ئاقىنلىرى قودان تايشى، سىپىراجىراۋ، ئاسان قايغى، قاز تۇۋغان، دوسبەنبەت، شالگەز جىراۋلار خەلق پوئېزىيەسىنىڭ پەردىسىنى كەڭ ئې-

چىپ، ئۇنى مول ئاساسقا ئىگە قىلدى. ئۇلار ئۆز قوشاقلىرىدا قازاق خەلقىنى بىر نىيەت - بىر مەقسەتتە بولۇشقا، ئاتا ماكان، تۇغۇلغان تۇپرىقىنى قوغداشقا چاقىردى. كۆچمەن قازاق خەلقى ئۇچۇن سۈيى مول مۇنبەت يەر ئىزدىدى. بۇ مەزگىلدىكى ئاقىن، قوشاقچىلار خەلق شېئىرىيىتىنى مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن بېيىتىپلا قالماستىن، ئۇنى شېئىرىي سەنئەت جەھەتتىنمۇ يۇقىرى كۆتەردى.

16 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا جۇڭغار خانلىقى قۇرۇلغاندىن باشلاپ، 17 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا جۇڭغار خانلىقى يوقىتىلغانغا قەدەر بولغان قازاقلارنىڭ ئۆمرى جۇڭغارلار بىلەن بولغان ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقلىرى دەۋرىدە ئۆتتى. بۇ بىر تارىخىي مەزگىلدە مارقاسقا، جىيەمبەت، تاتتى قارا، ئاقتامبەردى، ئۇمبەتەي تىلەۋ ئوغلى، ماراباي، جىيىرەنشە شەشەن، سارىم جىراۋ، سەڭگىر باي ۋە قەدىمقى زامان خەلق پوئىزىيەسىنىڭ ئاخىرقى ۋەكىللىرىدىن بىرى بولۇپ سانىلىدىغان بۇقار جىراۋلار ئالدىنقىلارنىڭ ئىزىنى باستى. روھى كۆتىرەڭگۈ، ئۆتكۈر تىللىق خەلق ئاقىنلىرى خەلق بىلەن بىرگە ياشاپ، بىللە يۇرۇپ ئۆلەڭ ئېيتقان، قازاقنىڭ خەلقى بىلەن يېرىنى، ئاۋۇلى بىلەن ئارنومۇسىنى قوغداش يولىدا قان كەچكەن خەلق قەھرىمانلىرىنىڭ شانلىق ئوبرازلىرىنى ياراتقان. قازاقنىڭ قەھرىمانلىق قوشىقى — «قىرىمنىڭ قىرىق باتۇرى» غا ئوخشاش قىرىق باتۇرنىڭ ئەرلىكى كۈيلىنىدىغان تۇتاش داستاننىڭ شۇ مەزگىلدە مەيدانغا كېلىشى تەسادىپىي ئەمەس. بۇ — قازاق خەلقىنىڭ جۇڭغارلارغا قارشى كۈرىشىنىڭ دەلىلى. بۇ داستاننى مۇرىن جىراۋ سەڭگىر باي ئوغلىنىڭ يېزىپ قالدۇرغانلىقى مەلۇم.

مۇشۇ دەۋردە قازاقلار ئىچىدە قەھرىمانلىق قوشاقلىرىنىڭ كەڭ تارالغانلىقى شۇ مەزگىلدىكى رىياللىقنى ئوبدان ئېچىپ بېرىدۇ، چۈنكى جۇڭغار باسقۇنچىلىرىنىڭ تاجاۋۇزى قازاقلار تارىخىدا ئالاھىدە ئىز قالدۇرۇپ، سىنىپىي تامغا باستى. شۇنىڭ بىلەن بىر قاتاردا بۇ خەلق ئاقىنلىرىنىڭ ئۆلەڭ قوشاقلىرىغا يېڭى مەزمۇن قوشۇپ، يېڭى تىما ۋە يېڭى يۆنىلىش بەلگىلەپ بەردى. ئاقىنلار قازاق خەلق قەھرىمانلىرىنىڭ قانلىق قىرغىنچىلىقلار، جەڭلەردىكى جەسۇرلىقىنى مەدھىيىلىدى. شۇنداق قىلىپ، قەھرىمانلار ھەققىدىكى قوشاقلاردىن رىيال ھاياتنى گۈزەل تىل بىلەن كۈيلەش ئارقىلىق خەلقنىڭ ئارزۇ - ئىستىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان قەھرىمانلار ئوبرازلىرى يارىتىلدى، خەلقنىڭ ئەسىرلەر بويى باشتىن كەچۈرگەن ھايات رىياللىقىنى ئىستىتىك تۈردە ئىپادىلىگەن قەھرىمانلىق قوشاقلىرىنىڭ ژانىرلىرى بارغانسېرى قېلىپلاشتى. مۇشۇ زور بىر تۈركۈم ئاقىن - قوشاقچىلىرىمىزنىڭ ئەۋلاتلىرىمىزغا قالدۇرۇپ كەتكەن ئىسىل مىراسلىرىدىن

قازاق خەلقىنىڭ ئۆزاق تارىخى بىلەن ئۇنىڭ باسقان يوللىرى، ئاشقان تاغ - داۋان-لىرى، جۇملىدىن تەرەققىيات جەريانىنىڭ ھەر خىل قانۇنىيەتلىرىنى ئۆز ئىچىدىن ئۆتكۈزگەن ئەدەبىياتىنىڭ ئۇزاق جەريانى ۋە ئومۇمى ئەھۋالىنى بىلىۋالالايمىز.

بۇ دەۋردىكى قەھرىمانلىق داستانلىرىغا «سابالاق»، «قابانباي باتۇر»، «بۆگەن-باي باتۇر»، «ئىرىسبەنبەت»، «ئاز جانبەك»، «ئېرتاۋكە»، «ئولجاباي باتۇر»، «جەم-يىدىباي باتۇر»، «قۇتپانبەت ئوغلى نەۋرۇباي»، «ئۆتەگەن باتۇر» قاتارلىقلار كۆيلەن-گەن داستانلار ياتىدۇ.

قوقان خانلىغى دەۋرىدە يەنى قوقان خانلىغىنىڭ قازاق ئېلىگە يۈرگۈزگەن تاجا-ۋۇزچىلىقىغا قارشى كۆرەش داۋامىدا كۆپلىگەن ئېپوسلار مەيدانغا كەلدى. بۇ دەۋردىكى ئېپوسلارغا «سۇرانشى باتۇر»، «بايسەيت باتۇر» ۋە باشقا باتۇرلۇق داستانلىرى كىرىدۇ.

18 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 19 - ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ياشىغان «ئارقالىق باتۇر» توغرىسىدىكى قوشاقلار بىلەن «كەنەسارى فەۋرۇز باي ئوغلى» ھەققىدىكى قوشاقلار شۇ دەۋردىكى قازاق ئۆمرىنىڭ پاكتى.

18 - ئەسىر — جاھان كاپىتالىزمىنىڭ ئۆرلىگەن دەۋرى ئىدى. مۇشۇ كەزدە پەلسەپە، ئەدەبىيات خېلىلا گۈللەنگەن بولۇپ، ھازىرقى زاماندىكىدىنمۇ ياخشىراق ئىدى. بىز ئۇلگە ئېلىپ، ئۇستاز تۇتۇپ كېلىۋاتقان كىلاسسىكلار بىلەن كىلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ زور كۆپچىلىكى 18 - ئەسىرلەردە دۇنياغا كەلگەن.

بۇ دەۋردىكى دۇنياۋىي ئەدەبىياتتا بارلىققا كەلگەن ئۆزگىرىش قازاق پوئې-زىيەسىگىمۇ زور يېڭىلىق ئېلىپ كەلدى. مەسىلەن، «ئالپامىس»، «قوبلاندى»، «ئېرتار-غىن»، «قامبار»، «ئارقالىق» باتۇرلار توغرىسىدىكى قوشاقلار قەدىمدىن بۇيان خەلق ئاغزىدا ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان ئېپوسلار بولسىمۇ، ۋاقىتنىڭ ئۆتىشى بىلەن بۇ ئېپوسلار يېڭى مەزمۇن، يېڭى ئىدىيىلەر بىلەن ۋايىغا يەتتى. بۇ ئېپوسلاردا خانلارغا، ئۇرۇق باشلىقلىرىنىڭ زورلۇق - زومبۇلۇقلىرىغا قارشى كۆرەشكە دائىر مەزمۇنلار قوشۇلدى. دېمەك ھەر بىر دەۋردىكى ئاقىن - قوشاقچىلار بۇ ئېپوسلارنى ئۆزىچە كۆچەيتىپ، يېڭى ئىدىيىلەر بىلەن جانلاندۇرۇپ، خەلققە پايدىسىز يەرلىرىنى تاشلاپ، خەلق ئۈچۈن يارامىلىق يەرلىرىنى ساقلاپ كەلگەن.

شۇڭلاشقا، بۇ ئېپوسلار بىرلا دەۋرنىڭ مۇلكى ئەمەس، ھەر بىر مەزگىلدىكى نەچچىلىگەن قوشاقچىلارنىڭ خەلقىنىڭ مۇڭ - زارى، ئىنتىلىشلىرىنى ئىپادىلەپ كەلگەن-لىكىنىڭ مەۋسى. بۇ ئېپوسلاردا ھەر بىر دەۋرنىڭ ئىدىيىسى بارلىققا كېلىش بىلەن ئومۇمى قازاق تارىخىدىكى مەشھۇر ئېپوسلارنىڭ ئىدىيىسى بىلەن گۈزەللىك دەرىجە-

سىنى يۇقۇرى كۆتەرگەن. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئازاتلىق ئۈچۈن كۈرەش، ۋەتەننى قوغداش يولىدىكى جەسۇرلۇق، زۇلۇم، تەڭسىزلىككە ئۇچرىغانلارغا بولغان ھېسداشلىق ئىدىيىسى — مەزكۇر قەھرىمانلىق قوشاقلىرىنىڭ مەزمۇنىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ، قات - قېتىغا سىڭگەن. ھەر بىر دەۋردىكى جەمئىيەتنىڭ تارىخى ئىلگىرىلەش تارىخى، قەھرىمانلىق قوشاقلىرىنىڭ تەرەققىياتى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن ئالپامىش، قوبلاندى، ئېرتارغىن، قامبار باتۇرلار ھەققىدىكى قوشاقلار قازاق خەلقىنىڭ ئېپىك ئەسەرلىرىنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مەشھۇر، ئەڭ گۈزەل، ئەڭ يىرىك ئېپوسلار بولۇپ سانىلىدۇ. بۇ قوشاقلار قەدىمقى دەۋردىن باشلاپ ئەۋلاتتىن- ئەۋلاتقا ئاغزاكى تاراپ، ئاتىدىن بالىغا مىراس بولۇپ ساقلىنىپ كەلگەن. كېيىنكى كۈنلەرگە كەلگەندە ئاندىن يېزىققا ئېلىنىپ، مەتبەئە يۈزى كۆرگەن. مەسىلەن، «ئالپامىس» قوشىقى ئەڭ بۇرۇن «قىسسەئى ئالغامىش» دىگەن نام بىلەن 1899 - يىلى قازاق شەھرىدە باسمىدىن چىققان. «قوبلاندى» 1879- يىلى مەتبەئە يۈزى كۆرگەن. «ئېرتارغىن» 1862 - يىلى بېسىلىپ چىققان.

شۇنىڭ بىلەن بىر قاتاردا، 18 - ئەسىردە مەيدانغا كەلگەن تارىخىي ئۆلەڭلەرنىڭ تېمىسى ۋە مەزمۇنىمۇ زور يېڭىلىقلار بولدى. مۇشۇ ئەسىردە مەيدانغا كەلگەن تارىخىي ئۆلەڭلەردىن بىزگىچە يېتىپ كەلگىنى «ئاقتابان شۇ بىرىنىدى»، «ئالقاكول سۇلاما»، «قاراتاۋنىڭ باسىنان كۆش كېلىدى» قاتارلىق ئۆلەڭلەر. بۇ ئۆلەڭلەردە جۇڭغارلارنىڭ قازاق ئېلىگە يۈرگۈزگەن تاجاۋۇزى، جان قايغۇسى، ئاچ - يالاڭغاچلىق، ئۆز ماكانلىرىدىن باشقا يەرلەرگە باش ئېلىپ كېتىش قاتارلىق خەلقنىڭ ئېغىر ھال - ئەھۋالى سۈرەتلىنىدۇ. ئەل - يۇرتىدىن، قېرىنداش - تۇققانلىرىدىن ئايرىلغان قازاق خەلقىنىڭ مۇڭ - زارى ئاڭلىنىدۇ.

«ئاقتابان شۇ بىرىنىدى» ۋەقەسى 1723 - يىلى باھار مەزگىلىدە بولىدۇ. قونتەيجىنىڭ جۇڭغارلىق ئەسكەرلىرى تالاس بويىدىكى قازاق يۇرتلىرىغا بىر تۇتاش ھوجۇم قىلىپ، خەلقنى قىرىپ يوقىتىدۇ. شۇ جايلاردىكى قازاق خەلقى ئۆز ھاياتىنى - ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن يالاڭ - يالىڭاچ شىمالغا قاراپ كۆچىدۇ. تارىختا بۇ ۋەقە «ئاقتابان شۇ بىرىنىدى، ئالقا كول سۇلاما» دەپ ئاتىلىدۇ. تورغايدەك توزۇپ، يالاڭتۇش (ئاقتابان) بولۇپ ئاققان خەلقنىڭ كۆز يېشى بىلەن كۆڭۈل كۈيى ئۆلەڭدە مۇنداق سۈرەتلىنىدۇ:

... مۇنۇ زامان قانداق زامان، قىستاڭ زامان،
بېشىمىزدىن بەخت - دۆلەت ئۇچقان زامان.

كۆچمەنلەر ئىزىدىن چاڭ توزۇيدۇ،
يانۋاردىكىدەك قارىياقان، قىشتىن يامان.

مۇنۇ زامان قايسى زامان، قانداق زامان،
بۇرۇنقىدەك بولارمۇ يەنە زامان.
قېرىنداش ۋە قارا ئورمان قالغان ئۆچۈن،
كۆز ياشلىرىم كۆل بولۇپ ئاقار ھامان.

قازاقلار ئارىسىدا ياد بولۇپ كەتكەن ۋە بۈگۈنگىچە ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان ئۆلەڭنىڭ بىرى — «قارا تاغنىڭ بېشىدىن كۆش كېلىدۇ» دىگەن ئۆلەڭدە خانىۋەيران بولغان خەلقنىڭ ئاھۇ - زارى، كۆل بولۇپ ئاققان كۆز يېشى ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

قارا تاغنىڭ بېشىدىن كۆچ كېلىدۇ،
كۆچكەنسېرى بىر تايلاق بوش كېلىدۇ.
ئەل - يۇرتىدىن ئايرىلغان يامان ئىكەن،
قارا كۆزدىن مۆلدۈرلەپ ياش كېلىدۇ.

كۈن چىقىشتىن ئىزغىرىن شامال كېلىدۇ،
ئېزىپ - توزغان كۆچمەنلەر - ئەل كېلىدۇ.
باش قوشۇپ تۇرالماستىن تاپان تىرەپ،
ياۋۇز ياۋغا دۈچكەلدىڭ قازاق ئېلى ... دېيىلىدۇ.

دېمەك، بۇ ئۆلەڭلەر ئەينى زاماندا ئەل - يۇرتىدىن ئايرىلغان قازاقلار ھاياتىنىڭ ئىزى ئىدى. شۇنداقلا بۇ ئۆلەڭلەردە يېقىمچە شەكىل كۆزگە ئۇچۇق چېلىقىپ، ئاڭلىغۇچىنىڭ نەزىرىنى ئۆزىگە دەررو تارتىدۇ. ئاتاپ ئېيتقاندا، 17 - 18 - ئەسىرلەردىكى قازاق ئېپوسلىرى بىلەن ئۆلەڭ - قوشاقلىرى خەلقىمىزنىڭ ئۆلەڭ ھۈنىرى بىلەن ئاقىنلىق مەدەنىيىتىنىڭ يېتىلگەن مەزگىلى بولۇپ سانىلىنىدۇ.

ھەممىگە ئايان، قازاق خەلقىنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى قەھرىمانلىق قوشاقلىرى بىلەن لىرىكىلىق ئېپوسلىرىدىن سىرت، شەرق ئەللىرى ئەدەبىياتىدىن تەرجىمە ئارقىلىق

قازاقلار ئارىسىغا تارقالغان «مۇڭ - زار»، «سەيفۇلمالىك - بەدىئۇلجامال»، «بوز يىگىت-
خۇلزە»، «شاكىر - شاكىرات»، «يۈسۈف - زۇلەيخا»، «تاھىر - زوھرە» ۋە باشقا كۆپ-
لىگەن مۇھەببەت داستانلىرى قازاق خەلقىنىڭ ئۆز لىرىك ئېپوسلىرىغا ئايلىنىپ كەت-
كەن. بۇ — قازاق خەلقىنىڭ قەدىمقى دەۋرلەردە شەرق ئەللىرى، جۈملىدىن قېرىنداش
مىللەتلەر بىلەن مەدىنىي ئالاقىسىنىڭ قويۇق، ئورتاق ئەدەبىي مىراسلىرىنىڭ كۆپ
بولغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇ تەرەپ بىزدە ئىلگىرى - كېيىن ياخشى تەتقىق قىلىنمىدى.
شۇڭلاشقا، بىز جۇڭگو قازاق ئەدەبىياتىنىڭ تارىخىنى يازغىنىمىزدا ئۇنى ئەتراپلىق
تەتقىق قىلىپ، خەلقىمىزنىڭ ئىسىل غەزىنىسىنىڭ ھەممىسىنى ئېچىشىمىز كېرەك.

يۇقۇرىدىكى پاكىتلاردىن مۇنۇ خۇلاسىغا كېلىمىز: قازاق خەلقىنىڭ خەلق پوئې-
زىيەسى بىلەن يازما ئەدەبىياتىنىڭ تۆپ يىلتىزى ناھايىتى چوڭقۇر بولۇپ، تارىختا
ئۆتكەن ھەر قايسى قەبىلىلەرنىڭكىگە ئوخشاشلا، قەدىمقى دەۋرلەردە ئويۇلغان، يېزىل-
غان، تامغىلاردىن باشلانغانلىقى ئېنىق. بىز «مەڭگۈ تاش» (تامغىلىق تاش) يېزىقلى-
لىرىغا دائىر بەزى ئىزلارنى يۇقۇرىدا ئېيتىپ ئۆتتۇق. جۈملىدىن، قازاق خەلقىنىڭ
تامغىلىرى ئورخۇن - يېنسەي، تالاس يېزىقلىرىغا ئەرەمەي ئېلىپبەسى بىلەن ئوخشاشلا
ئاساس بولغانلىقى، يىگرمە ھەرىپتىن تەشكىل تاپقان ئەرەمەي ئېلىپبەسىنىڭ
توققۇز ھەرپى قازاق خەلقىنىڭ تامغىلىرىدىن ياسالغانلىقى تارىختا مەلۇم. شۇنىڭغا
ئوخشاشلا «تۈركى تىللار دىۋانى» بىلەن «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ يېزىقى بولغان ئۇيـ-
غۇر (نايمان) ئېلىپبەسىمۇ، «دىۋانى ھىكمەت»، رابغۇزى، سۇلايمان ئەسەرلىرىنىڭ
يېزىقلىرى، قازاق ئېپوسلىرى بېسىلغان ئەرەپ ئېلىپبەسى قازاق خەلقىنىڭ بۇرۇن
قوللانغان يېزىقلىرى بىلەن زىچ باغلىنىشتا بولۇپ كەلگەن. بىز ئورخۇن، يېنسەي،
تالاس مەڭگۈ تاشلىرىدىكى يېزىقلارغا قارايدىغان بولساق، 8 - 9 - ئەسىرلەردە قازاق
تىلى بىلەن يازما ئەدەبىياتىنىڭ قايسى تەرزدە بولغانلىقىنى، 7 - 8 - ئەسىرلەردە
قازاق خەلقىنىڭ ئورخۇن - تالاس تىللىرىدا سۆزلىگەنلىكىنى بىلىمىز. ئەمدى 10 -
ئەسىردىكى مەھمۇت قەشقىرى تىلى بىلەن قازاقلارنىڭ 14 - ئەسىردە مىللەت بولۇپ
قېلىپلاشقان مەزگىلدىكى تىلىنىڭلا ئەمەس، بۈگۈنكى سۆزىمىزنىڭ پەرقى يوقنىڭ
ئورنىدا دېيىشكە بولىدۇ. مەسىلەن، «تاغ - تاۋ»، «تۇغدى - تۇۋدى» «سېير - سېير»،
«كىشى - كىسى»، «يۇلتۇز - جۇلدىز»، «يورۇق - جارىق»، «ئېلىپ - ئالىپ» قاتارلىق-
لار بۇنىڭدىكى مەسىلە «ۋ» نىڭ «غ» غا، «س» نىڭ «ش» غا «ج» نىڭ «ي» غا
ئۆزگىرىش مەسىلىسى، دېمەك 10 - ئەسىرلەردە خەلقىنىڭ ھەققەتەنمۇ مەھمۇد قەش-
قىرى تىلىدا سۆزلىگەنلىكى ئېنىق.

تارىخىي پاكىتلارغا ئاساسلىنىپ ئولتۇرۇپ، قازاق خەلقىنىڭ 8 - 9 - ئەسىرلەردە بارلىققا كەلگەنلىكىنى، تىلىنىڭمۇ شۇ ئەسىرلەردە مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ 14 - ئەسىرگە كەلگەندە تېررىتورىيە پۈتۈنلىكى، ئىقتىسادى ھەمدە مەدەنىيەت بىرلىكى ئارقىلىق ئاق ئوردا دۆلىتى دائىرىسىدە مىللەت بولۇپ شەكىللەنگەنلىكىنى، تىلىنىڭمۇ بىرلىككە كەلگەنلىكىنى، شۇ قاتاردا مىللى تىل ئارقىلىق ئۆسۈپ ئۇلغايغان قازاق ئەدەبىياتىنىڭ تارىخىنىڭمۇ مۇشۇنداق مەيدانغا كەلگەنلىكىنى ئېيتالايمىز. ھازىرقى مىللى تىل ئاباي تىلىنىڭ مىللى تىل بولۇپ قېلىپلىشىشىغا قەدەر بەش ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتنى باشتىن كەچۈردى، بۇقار جىراۋنىڭ تىلىسىز (ئۇنىڭ قوشاقلىرىنىڭ تىلىسىز) ئاباي تىلى بارلىققا كەلمىگەن بولاتتى. بۇقار جىراۋ تىلىمۇ قازاقلارنىڭ قەھرىمانلىق قوشاقلىرى بىلەن مۇھەببەت قوشاقلىرىنىڭ تىلىسىز بارلىققا كەلمىگەن بولاتتى. بۇ قوشاقلارنىڭ تىلىمۇ مەھمۇد قەشقىرىنىڭ، يۈسۈپ بالاساغۇنىنىڭ، رابغۇزىنىڭ، ئەھمەدنىڭ، سۇلايماننىڭ ۋە باشقا يازما ئەدەبىيات ۋەكىللىرىنىڭ تىلىسىز مەيدانغا كېلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەمدى، ئۇلارنىڭ تىلىنى (ئەدەبىياتىنى، ئورخۇن - يېنسەي، تالاس مەڭگۈ تاشلىرىنىڭ تىلىسىز بارلىققا كەلدى، دەپ ئېيتىشقا بولماس ئىدى. شۇڭلاشقا، بىز قازاق ئەدەبىياتىنىڭ تارىخىنى ۋە ئۇنى دەۋر، باسقۇچلارغا بۆلۈش مەسىلىسىنى ئىلمىي ئاساستا يورۇتۇپ بېرىش ئۈچۈن بۇلارنى بىر - بىرىدىن بۆلۈپ قارىماسلىقىمىز، ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئۆسۈپ - يېتىلىش قانۇنىيىتىنى دىيالېكتىكىلىق قائىدىلەر بويىچە كۆزىتىشىمىز، تەتقىق قىلىشىمىز كېرەك. شۇنداق قىلىپ، قازاق خەلقىنىڭ يازما ئەدەبىياتىنىڭ تارىخىنى 8 - 9 - ئەسىرلەردە قازاق خەلقىنىڭ ئۇرۇق - تايپىلىرى خەلق بولۇپ شەكىللىنىشكە باشلىغان دەۋردىن باشلاپ ئىزدەشكە تېگىشلىكمىز.

«قازاقلاردا بۇرۇن يېزىق بولمىغان»، «قازاق يازما ئەدەبىياتىنى بۇقاردىن باشلاش كېرەك»، «قازاق ئەدەبىياتىنىڭ تارىخىنى خانلىقلار بويىچە دەۋرگە بۆلگەن مۇۋاپىق»، «قازاق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئۆلگىلىرىنىڭ يېزىققا ئېلىنىشى 11 - ئەسىردە باشلانغان» دىگەن كۆز قاراشلار رىياللىققا ئۇيغۇن ئەمەس، بۇ كۆز قاراشلار قازاق خەلقىنىڭ مەيدانغا كېلىش ۋە شەكىللىنىشكە مۇناسىۋەتلىك تىلى بىلەن ئەدەبىياتىنىڭ قېلىپلىشىپ تەرەققى قىلىشىنىڭ تارىخىنى يېتەرلىك ئويلاشمىغانلىقتىن ھەمدە ئۇلارنى بىرلەشتۈرۈپ قارىمىغانلىقتىن كېلىپ چىققان.

## IV

جۇڭگو قازاق ئەدەبىياتىنىڭ ئىككىنچى دەۋرى، يەنى يېقىنقى زامان تارىخى قازاق خەلقىنىڭ يېڭى مەدەنىيىتى بىلەن يېڭى ئەدەبىياتىغا ئاساس سالغان ھەمدە قازاقنىڭ گۈزەل ئەدەبىياتىنى يېڭى تارىخىي باسقۇچقا كۆتەرگەن رېئالىست شائىر ئابايدىن باشلىنىدۇ. ئاباي دۇنياغا كەلگەن مەزگىل — ئېلىمىز يېقىنقى زامان تارىخىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بولغان 1840 - يىلدىكى ئەپيۇن ئۇرۇشىغا توغرا كېلىدۇ. شۇنداقلا، ئۇلۇغ شائىر ئابايىنىڭ شېئىرىيەت ئاسمىنىدا چاقنىغان مەزگىلى — لېنىن باشلىغان ئۇلۇغ ئۆكتەبىر ئىنقىلاۋىنىڭ زەمبىرەك ئاۋازى بىلەن كۆتىرىلگەن 1919 - يىلدىكى «4 - ماي» ھەرىكىتىنىڭ ھارپىسى ئىدى. بۇ دەۋردە جاھاندا بولۇۋاتقان ئۆزگىرىشلەر، دېموكراتىك ئىدىيە، دېموكراتىك ئەدەبىياتنىڭ ئېقىمى ئاباي ئىدىيىسى ۋە پوئېزىيەسىگە تەسىر كۆرسەتمەي قالمىدى. ئاباي رۇسىيىنىڭ دېموكراتىك شائىر - يازغۇچىلىرى پۇشكىن، لېرمونتوپ، كىرىلوۋلارنى ئۇستاز تۇتتى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى قازاق تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، دۇنياغا مەشھۇر شائىر - يازغۇچىلارنى قازاق خەلقىگە تونۇشتۇردى. شەرق ئەللىرىنىڭ «شاھنامە»، «لەيلى مەجنۇن»، «گۆر ئوغلى» قاتارلىق ئاتاقلىق داستانلىرى قازاق دالىلىرىغا ئاباي ئارقىلىق تارىغان. ئېيتايلى، شەرق ئەدەبىياتىنىڭ پېشقەدەم كلاسسىكلىرى — ناۋائىي، نىزامىي، فۇزۇلى، ئەخمەت يەسەۋى ۋە باشقىلار ئۆزلىرىنىڭ دانىشمەنلىكى، ئىنسانپەرۋەر ئىدىيىلىرى، ئىستېتىكلىق كۆز قاراشلىرى بىلەن ئۇلۇغ شائىر ئابايىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتتى. ئاباي باشتا ئۇلارغا تەقلىت قىلسا، ئۆسۈپ ئۇلغايغان مەزگىللىرىدە ناۋائىي، نىزامىنىڭ، رابغۇزى، راشىددىنىڭ، بابۇر، ئەبۇلغازىنىڭ شېئىرىي سەنئىتى، ئۇسلۇبىنى ئىجادىي، تەنقىدى تۈردە قوبۇل قىلدى. ئابايىنىڭ دەسلەپتە ئۇلارغا تەقلىت قىلىپ يازغان شېئىرلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا ئورتاق تىل بولۇپ ھېسابلانغان چاغاتاي تىلىدا يازغانلىقى، كېيىنچە قازاق ئەدەبىياتىغا ئىجادىي تۈردە زور يېڭىلىق كىرگۈزگەنلىكىمۇ بۇنىڭ دەلىلى ئىدى.

ئاباي 1845 - يىلى دۇنياغا كېلىپ، 1904 - يىلى دۇنيادىن ئۆتتى. شائىر قەلىمى قاناتلانغان كۈندىن باشلاپ پاتىرىئار خاللىققا، فېئوداللىزىمغا، زورلۇق - زومبۇلۇققا، ئىزىش ۋە ئېكسپلاتاتسىيىگە، جۈملىدىن، ئەل ئىچىدىكى ئەزگۈچى سىنىپ ۋەكىللىرى بىلەن چارپادىشالىقنىڭ ئاياق ئاستى قىلىشىغا قارشى قەلەم ئارقىلىق كۈرىشىپ كەلگەن يالقۇنلۇق، جەڭگىۋار شائىر،

مەسلەن :

يۈرىكىمنىڭ تۈۋىگە چوڭقۇر بويلا،
مەن بىر سىرلىق ئادەممەن ئۆزى ئويلا
جانجىلى كۆپ، چىغىر يولسىز يەردە ئۆستۈم،
مىڭ بىلەن يالغۇز ئېلىشتىم، شۇنىمۇ ئويلا.

دېگەن قاتتىق ھاياجانلىق بۇ چوڭقۇر پىكىرمۇ مۇشۇ ئىدىيىدىن مەيدانغا چىققان. راست ، ئۇلۇغ شائىر ئاباي ئەنە شۇ قاراڭغۇ، جاھالەتلىك ئەسىردە سىرلىق بولۇپ تونۇلسىمۇ، يېڭى زامان مەدەنىيىتى بىلەن ئەدەبىياتى ئۇچۇن ئۇ سىرلىق ئەمەس، بەلكى بىر پۈتۈن قازاق ئەدەبىياتىغا بوزنى ئېچىپ يول سالغان، قاراڭغۇ ئەسىردە قازاق دالىسىغا نۇر چاچقان چىراق بولدى.

ئاباي ۋە ئۇنىڭ ئىسىل مىراسلىرى قازاق خەلقىنىڭ قەدىمقى دەۋر ئەدەبىياتى بىلەن يېقىنقى دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ دەۋر بۆلگۈچ ئالتۇن ساندۇغى بىلەن ئاچقۇچى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئاباي مىراسلىرىنىڭ ۋاقىت، يەر، مەركەز چېكى يوق. شائىرنىڭ ئورگىناللىقى ئىگە ئىجابىي بايلىقى تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، خۇددى لۇشۇن، پوشكىنغا ئوخشاش خەلققە ئورتاق. شۇنىڭ بىلەن بىر قاتاردا، ئۇ ھەقىقى مىللى شائىر. ئاباي شېئىرلىرى ئەينى زاماندىن تارتىپ بۈگۈنگىچە ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي، تىيانشان، ئېرەنقا، بىرغا ئېتەكلىرىدە ياتقا ئېيتىلىپ كەلمەكتە. ئابايىنىڭ باسما يۈزى كۆرمىگەن كۆپلىگەن شېئىرلىرى مۇشۇ ئەتراپلاردىن تېپىلدى ۋە ھازىرمۇ تېپىلماقتا. ئاباي ناخشىلىرى مۇشۇ ئەتراپلاردا ياڭراپ تۇرماقتا. ئاباي شېئىرلىرىدىن ئۈلگە، روھى ئوزۇق ئالمىغان شائىر - يازغۇچىلىرىمىز يوق دېيەرلىك. مانا بۇ ئاباي پوئېزىيەسىنىڭ جۇڭگو قازاق ئەدەبىياتىنىڭ يېتىلىشىگە ناھايىتى چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئاباي — بىر تۇتاش قازاق ئەدەبىياتىنىڭ ئاتىسى.

شۇڭلاشقىمۇ، يېقىنقى زامان جۇڭگو قازاق ئەدەبىياتىنىڭ تارىخىنى ئۇلۇغ شائىر ئابايدىن باشلاپ، شائىر ئەسەت نايمانباي ئوغلى، تاڭجارىق جولدى ئوغلى باشلىغان زور بىر توپ شائىر -- يازغۇچىنى، خەلق قوشاقچىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئۇلۇغ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان 1949 - يىلغىچە بولغان ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئومۇمى جەريانىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا يېزىشىمىز كېرەك، دەپ قارايمىز.

جۇڭگو قازاق ئەدەبىياتىنىڭ شەكلى مىللى، مەزمۇنى سوتسىيالىستىك يېڭى زامان ئەدەبىياتى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان كۈندىن باشلاپ 1985 - يىلغىچە بول-

غان 35 - يىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى ھەر كىمگە ئايان (جۈملىدىن بۇندىن كېيىنكى ۋاقىتلارغىمۇ ئەدەبىياتىمىزنىڭ تارىخى ئۈزلۈكسىز ئۇلۇشۇپ بارىدۇ). بۇ دەۋردە ئۇلۇغ جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە غەمخورلىقى ئارقىسىدا ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئۆسۈپ - ئۇلغايغانلىقى، بولۇپمۇ 3 - ئومۇمى يىغىنىنىڭ باھار شامىلى ھەر مىللەت ئەدەبىياتىغا زور يۈكسىلىش، مول مېۋە ئېلىپ كەلگەنلىكىنى يوقۇرىدا ئېيتىپ ئۆتتۇق. شۇنىڭ بىلەن بىر قاتاردا، ئازاتلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىدە ھەمدە ئۇنىڭدىن كېيىنكى مەزگىللەردە ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا ھەسسە قوشۇپ كېلىۋاتقان شائىر - يازغۇچىلىرىمىزنىڭ ئىسمىمۇ كۆپچىلىككە ئايان. شۇڭلاشقا، ئۇلارنى بۇ ماقالىدا رەتكە تۇرغۇزۇپ ئولتارمىساقمۇ بولار، دەپ ئويلايمىز.

ئەدەبىياتىمىزنىڭ تارىخىنى مۇشۇنداق چوڭ دەۋر - باسقۇچلارغا بۆلۈپ يېزىش بىلەن بىللە، ژانىرلار بويىچە يېزىش ئىشىنىمۇ ئويلىشىشىمىز كېرەك. چۈنكى بىزدە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭمۇ، يازما ئەدەبىياتىنىڭمۇ يېڭىلىنىشى تارىخى ژانىرلار بويىچە شەكىللەنگەن ۋە شەكىللىنىپ كەلمەكتە. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئومۇمى دائىرىدە تەتقىق قىلىش بىلەن بىر قاتاردا، ئايرىم دەۋرلەر بىلەن ئايرىم ژانىرلارنى ئەتراپلىق تەتقىق قىلىش كېرەك. شۇ چاغدىلا ئەدەبىياتىمىزنىڭ تارىخى تەرەققىياتىدىكى قانۇنىيەتنى توغرا ئېچىپ بەرگىلى، ژانىرلارنىڭ بىرىدىن بىرى مەيدانغا كېلىپ، بىرىگە بىرى تەسىر كۆرسەتكەن ئالاھىدىلىكىنى بىر قەدەر روشەن كۆرسەتكىلى بولىدۇ.

ئەدەبىياتىمىزنىڭ تارىخىنى يېزىشتىكى يەنە بىر ئۇتۇقلۇق مەسىلە — ئومۇملىق بىلەن ئايرىملىق ۋە ئۇلارنىڭ ئۆز ئارا تەسىر كۆرسىتىش مەسىلىسى.

ھەممىگە ئايان، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش — ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۇزۇن دەۋرلەر مابەينىدە، ۋەتىنىمىزنىڭ چوڭ ئائىلىسىدە ئېلىمىزنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنى بىرلىكتە بەرپا قىلىش جەريانىدىكى بىر تەبىئى ئەھۋال. تارىختا ھېچبىر بىر خەلقنىڭ مەدەنىيىتى، جۈملىدىن ئۇنىڭ ئەدەبىياتى يەككە - يېگانە راۋاجلانغان ئەمەس. ئاتاپ ئېيتقاندا، خەنزۇ مەدەنىيىتى ۋەتىنىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر مەدەنىيىتىگە، ئاز سانلىق مىللەتلەر مەدەنىيىتى خەنزۇ مەدەنىيىتىگە تەسىر كۆرسىتىپ كەلدى. شۇنداقلا، بىر پۈتۈن جۇڭگو مەدەنىيىتى بىلەن ئەدەبىياتى دۇنيا مەدەنىيىتىگە، دۇنيا مەدەنىيىتى جۇڭگو مەدەنىيىتىگە تەسىر كۆرسىتىپ كەلدى. تارىختا خەنزۇ شائىرلىرىنىڭ دۇنيا شېئىرىيىتىگە قوشقان ھەسسىسى زور. بۇندىن ئۈچ مىڭ يىل بۇرۇن جۇڭگودا يازما شېئىرلار پەيدا بولغاندا، لىرىكىلىق شېئىرلار خەنزۇ پوئېزىيەسىدىكى ئاساسى ئېقىم بولغان. بۇنىڭ ئىچىدە پۈتۈن ئىنسانلار مەدەنىيىتىنىڭ پەخرى بولغان «شېئىر نامە» ئالاھىدە ئورۇن

تۇتىدۇ. جۇڭگونىڭ ئۇلۇغ شائىرلىرى چۇ يۈەن، تاۋيۈەنمىڭ. لى بەي، دۇفۇ، بەي جۈيى، سۇ دۇڭپولار دۇنياۋى شېئىرىيەت نامايەندىلىرى قاتارىدا تۇرىدۇ. جۇڭگو شېئىرىيىتى تارىختا يىراق شەرق ئەللىرىگىلا ئەمەس، گىرىك، پارس، ئەرەپ، ھىندى مەدەنىيىتى بىلەن شېئىرىيىتىگە ناھايىتى چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن.

قازاقلار يۇرتلىرىدا مەلۇم ۋاقىت ياشىغان لى بەي شېئىرىيىتى، ئىپەك بايانلىرى، مەشھۇر سەييا ھ سىماچيەننىڭ ئۆز دەۋرىدە ئۇيسۇن ئېلىگە ئەلچى بولۇپ كېلىشى ھەمدە ئۇ ئەلدە مەلۇم ۋاقىت تۇرغانلىقى ئۇيسۇن، قاڭلى، ئوغۇز، قىپچاق مەدەنىيىتىگە تەسىر كۆرسەتمەي قالمىغانلىقى ھېچكىمنى ئەجەپلەندۈرمىسە كېرەك.

بولۇپمۇ، ئازاتلىقتىن كېيىن خەنزۇ يازغۇچىلىرىنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى ئەسەر-لىرىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتىغا ژانىر، تۈر، مەزمۇن ھەمدەيېڭى مىتود، يېزىق-چىلىق ئۇسلۇبى، تۇرمۇشنى ئۆگىنىش، پىكىر قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردىن ناھايىتى زور تەسىركۆرسەتكەنلىكىنى ئالا ھىدە ئەسكەرتىپ تولۇق تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىكمىز.

شۇ قاتاردا ئېلىمىزدىكى قېرىنداش ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، ئۆزبەك، تاتار، تاجىك مىللەتلىرى قەدىمقى زامانلاردىن تارتىپلا مەدەنىيەت جەھەتتىن بىرىگە بىرى تەسىر كۆرسىتىپ، بىرىدىن بىرى ئۆلگە ئېلىپ ياشىغان خەلقلەر. بۇگۈنكى تاگدىلا ئەمەس، ئەنە شۇ ئۇرۇق-تايپە دەۋرلىرىدە، يېقىنراق ئېيتقاندا، ئوتتۇرا ئەسىردە، ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغان قېرىنداش خەلقلەرنىڭ مەدەنىيىتى بىلەن ئەدەبىي مىراسلىرىداكۆپ ئورتاقلىقلار بولغان. ئۇلارنىڭ تىل ۋە ئەدەبىياتىنىڭ تۈپ ئاساسى بىلەن باش تومۇرى بىر ئىكەنلىكى شەكسىز. مىسالغا ئالساق، ئورخۇن-يېنسەي، تالاس مەڭگۈ تاشلىرى، يەنى 6 - 7 - ئەسىرلەردىكى تۈرك قاغانى بىلگە قاغاننىڭ، كۆلتېگىننىڭ ھەمدە تۇنيۇقۇقنىڭ توھپە تاشلىرىغا يېزىلغان ئەسلىمە شېئىرلىرى، 8 - 9 - ئەسىرلەردە مەيدانغا كەلگەن «ئوغۇز-نامە»، «قورقوت ئاتا كىتاۋى» («كىتابى دادام قورقۇد») 10 - 11 - ئەسىرلەردە مەي-دانغا كەلگەن « قۇتادغۇبىلىك » ، « تۈركى تىللار دىۋانى »، 12 - ئەسىرلەردە يورۇق كۆرگەن « دىۋانى ھىكمەت »، « ھاكىم ئاتا »، 13 - 14 - ئەسىرلەردە يېزىلغان « قىپچاق كىتاۋى »، « كودېكىس - كۇمانىكىس » ( « قىپچاق تىلى لۇغىتى » ) ، « مۇھەببەتنامە » ، « ئالپامىش » ، « غوجا نەسىرىدىن » قاتارلىق ئىسىل مىراسلار قېرىنداش خەلقلەرگە ئۆز بولۇپكەتكەن ئورتاق غەزنە. شۇنىڭدەك ئوتتۇرا ئەسىرلەردە يېڭى مەدەنىيەت بىلەن ئەدەبىياتنىڭ تۇغىنى كۆتەرگەن كىلاس-سىكلار — فىردەۋسى، نىزامى، ھاپىز، سەئدى، ئىبنى سىنا، فارابى، مەھمۇد قەشقىرى، يۈسۈپ بالا ساغۇنى، خوجەخمەت يەسەۋى، ئەھمەد يۈكنەكى، باقىرغانى، خارەزمى،

رابىخۇزى قاتارلىق ئەدەبىيات نامايەندىلىرى هايات كەچۈردى. ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى بىرتۇققان، قېرىنداش خەلقلەرنىڭ يازما ئەدەبىياتىنىڭ كىلاسسىكلىق ئۈلگىلىرىنى بارلىققا كەلتۈردى ھەمدە ئۆز ئەسەرلىرىنى شۇ چاغدىكى ئورتاق ئەدەبىي تىل بىلەن يازدى. شۇڭلاشقا، كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئالا ھىدە تونۇلغان بۇ ۋەكىللىرى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى قېرىنداش خەلقلەرنىڭ ئورتاق بايلىغى. قېرىنداش خەلقلەرنىڭ ھەممىسى ئۇلارغا ئورتاق ۋارىسلىق قىلىشقا تېگىشلىك.

شۇ قاتاردا مۇنۇ بىر تەرىپىنىمۇ ئېيتىپ ئۆتكىنىمىز مۇۋاپىق، يەنى ئوتتۇرا ئەسىرلەردە، ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغان خەلقلەر تېخى مىللەت بولۇپ شەكىللەنمىگەن بولسىمۇ، ئۇلىما - ئالىملارنىڭ، قەدىمقى ئەدەبىيات ۋەكىللىرىنىڭ ئىجتىمائى هايات، ئۆرپ - ئادەتلىرىگە، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يېرىگە، قايسى تايىپىلاردىن كېلىپ چىققانلىغىغا، ئەسەرلىرىدىكى سۆزلەرنىڭ مايىللىغى بىلەن ئىدىيۋى مەزمۇنىغا ۋە باشقا ئالا ھىدىلىكلىرىگە ئاساسلىنىپ ئولتۇررىپ، شۇ دەۋرلەردە ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغان قايسى خەلققە تەۋە، يېقىنراق ئىكەنلىگىنى ئىلمىي پاكىتلار ئارقىلىق خۇلاسىلاشقا بولۇشى مۇمكىن.

جۇڭگو قازاق ئەدەبىياتىنىڭ قەدىمقى ئەدەبىي مىراسلىرىنىڭ خوشنا ئەللەر بىلەن ئورتاقلىغى بارلىغىنى كىشلەرگە ئايان. ئېيتايلى، جۇڭگو قازاقلىرى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى قازاقلىرى قەدىمقى زامانلاردا بىر پۈتۈن ئەھۋالدا ياشاپ كەلگەن. ئۇلار ئۇزاق تارىخىي جەرياندا قازاق خەلقىنىڭ ئورتاق ئەدەبىي مىراسلىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. شۇڭلاشقا قەدىمقى دەۋردىكى ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ تونۇلغان بارلىق ژانىرلىرى، مەڭگۈ تاشلىرى ھەمدە قەدىمقى يازما ئەدەبىياتىنىڭ بارچە نۇسقىلىرى بىلەن قەدىمقى ئەدەبىي مىراسلار ئىككى مەملىكەت قازاق خەلقىنىڭ ئايرىلماس مۈلكى بولۇپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر قاتاردا، قازاق خەلقىنىڭ ئەقىل - پاراستىدىن مەيدانغا كەلگەن ئىسىل مىراسلار ئەزەلدىن تارتىپ ئىككى ئەل قازاقلىرى ئارىسىغا كەڭ تارىلىپ، يۈرىكىدە تەڭ ساقلىنىپ، ياتقا ئېيتىلىپ كەلگەن. ئالايلى، بەزى يىرىك ئەدەبىي مىراسلار — قازاق خەلقىنىڭ ھەقىقى رومانتىك مۇھەببەت قوشاقلىرىنىڭ بىرى « قىزجىبەك » داستانىنىڭ ئەڭ تولۇق، ئەڭ يىرىك نۇسخىسى، « مىڭ بىر كېچە » بىلەن ئوخشۇشۇپ كېتىدىغان «بەختىيارنىڭ قىرىق پۈتىغى »، « قىرىمنىڭ قىرىق باتۇرى »، « قىرىق ۋەزىر »، « قابانباي »، « بۆگەنباي »، « ئېرسەبەنبەت »، « ئارقالىق باتۇر » غا ئوخشاش كۆپلىگەن باتۇرلۇق قوشاق - داستانلىرىنىڭ ئىلى، تارغاباتاي، ئالتاي، ئېرەنقا بىرغا ئەتراپلىرىدا قەدىمدىن تارتىپ خەلق ئارىسىدا ئېغىزدىن - ئېغىزغا، ئەۋلاتتىن -

ئەۋلاتقا ئۇزلۇكسىز تارىلىپ، داۋاملىشىپ كېلىۋاتقانلىغى ھەممىگە ئايان.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆكتەبىر ئىنقىلاۋىغىچە بولغان ئەدىبىي مىراسلارنى جۇڭگو قازاق ئەدىبىياتىنىڭ تارىخىغا تولۇق كىرگۈزۈپ يېزىشىمىز لازىم. ئۇلۇغ ئۆكتەبىر ئىنقىلاۋى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن ئەھۋال كۆپ ئۆزگەردى. سوۋېت قازاق ئەدىبىياتى مەملىكەتلىك خاراكتىر، مىللى شەكىل، سوتسىيالىستىك يېڭى مەزمۇن ئالدى. شۇندىن ئېتىۋارەن جۇڭگو قازاق ئەدىبىياتىنىڭ تارىخى تەبىئى تۇردە سوۋېت قازاق ئەدىبىياتىدىن ئايرىم بولدى.

ئېلىمىز ئازات بولغاندىن كېيىن جۇڭگو قازاق ئەدىبىياتىدا تۈپ بۇرۇلۇشلار بارلىققا كېلىپ، شەكلى مىللى، مەزمۇنى سوتسىيالىستىك ئەدىبىياتىمىزنىڭ يېڭى دەۋرى باشلاندى. شۇنداقتىمۇ، ئېلىمىز ئازات بولغىچە بولغان مەزگىلدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كىلاسسىك شائىر - يازغۇچىلىرى بىلەن ئۆكتەبىر ئىنقىلاۋىدىن كېيىن ئۆسۈپ يېتىلگەن شائىر - يازغۇچىلىرى ھەممە ئۇلارنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى ئەدىبىياتى، بولۇپمۇ تالانتلىق ئەدىپ مۇختار ئەۋىزۇپنىڭ ئۇلۇغ شائىر ئاباي توغرىسىدىكى يىرىك رومانلىرى جۇڭگو قازاق ئەدىبىياتىغا ھەممە ئۇنىڭ شائىر - يازغۇچىلىرىغا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئۇلگە. ياخشى تەسىر كۆرسىتىپ، ئىلھاملاندۇرۇپ كەلگەنلىكى بىزنىڭ ئېسىمىزدە.

ئەدىبىياتىمىزنىڭ تارىخنى يېزىشتا يەنە بىر مۇھىم مەسىلە — ئاپتورلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىگە باھا بېرىش مەسىلىسى. بۇ جەھەتتە بىز پارتىيىمىزنىڭ تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىش، ھەقىقەتنى ئەمىلىيەتتىن ئىزدەش، ئەمىلىيەتنى ئاساس قىلىشتىن ئىبارەت پرىنسىپىنى ئاساس قىلىشىمىز شەرت. بىلىنىسكىنىڭ تەلىمى بويىچە ئالدى بىلەن ئەدىبىي ئەسەرلەرنىڭ ئىدىيىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش كېرەك. بىر ئەسەرنىڭ ئىدىيىسى مەلۇم دەۋردىكى خەلقنىڭ تارىخىي كۈرىشى بىلەن مەڭگۈ زىچ باغلىنىپ كېلىدۇ. جۈملىدىن ئىدىيە ئەسەرنىڭ مەلۇم دەۋر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى بەلگىلەيدىغان ئۆلچەم. شۇڭلاشقا، بىز ئالدى بىلەن ئەسەرنىڭ ئىدىيىسى، بەدىئىلىگىنى ئوپىراتسىيە قىلىشىمىز كېرەك. ئىدىيە، بەدىئىلىگىگە باھا بېرىش — تارىخىي دەۋرلەردىكى ئەسەرلەرنىڭ ئىدىيىۋىلىگىنى ئىگەللەش بىلەنمۇ زىچ باغلىنىشلىق. ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋىلىگىلا بولۇپ، بەدىئىلىگى بولمىسا ،ياكى بەدىئىلىگىلا بولۇپ، ئىدىيىۋىلىگى بولمىسا ئۇ بەدىئى ئەسەر بولالمايدۇ.

بىز خەلقىمىزنىڭ ھاياتى بىلەن دانالىغى، قەھرىمانلىق كۈرىشى، قانلىق كۆز يېشى، ئەرلىكى، نۇرلۇق كېلەچەك، بەخت ئىزدەش يولىدىكى ئەڭ شىرىن، ئەڭ

گۈزەل ئارزۇ - ئىستىكى، ئەڭ ئېچىنىشلىق تەقدىرى بىلەن دەرت - ئەلىمى، ئادەمـ
گەرچىلىك، ساپ مۇھەببەت يولىدىكى لىرىك تۇيغۇسى مەيدانغا كەلتۈرگەن ئەدەبىي
مىراسلىرىمىزغا ئەسلا سەل قارىمايمىز، بىز ئۇنىڭ شىرنىسى بىلەن جەۋھىرى،
دېنىنى ئوبدان چىقىرىۋېلىپ، خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى، ئەدەبىياتىمىزنىڭ
ئالتۇن غەزنىسىنى تولدۇرۇشىمىز كېرەك.

شۇ قاتاردا، قەدىمقى دەۋرلەردىكى، قازاق ئىسمىلىك خەلق تېخى مەيدانغا
كەلمىگەن، ئۇرۇق - تايپىلارغا بۆلۈنۈپ تۇرلۇك دىنلارغا ئېتىقات قىلىپ، كۆچۈپ -
قونۇپ يۈرگەن زامانلاردىكى ئەدەبىي مىراسلىرىمىزغا ئېتىۋارسىز قارىمايمىز. ئەلۋەت
تە، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئېزىسىز، غۇۋا، تۇتۇق خىياللار، قەدىمى ئېتىقات، دىنىي ئۇقۇم،
فېئودالىزىم ئىدىيىسىنىڭ ساقىندىلىرى چېلىقىپ تۇرىدۇ. لېنىن ئېيتقان ئىككى خىل
مەدەنىيەتنىڭ ئالا مەتلىرى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىمۇ، يازما ئەدەبىياتىدىمۇ ياشاپ
كەلدى. بىراق، ئەدەبىي مىراسلىرىمىزنىڭ ئالتۇن غەزنىسىدىكى بۇنداق نەرسىلەرگە
ۋاقىت، زامان بويىچە تارىخىي ماتېرىيالىزىم نۇقتىسىدىن قارىشىمىز، باھا بېرىشىمىز
كېرەك. قەدىمقى دەۋرلەردىكى مەدەنى مىراسلارغا ھازىرقى زامان تەلىۋى، ئۆلچىمى،
ئىدىيىسى بىلەن قاراش مۇمكىن ئەمەس. بۇ، پەقەت بىزنىڭ سوتسىيالىستىك دەۋرـ
مىزدىكى يازغۇچى - شائىرلارغا ھەمدە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىگە قويۇلىدىغان تەلەپ
ۋە ئۆلچەم، خالاس.

يازغۇچى - شائىرلىرىمىزغا ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىگە باھا بېرىشتىن بۇرۇن قايسى
ئاپتورنىڭ ئەدەبىيات تارىخىغا كىرگۈزۈلىدىغانلىقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش كېرەك.
بىزنىڭ پىكرىمىزچە، يازغۇچى - شائىرلارغا ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىگە باھا بېرىش
مەسىلىسى، مەلۇم ئاپتورغا بېرىلىدىغان باھا مەسىلىسىلا ئەمەس، بەلكى بىر پۈتۈن
مىللەت مەدەنىيىتى تەرەققىياتىنىڭ كۆرسەتكۈچى، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەدەبىيات تارىخىغا
كىرگۈزۈلىدىغان شائىر - يازغۇچىلار جامائەتچىلىككە تونۇلغان، ئىجتىمائىي تەسىرى
بار، ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا ئۆزىنىڭ بىرەر ھەسسە قوشۇپ كېلىۋاتقان،
ئىجادىيەت يولىداكىشىلەر ئۆزىگە خاس ئۇسلۇپ ياراتقان بولۇشى كېرەك.
ئەسەرلەرگە باھا بېرىشتە، ئۇنىڭ مىللى تۈسى، مەزمۇنى، تىلى ۋە ئۆز مىللىتىـ
نىڭ ئەنئەنىۋى ئەدەبىي مىراسلىرىنى قوبۇل قىلىش ئەھۋالى قاتارلىق مىللى
ئالاھىدىلىكلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ باھالىغان مۇۋاپىق. شائىر - يازغۇچىلىرىمىزنى ئەدەـ
بىياتىمىزغا سىڭدۈرگەن ئەمگىكىگە، ئىستاژىغا قاراپ سەپكە تۇرغۇزىشىمىز كېرەك.
جۈملىدىن، بۇنىڭدا مەركەزلەشتۈرۈشمۇ ۋە ئومۇملىقمۇ بولۇشى، ئەسەرلىرى جامائەتـ

چىلىككە ئائىچە تونۇلمىغان، ئىجادىيەت يولى، يېزىقچىلىق ئىستىلى شەكىللەنمىگەن ئاپتورلارنى ئەدەبىيات تارىخىغا كىرگۈزۈش ياكى تەرجىمىھالىنى بېرىش ھاجەتسىز دەپ قارايمىز. قازاق ئاپتورلىرى بىلەن خەنزۇ ۋە باشقا قېرىنداش مىللەت ئاپتورلىرى بىرلىشىپ يازغان ياخشى ئەسەرلەرگە ئەدەبىيات تارىخىدىن مۇۋاپىق ئورۇن بېرىلىشى كېرەك. ئۇ مىللى ئىناقلىقنىڭ سىمۋولى، مىللى دوستلۇقنىڭ جەۋھىرى. ئاپتورلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىگە باھا بېرىشتە ئەمىلىيەتتىن ھالقىغان ھالدا كۆپتۈرۈش، كۆككە كۆتىرىپ مەدھىيىلەشتىن، قۇرۇق گەپ سېتىشتىن ساقلىنىش كېرەك. ئاپتورلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىگە ھەق - ئادىل باھا بېرىش، ئۇلارنى باھالاشتا شائىر - يازغۇچىنىڭ ئىسمىغا ئەمەس، ئەسىرىگە (ئىجابى ۋە سەلبى تەرەپلىرىگە) قارىغان دۇرۇس. بەدىئى ئەسەر خەلقىنىڭ مەنىۋى ھاياتىنىڭ گۈلى ۋە مۇۋىسى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭغا باھا بەرگەندە ئالدى بىلەن رىياللىغى ۋە ئەۋزەللىگى نۇقتىسىدىن قاراش، ئادىل بولۇشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك.

ئەدەبىياتىمىزنىڭ ماركسىزىم - لېنىنىزىملىق ئىلمىي ئاساستىكى تۇنجى تارىخىنى يېزىپ چىقىشتا ئەدەبىيات ساھەسىدىكىلەر ۋە كەڭ جامائەتچىلىك بىلەن پىكىرلىشىپ باقساق، دىگەن سەمىمى ئوي بىلەن قەلەم تەۋرەتتۇق. بىز بۇ ماقالىمىزدا جۇڭگو قازاق ئەدەبىياتىنىڭ تارىخىنى يېزىشنىڭ شەرت - شارائىتى بىر قەدەر پىشىپ يېتىلگەنلىگىنى، ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئالتۇن غەزنىسىدىكى بار - يوقنى، ئەدەبىياتىمىزنىڭ دەۋر، باسقۇچلارغا بۆلۈنۈشىنى، ئەدەبىي مىراسلارغا بولغان تونۇش ۋە بەزى پرىنسىپلىق مەسىلىلەرنى، ئەدەبىي مىراسلىرىمىزدىكى ئومۇملىق بىلەن ئايرىملىقنى، شائىر - يازغۇچىلىرىمىز بىلەن ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىگە باھا بېرىش ۋە باشقا نەزىرىيىۋى مەسىلىلەرنى قىسقىچە بايان قىلدۇق. پىكرىمىزدە نۇقسان يوق دەپ ئېيتالمايمىز. بوۋىلارنىڭ «كېڭەشلىك ئىش بۇزۇلماس» دىگەن دانا سۆزى بار، ئەمدىكى گەپ كۆپنىڭ پىكىر مەسلىھەتىدە.

قازاقچىدىن ئىمىنجان ئەخمىدى تەرجىمە قىلدى



سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى مىللەتلەر مەدەنىيەت سارىيىنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى

# شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى

# 新疆社会科学




تۈزگۈچى ۋە نەشر قىلغۇچى: شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى تەھرىر بۆلۈمى

(ئۈرۈمچى بېيجىڭ كوچىسى، تېلېفون نومۇرى 37937)

شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ.

(مەملىكەت ئىچىدە ئوچۇق تارقىتىلىدۇ)

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ

قەرەللىك ژۇرناللارنى تىزىملاش نومۇرى №302

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى 81 — 58.

---

باھاسى: 0.60 يۈەن